
ئەنۋەر سەمەد قورغان



# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەنۋەر سەمەد قورغان
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-09926-5
ISBN 7 - 228 - 09926 - 5
（民文）定价：19.00元

ئەنۋەر سەمەد قورغان

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔族传统道德/艾尼瓦尔·赛买提著. —乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2006.3
ISBN 7-228-09926-5

Ⅰ.维… Ⅱ.艾… Ⅲ.维吾尔族—道德规范—研究—
中国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.B28-092

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 022312 号

责任编辑：阿合买提·木明·塔里米
责任校对：阿依古丽·沙比提
封面设计：米拉丁·阿比提

维吾尔族传统道德（维吾尔文）
艾尼瓦尔·赛买提 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 10.125 印张 2 插页
2006 年 3 月第 1 版 2006 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—4000

ISBN 7-228-09926-5 定价：19.00 元

# نەشرىياتتىن

ئەخلاق — ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ مىزانىدۇر. ھەربىر مىللەتنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى ئەخلاق بىلەن قارار تاپىدۇ، ئەخلاق ئارقىلىق تىزگىنلىنىدۇ، ئەخلاق ئارقىلىق سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ. تارىختىن بۇيان ھەر بىر مىللەت ئۆزىگە خاس ئەخلاقى ئارقىلىق ئۆز جەمئىيەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ كەلگەن، ئەخلاقنى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىگە ئايلاندۇرغان. بۈگۈنكى دەۋردە ھەر بىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى پەۋقۇلئاددە ئورنى ۋە رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۇنى قەدىرلەش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ساھەلىرىدە كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە.

ئۇيغۇرلار گۈزەل ئەخلاققا ئىگە مىللەتتۇر. ئۇيغۇرلار تۈرلۈك تارىخىي جەريانلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىنى شەكىللەندۈردى، ئۇنى بېيىتتى، ئۇنى چوڭ ئىجتىمائىي ئىلىم تەرزىدە تۇتۇپ تەتقىق قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتى بىلىشى، ۋارىسلىق قىلىشى ھەم ئەمەلىيىتىدە ئىجرا قىلىشى زۆرۈر بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ھەم ھاياتلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىر خىل روھىي مەدەنىيەت سەمەرىسىدۇر.

تارىختا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىقىپ ئەخلاق دەستۇرلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان ئەبۇ نەسىر فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلىشىر نەۋائى، ئامانىسساخان، مۇھەممەد سىدىق رەشىدى، مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، ئابدۇقادىر داموللا... كەبى ئالىم ـ ئەدىبلەر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزنىڭ ئىجراچىلىرى ۋە تەشەببۇسچىلىرى بو-

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار قەدىمىي ، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر .
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مىللەت گەۋدىسىنىڭ زورىد-
يىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر ئاڭ فورماتسىيىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە
ئۇيغۇر ئەخلاقىمۇ خۇددى نۇرغۇن مەدەنىيەت ساھەلىرىگە ئوخشاش ،
تەدرىجىي شەكىللەنگەن ، تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن .
ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى ، كەسپىي تۇرمۇشىنى
ۋە ئاممىۋى تۇرمۇشىنى ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئۈ-
نۈملۈك تەرزدە تەڭشەش ، ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مۇساپىسىدە ، ئېسىل
ئائىلە ئەخلاقى ، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق (جامائەت
ئەخلاقى ) نى شەكىللەندۈرگەن . بۇ ئۈچ تەرەپتىكى ئەخلاق بىر -
بىرىدىن پەرقلىق ۋە بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا ، ئۇيغۇر
ئەخلاقىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ، ئۇلار
ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئوخشى-
مىغان نۇقتىدىن ئايان قىلىپ بېرىدۇ . ئائىلىۋى ئەخلاق ساھەسى-
دە ، ئۇيغۇرلاردا ئېسىل ئائىلە مىزانى ، ساغلام نىكاھ ئەخلاقى ۋە
جىنسىيەت ئەخلاقى نورمىلىرى بار ؛ پاكىزلىق ۋە تازىلىققا ئەھمى-
يەت بېرىدىغان ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئېڭى بار ؛ تىرىشچانلىق ، ئىقتى-
سادچىللىق ، كۆرەشچانلىق ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ روناق تېپىش-
تەك ئەخلاق نورمىسى بار . كەسپىي ئەخلاق ساھەسىدە ،
ئېلىم - بېرىمدە ، سودا - سېتىقتا ئادىل بولۇش ، ساختىلىق
ۋە يالغانچىلىققا قارشى تۇرۇش ، كىشىنىڭ ھەققىنى ئىگىلىۋالماس-
لىق ، ھۈنەرگە ئىخلاس قىلىش ... تەك سودا - ھۈنەر ئەخلاقى
بار ؛ جامائەت ئەخلاقى ساھەسىدە ، يامانلىققا قارشى تۇرۇپ ياخشى-



لۇپلا قالماي ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەخلاق تەتقىقاتىدا مەڭگۈ ئۆرنەك
قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەرلەرنى قالدۇرغۇچىلاردۇر . زامانىمىزدى-
كى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى بارىسىدا بىر قاتار ئەسەرلەر
ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئەسەرلەر كۆپىنچە ئەجدادلى-
رىمىزنىڭ دىداكتىك نەسىھەت ئەنئەنىسىگە ياندىشىش بىلەن كۇپا-
يىلەندى . ۋەھالەنكى ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى ھازىرقى زامان
ئېتىكا ئىلمى نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق شەرھلەش — تولدۇرۇش
زۆرۈر بولغان بىر بوشلۇق ئىدى . مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى
ئەخلاقىنىڭ پەيدا بولۇشى ، تارىخىي جەريانىنى ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى
ئەخلاقىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى ۋە كاتېگورىيىلىرىنى ، شۇنداقلا
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئۈچ چوڭ ساھەسى بولغان جامائەت
ئەخلاقى ، ئائىلە — نىكاھ ئەخلاقى ۋە كەسپىي ئەخلاق قاتارلىق
مەسىلىلەرنى ئېتىكا ئىلمى نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق يورۇتۇپ
بەرگەن ئەسەر بولۇش سۈپىتىدە ، مەزكۇر بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا
تاشلانغان سالماق بىر قەدەمدۇر . بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز
ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى ئىلمىي نۇقتىدىن چۈشىنىشكە سۇنۇلغان بىر
نەتىجە بولۇپلا قالماي ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئېلىمىزدە يولغا قويۇلۇ-
ۋاتقان «دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ئىستراتېگىيى-
سى ۋە شۇنىڭ جۈملىسىدىكى «سوتسىيالىستىك شەرەپ - نومۇس
قارىشى» غا ياندىشقان تولۇقلىغۇچى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئە-
گەكتۇر .

بۇ ئەسەر بىر قانچە يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنىڭ
مەھسۇلى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى تەتقىقاتىدىكى يى-
رىك نەتىجە بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى
ئەخلاقىدىن ئىبارەت بۇ زور خەزىنە خېلى مۇپەسسەل ئېچىپ بېرىل-
گەن . بۇ ئەسەرنىڭ تۈرتكىسىدە ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر
ۋە ئەتراپلىق ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ روياپقا چىقىشىدىن ئۈمىد-
ۋارمىز .

2006 - يىلى 3 - ئاي

لىق قىلىش ، كەمبەغەللەر ، يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەشتەك ئەنئە-
نىۋى ئەخلاق بار ھەمدە ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتكە ئېتىبار بېرىپ ، تەبىئەت مۇھىتىنىڭ ئۇيغۇنلۇقى ، تەرتى-
پىنى قوغداشتەك ئەخلاق ئېڭى بار . بۇ ئېسىل ئەخلاقلار ھامان
ھەربىر جەمئىيەتتە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئەخلاقىي تەلەپلەر بى-
لەن بىردەكتۇر . بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ
ياشاش مۇھىتى ۋە شارائىتىغا يارىشا ، ئىشەنگەن دىنلىرىنىڭ ئەخ-
لاقىي نورمىلىرىغا ئاساسەن شەكىللەندۇرگەن ، شۇنداقلا نۇرغۇن
ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ، پەيلاسوپلىرى ۋە ئەدىبلىرىنىڭ ئەخلا-
قىي تەشەببۇسلىرى بىلەن قۇۋۋەت تاپقان ھەم سىستېمىلاشقان
ئىدىيە جەۋھەرلىرىنى ، ئاشۇ ئىدىيە جەۋھەرلىرىنىڭ ئەمەلىيەت
جەريانىدا ماددىيلاشقان ھەرىكەت - قىلىق توغرىسىدىكى نورما ،
بەلگىلىمە ، قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ يىغىندىسىنى ، قىسقىسى ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئائىلە ، كەسىپ ، جەمئىيەت ساھەلىرىدىكى ئۇزاق تا-
رىختا ئىگە ئېسىل ئەخلاقلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى
دەپ ئاتايمىز . بۇ ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاق ھەربىر دەۋردە ۋە
جەمئىيەتتە قېزىپ چىقىشقا ، ئەۋج ئالدۇرۇشقا ھەم تەشەببۇس
قىلىشقا ئەرزىيدۇ .
ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى مەخسۇس تېما
سۈپىتىدە تۇتۇپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى سىستېمىلىق ئېلىپ
بېرىلمىغانىدى . 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن ،
ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە بىر قىسىم كلاسسىك ئەسەرلەرگە
قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئىچىدە ، قىسمەن ئەخلاقىي مەز-
مۇندىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە بەزى ئەخلاقشۇناسلارنىڭ ئىدى-
يىسى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەردە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ھەققىدە
گەپ بولۇنغان بولسىمۇ ، بىراق بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەخلاقى بىر
گەۋدە ياكى سىستېما سۈپىتىدە ئىلمىي ، سىستېمىلىق تەتقىق قى-
لىنىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى . ئەمما ، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات-



چىلىرى ، فارابى تەتقىقاتچىلىرى ... ئومۇمەن ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىغا ئالا-
قىدار ئىدىيە ، ئەسەر ، شەخس مەسىلىلىرى خۇسۇسىدا پارچە -
پۇرات بولسىمۇ ، لېكىن قىممەتلىك نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈر-
دى . بۇنىڭ ئىچىدە مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ
«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى » ، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنى-
سى » ۋە «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى » ناملىق ئەسەرلىرىدىكى ئەخلاققا
ئائىت مۇلاھىزە ۋە بايانلارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ .
يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى ئۇيغۇر ئەخلاقىي ئىدىيىلىرىنىڭ يورۇتۇلۇ-
شى ، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ
مىللىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى بويىچە تۆھپە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .
بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۈستىدە توختالغان ۋاق-
تىمىزدا ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىش مەسىلى-
سىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىمىز . ئۇيغۇر ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ
شەكىللىنىشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە . يەنى ، ئۇيغۇر
ئەخلاقى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ، ئۆزلىرى ئىشەنگەن دىنلار-
نىڭ قائىدە - مىزانلىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمى-
سى (ئىجتىمائىي تەشكىللىنىش شەكلى ) بىلەن چەمبەرچاس باغ-
لانغان . بۇ مەسىلىگە نەزەرىيە نۇقتىسىدا تۇرۇپ جاۋاب بېرىش
كېرەك .
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە مەز-
مۇنىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىكلى-
رىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ : بىرىنچى ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلا-
قىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇرلار تارىختا ئىشەنگەن كۆپ خىل
دىنلارنىڭ ، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى مۇھىم
مەنبە قىلغان . ئىلگىرىكى دىنلار ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى
ۋە مۇكەممەللىشىشىگە زور تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا ،
ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق ئاساسىي ئەقىدىسى بولۇش

سۈپىتىدە ، ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلىنىشى ۋە مەزمۇنىنىڭ كېڭىيىشى ، بېيىشىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن ؛ ئىككىنچى ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇيغۇرلاردا ھازىرغا قەدەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئولتۇراق دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدە تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ھالدا شەكىللەنگەن ئەخلاقىي قاراشلار ۋە غايىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ . شۇڭلاشقا ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى دىنىي ئەخلاق بىلەن تۈرك مىللىي ئەخلاقىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان سىستېمىدۇر ؛ ئۈچىنچى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن . ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىدىن چىقىپ ، مىللىي ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ھازىرلاپ تۇرغان ، دەل مۇشۇنداق مىللىي ئۇيۇشقاقلىق ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى مەنىۋى باغلىنىش كۈچى بولۇپ قالغان ؛ تۆتىنچى ، مىللىي ئەخلاق نورمىلىرى جەھەتتە ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى نورمىلار تولىمۇ ئېنىق ۋە تەرتىپلىك . ئۇيغۇرلار تارىخىدا نۇرغۇن ئىلىم ساھىبلىرى ، ئەخلاقشۇناسلار ۋە ئەدىبلەر مەخسۇس ئەسەر پۈتۈش شەكلى بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى ، جۈملىدىن ئەخلاق نورمىلىرىنى ، ئەخلاق قاراشلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلىگەن ، تونۇشتۇرغان ، تەشەببۇس قىلغان . ئىلگىرىكى ئەخلاق نورمىلىرىدىكى ئېنىقسىزلىق ، چېچىلاڭغۇلۇق ، ساددىلىق ئەھۋاللىرىنى ، ئۆزى پەيدا بولۇپ يەنە ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدىغان ھادىسىلەرنى مەلۇم دەرىجىدە يېڭىپ ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى زور دەرىجىدە سىستېمىلاشتۇرۇپ ، ئۇنى مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى ياكى نېگىزىگە ئايلاندۇرغان .



ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئەخلاقىي تەربىيىگە بەك ئېتىبار بېرىپ كەلگەن . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى تەربىيە شەكىللىرى ۋە تەربىيە يولى ئاساسەن ھەربىر كىشىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا چوڭلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ۋە ئۈگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلىش ھەمدە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۇلارنى كەسكىن تەرزدە ئىجرا قىلىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ، ئەخلاقىي تەلىمات تىكلەپ ، دىداكتىك ئەسەر يېزىپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش ، ئەخلاقىي نەمۇنە تىكلەشتىن ئىبارەت . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىسى ئىچىدىكى يۇقىرىقى ئۇسۇل ۋە يوللار باشقا مىللەتلەردىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كەسكىن ۋە ئىزچىل . ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ئەخلاقىي تەربىيىسىدە ، پەرزەنتلەرنىڭ گۈزەل ئائىلىۋى ئەخلاق يېتىلدۈرۈشى تەلەپ قىلىنىپلا قالماستىن ، يەنە جامائەت ئەخلاقى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى تەدرىجىي قوبۇل قىلىشىمۇ كۈچلۈك تەكىتلىنىدۇ .

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى تەتقىق قىلغاندا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ :

1 . ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا ئىنتايىن مول مەزمۇن بولىدۇ . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . ئەمما ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى شەكىللەنگەن ، شۇنداقلا كۆپ خىل سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ ھەم كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان . ئۇنىڭدا ھامان جەۋھەرلەرمۇ ، بەزىبىر شاكاللارمۇ بار . ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئىچىدىكى بارلىق نورمىلار دەۋر ئۆزگىرىشىگە مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ . ئەلۋەتتە ، مىللەت تەرەققىياتىدا ، ئىجتىمائىي يۈكسىلىشكە پايدىلىق بولغان ئەخلاقىي نورمىلار ئىلغار بولىدۇ ، پايدىسىز بولغىنى پاسسىپ بولىدۇ . ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى دەۋر تەلىپى ، تە-

رەققىيات تەلىپى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇق تەلىپى بىلەن ھېسابلاشماي
بىراقلا قوبۇل قىلىش ، تەشەببۇس قىلىش ، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى
ئەخلاقنى قارىغۇلارچە ئىنكار قىلىشتەك ئىككى خىل قىلمىش
خاتادۇر .
2 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى بىلەن دىنىي ئەخلاقنىڭ مۇنا-
سىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك . بۇ ئىككىسى ھەم مۇنا-
سىۋەتلىك ، ھەم پەرقلىقتۇر . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىغا ئاددىيلا
نەزەر سالغاندا ، ھەممە ئەخلاق نورمىلىرى گوياكى ئىسلام ئەخلاقى-
نى مەنبە قىلغاندەكلا تۇيۇلىدۇ . بۇ مەسىلىدە ئىسلامىيەتتىن بۇ-
رۇنقى دىنلارنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىگە
كۆرسەتكەن تەسىرىنى سەل چاغلاشقا ياكى نەزەرگە ئالماسلىققا
بولمايدۇ . ئۇنىڭدىن قالسا ، بىر مىللەتنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرى-
نىڭ شەكىللىنىشىنى پۈتۈنلەي دىنغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئەقىلگە
مۇۋاپىق ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ، ياشاش ئېھتىياجى ، تەرەققىيات
ئېھتىياجى ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ، مەرىپەت دەرىجىسى ... ھامان
ئەخلاقنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ . ئۇيغۇر ئەن-
ئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىمۇ مۇشۇ ئەھ-
ۋال مەۋجۇت . شۇڭلاشقا ، دىنىي ئەخلاق بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى
ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مەنبە بىلەن ئېقىن ، ئىچكى مەنىۋى
كۈچ بىلەن تاشقى تەسىرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىلمىي تەرزدە جاۋاب
بېرىشكە توغرا كېلىدۇ .
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەت-
كە ئىگە ئىشتۇر . دەرۋەقە ، ھازىرقى زامان ئۇچۇر تېز ئالمىشىۋات-
قان ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئالاقىلەر كۈن-
سايىن قويۇقلىشىۋاتقان ، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يىتى سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچراۋات-
قان ، ھەر بىر جەمئىيەت ۋە خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنى-



يىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن جاھان مىللەتلىرى قاتارىدا خاسلىقى-
نى يوقاتمىغان ھالدا ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى نا-
زۇك تاللاشقا بارغانسېرى كۆپ دۇچ كېلىۋاتقان بىر دەۋردۇر .
شەكسىزكى ، بۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يۈزلىنىش
بارغانچە روشەنلىشىدۇ . مۇشۇنداق پەيتتە ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز
ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇگۇت - نەسىھەتلەر بىلەن كۇپايىلىنىپ
قالماي ، بەلكى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاق مەدەنىيىتىنى
نەزەرىيە دەرىجىسىدە شەرھلەش ، تەشەببۇس قىلىش ، ھازىرقى زا-
مان مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە
كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە . دېمەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى
ئەخلاقىنى نوقۇل پەند - نەسىھەت شەكلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئىل-
مىي رەۋىشتە شەرھلەش ئاللىقاچان زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان ئىشتۇر .
ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھازىرقى زاماندا ھەر قايسى مىللەت ۋە دۆلەتلەر
بىر جەمئىيەتنى تىزگىنلەشتە نوقۇل قانۇن ۋە سىياسىي ۋاستى-
لەرنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى بارغانچە چوڭقۇر تونۇپ يې-
تىپ ، ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتنى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتەك
ئىستراتېگىيىنى ئوتتۇرىغا چىقارماقتا . مۇشۇنداق پەيتتە ، بىز
ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان پەزىلەتلىك جەمئىيەت ۋە
بەختىيار دۆلەت تەسۋىرىنى سىزىپ بەرگەن ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە
يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەقىقەتەن يىراقنى
كۆرەرلىكىدىن ۋە دانىشمەنلىكىدىن زوقلانماي تۇرالمايمىز . دې-
مەك ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئىچىدىكى ئېسىل تەركىبلەرنى
بايقاپ ، ئۇلارنى ئىلمىي رەۋىشتە ئاۋامغا قايتا سۇنۇش ئارقىلىق
ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش دۆلىتىمىزدە ۋە شىنجاڭدا
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپى
ھەم دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ
ئېھتىياجىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ .

# مۇندەرىجە


1 - بۆلۈم ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات مۇساپىسى ...... 1

1 . «ئەخلاق» ئۇقۇمى ۋە ئەخلاق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... 1

2 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى ...... 11

3 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇيغۇر دىداكتىكا ئەنئەنىسى ۋە تارىخىمىزدىكى ئەخلاق تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ...... 23

2 - بۆلۈم ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىجتىمائىي رولى ...... 70

1 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ...... 70

2 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ...... 83

3 - بۆلۈم ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپ ۋە كاتېگورىيىلەر ...... 93

1 . ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپ ...... 94

2 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى كاتېگورىيىلەر ...... 105

4 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى جامائەت ئەخلاقى ...... 140

1 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقى ...... 141

2 . ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاقە ئەخلاقى ...... 170

3 . ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىت ئەخلاقى ...... 187




روشەنكى، نۆۋەتتە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ھازىرقى زامان ئەخلاقى ئوچۇق سىستېما بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقى چەتكە قېقىلماستىن، ئەكسىچە ئاكتىپ تەرزدە قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە جارى قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى ئېسىل تەركىبلەر بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىش ھەم ئۇنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەش مۇمكىنىيىتى بار. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى جەۋھىرى، ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كۆرۈنمەس ئىچكى مىزانى، ئۇيغۇر خاراكتېرىنىڭ لاتاپەتلىك خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ قىممىتىنى تولۇق تونۇشتا، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ روھىي قانۇنى تەرزىدە ساقلاپ قېلىشتا، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى چوڭقۇر قېزىش، تەتقىق قىلىش، تەشەببۇس قىلىش كۆپ ئەھمىيىتى بار ئىشتۇر.

قىسقىسى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ سىستېمىلىق قېزىلىشى ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا، ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشكارا قىلىش ھەم قوغداپ قېلىشتا زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كىتاب ئەنە شۇ مۇشكۈل، ئەمما قىممەتلىك خىزمەت خۇسۇسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇنۇش ھەم دەسلەپكى نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5 ـ بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە ـ
نىكاھ ئەخلاقى ........................................ 201
1 . ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئەخلاقى .............................. 205
2 . ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى ...... 215
3 . ئائىلىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى-
دىكى ئەخلاق نورمىلىرى .............................. 226

6 ـ بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپىي
ئەخلاقى ............................................ 237
1 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپىي ئەخلاقى ۋە ھۈنەر ـ
كەسپ رىسالىلىرى .................................. 237
2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپىي ئەخلاقىنىڭ
تىپلىرى ............................................ 248
3 . ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەت ئەخلاقى ............... 263

7 ـ بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەر-
بىيىسى ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى ............... 279
1 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى ........................ 279
2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى .................. 291

پايدىلانغان ماتېرىياللار ..................................... 305
ئاخىرقى سۆز ............................................ 309





# 1 ـ بۆلۈم

## ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات مۇساپىسى

### 1 . «ئەخلاق» ئۇقۇمى ۋە ئەخلاق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئومۇملاشقان قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ، ئەخلاق — ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇ مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت ـ قىلىق ئۆلچەملىرى ۋە مىزانلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئەخلاقتا ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، ھەققانىيەت ۋە شەخسىيەتچىلىك ، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك ، سەمىمىيەت ۋە ساختىلىق قاتارلىق ئەخلاقىي ئۇقۇملار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ھەرىكەت ـ قىلمىشلىرى باھالىنىدۇ ؛ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتلەر تەڭشىلىدۇ ؛ ھەرخىل شەكىلدىكى تەربىيە ئۇسۇلى ھەم جامائەت پىكرىنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەردە مەلۇم خىلدىكى ئەقىدە ، ئادەت ۋە ئەنئەنە شەكىللەندۈرۈلىدۇ . ئەخلاق ھەممە مىللەتلەردە مەۋجۇت ئۇقۇم بولسىمۇ ، ئەمما ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشىمىغانلىقتىن ھەمدە تۈرلۈك تىللاردىكى ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن ، ئەخلاق ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار ھەرقايسى مىللەتلەردە ئوخشىمايدۇ .

ھازىر خەلقئارادا ئەخلاق ئۇقۇمى «ئېتىكا» دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا. «ئېتىكا» (ethics) سۆزى گرېك تىلىدىكى «ethos» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ethos» نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ماھىيەت»، «مىجەز - خاراكتېر» ۋە «ئۆرپ - ئادەت» دېگەنلىك. ھازىر خەلقئارادا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان «ethics» سۆزى ئىككى مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىرى، مەخسۇس ئەخلاقنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، ئەخلاقنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ياكى ئەخلاق ئۇقۇمى بىلەن تەڭداش مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەخلاق» ئاتالغۇسى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مەزكۇر ئۇقۇمنى «ئەردەم» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋە گابائىن خانىم تەرىپىدىن رەتلەنگەن ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان «ئېدرەملىك كىشىلەرىگ ئاياغىل» (پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ھامىيلىق قىلغىن) جۈملىسىدىكى «ئېدرەم»، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ئەردەمسىز قۇت چەرتىلۇر» (ئەردەمسىزدىن قۇت كېتەر، يەنى پەزىلەتسىز ئادەمدىن بەخت - دۆلەت كېتىدۇ)①، «يۈزگە كۆرمە، ئەردەم تىلە» (يۈزگە قارىما، ئەردەمنى تىلە)②، «ئەردەم باشى تىل» (ئەردەمنىڭ بېشى — تىل)③ قاتارلىق جۈملىلەردىكى «ئەردەم» سۆزى «پەزىلەت، ئەخلاق، ئەدەپ» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر قاتارىدا «ئەخلاق»، «پەزىلەت» ۋە «ئەدەپ» سۆزلىرى مەنە جەھەتتىن يىراق - يېقىن بولۇشىغا قارىماي، «ئەردەم» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدىن يىراقلاشتۇرغان ھەمدە ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەردە دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان سۆزلەردىن بولۇپ قالغان.

ئەرەب تىلىدىكى «ئەخلاق» (اخلاق) سۆزى «خۇلق» (خلق)





سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى «خۇلقلار» دېگەنلىكتۇر. ۋەھالەنكى «خۇلق» (خلق) نىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى بولسا «ساپا، تەبىئەت، مىجەز، خۇي» دېگەنلىكتۇر. شۇ بويىچە بولغاندا «ئەخلاق» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى كۆپ ئادەمنىڭ ساپاسى، مىجەز - خۇيى ياكى بىر ئادەمگە خۇي - پەيل بولۇپ قالغان ھەرىكەت ۋە قىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنچە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، ئۇ كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش رولىنى ئۆتەيدىغان ھەرىكەت - قىلىق مىزانى ياكى ئادەمنىڭ ھەرىكەت - قىلىقىدا نىسپىي تۇراقلىشىپ قالغان ھالەتنى كۆرسىتىدىغان بولدى. ئەرەب تىلىدا «ئەخلاق» سۆزى ھەرىكەت - قىلىققا نىسبەتەن باھا مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. ئۇنىڭدىن سەلبىي ياكى ئىجابىي مەنە ئۇقۇلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىلدىكى ھەرىكەت - قىلىقىغا نىسبەتەن «ياخشى ئەخلاق» ياكى «يامان ئەخلاق» دېگەن سۆزلەر بىلەن سۈپەت بېرىلگەندە، ئاندىن ئۇ باھا خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئەخلاق» سۆزى يالغۇز ھالەتتە كۆپىنچە ھەرىكەت - قىلىقتىكى ئىجابىي ئامىللارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا «ئەخلاقلىق» سۆزى ئىجابىي مەنىگە ئىگە قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرىكەت - قىلىق جەھەتتە سەلبىي سۈپەت ھازىرلىغان شەخسلەرگە «ئەخلاقسىز» دېگەن سۆز ئارقىلىق باھا بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا «ئەخلاق» بىلەن بىر قاتاردا يەنە «ئەدەپ» ۋە «پەزىلەت» سۆزلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. «ئەدەپ» ئەرەبچە سۆز «ادب» دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەنىسى «ئەدەبىيات، نازاكەت، ئىسىللىق، يوسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا ھەرىكەت - قىلىق جەھەتتىكى نازاكەت، ئىسىللىق، يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. «پەزىلەت» نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئارتۇقچىلىق» دېگەنلىكتۇر. كېڭەيگەن مەنىدە ئۇ شەخسنىڭ

ھەرىكەت ـ قىلىق سۈپىتى جەھەتتە مۇئەييەن ئارتۇق تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغان .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەدەپ» ، «ئەخلاق» ۋە «پەزىلەت» سۆزلىرى ئاساسەن ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى بىلەن ئۆزلىشىپ ، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئەردەم چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ئاتالغۇلار سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلماقتا . يېقىنقى مەزگىللەردە ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان «ethics» (ئېتىكا) سۆزى ئاساسەن ئەخلاقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئۆزلىشىپ ، تەدرىجىي كەڭ قوللىنىلماقتا .

ئەخلاق — ئىنسانلارغا خاس ھەرىكەت قائىدىسى . ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچىدا ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە مەۋجۇت بولىدۇ . چۈنكى ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيىتى جەمئىيەت (يەنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر) ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ھەمدە تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆز نىزاملىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ، جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىسىز قىلمىشلارنى چەكلەش زۆرۈرىيىتىدىن ھەرخىل ھەرىكەت ـ قىلىقلارنى تەڭشەپ ، چەكلەپ تۇرىدىغان قائىدە ـ ئۆلچەملەر سۈپىتىدە ئەخلاق تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ . ئەخلاق — ئالاھىدە ھەرىكەت قائىدىسى بولۇپ ، ئۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى باھالاش ، جامائەت پىكرىگە تايىنىش ، ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئىچكى ئېتىقاد ئارقىلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ، شۇنىڭدەك شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ھەرىكەت ـ قىلىق قائىدىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر . ئەخلاق ھەربىر دەۋردە ئىجتىمائىيلىق ، نىسپىي مۇقىملىق ۋە قائىدىلىكلىكتىن ئىبارەت تۈپ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، ئەخلاق ئۇقۇمى ۋە ئەخلاقىي مىزانلار





مۇئەييەن جەمئىيەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ ، شۇ جەمئىيەتنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ . ئەخلاقتا قوللىنىلىدىغان ۋاستىلەر نىسپىي مۇقىم بولىدۇ . ئەخلاقتا ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۆلچىمى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىنىدۇ ، باھا بېرىلىدۇ ھەمدە ئەنئەنىۋى ئادەتكە ، جامائەت پىكرىگە ۋە ئىچكى ئېتىقادقا تايىنىپ باھا بېرىش ، بۇيرۇق چۈشۈرۈش ، تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ، يېتەكچىلىك قىلىش ، نەمۇنە كۆرسىتىش ، تەسىرلەندۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى نورماللىق ۋە ئوتتۇرا ھاللىق تەكىتلىنىدۇ . ئەخلاق شەكىللىنىش بىلەنلا كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش داۋامىدا ، كىشىلەرگە ئۈن ـ تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش ۋە قەلبىگە ئىچكىرىلەپ سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق ئادىمىيلىك ھېسسىيات ۋە ئېتىقاد (جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد) بىلەن بىرلىشىپ ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ . بۇنداق ئادەت ۋە كەيپىياتلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي پسىخىكا بىلەن ناھايىتى ئاسانلا بىرلىشىدىغان بولغاچقا ، ئۇ بىر قەدەر تۇراقلىق بولىدۇ . ئەمما ، بۇ ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ھەمدە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ مەلۇم ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقىنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس . ئەخلاقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى مەلۇم ئورتاق قائىدىلەرگە ئىگە بولىدۇ . ئەخلاقنىڭ مەزمۇنى سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ . ئوبيېكتىپ جەھەتتە ، ئۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغا قويىدىغان ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ، جۈملىدىن ئەخلاقىي مۇناسىۋەت ، ئەخلاقىي غايە ، ئەخلاقىي ئۆلچەم ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىنچىكىلەشتۈرۈلىدىغان بولغاچقا ، سىياسىي ئەخلاق ، كەسپىي ئەخلاق ، نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقى ۋە جامائەت ئەخلاقى … بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . سۇب-

يېكتىپ جەھەتتە، ئەخلاق ھەرىكەت ۋە پائالىيەت ئىگىسى بولغان
ئادەمنىڭ ئەخلاقىي ئېڭى، ئەخلاقىي ھۆكمى، ئەخلاقىي ھېسسىيا-
تى، ئەخلاقىي ئىرادىسى، ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى ۋە پەزىلەتلىك
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شەخسلەردىن ئەخلاقنى ئەمە-
لىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ھەم يۈكسەلدۈرۈشنى، شۇ ئارقىلىق ئەخ-
لاق ئېتىقادى، ئەخلاق ئادىتى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت شەكىللەندۈ-
رۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەخلاق ئالاھىدە ھەرىكەت قائىدىسى بولسىمۇ، ئەمما كىشى-
لەرنىڭ بارلىق ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەخلاققا تەۋە
بولمايدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە قانۇنمۇ كىشىلەرنىڭ بىرخىل ھە-
رىكەت قائىدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا قانۇن تۇرغۇزۇش
شەكلى ئارقىلىق قايسى ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئىكەن-
لىكى، ئۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى؛ قاي-
سى ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ھەرىكەت ئىكەنلىكى، ئۇنداق ھە-
رىكەتلەرنى قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ۋا-
ھالەنكى، قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ پەرقى بار. كونكرېت ئېيتقاندا
ئۇ مۇنۇ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادى-
سى، ئۇ ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشكە ئىشلىتى-
لىدۇ. بىراق ئۇ سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، سىنىپ بار-
لىققا كېلىشتىن ئىلگىرى قانۇن بولمىغان، سىنىپنىڭ يوقىلىشىغا
ئەگىشىپ قانۇنمۇ يوقىلىدۇ. ئەخلاقمۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى
تەڭشەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ سىنىپنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى
ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ئاڭنىڭ ئىپادىسى ۋە نەتىجىسى. شۇڭا،
ئەخلاق سىنىپىي جەمئىيەتتىن ئىلگىرىلا بار بولغان ھەم سىنىپلار
تامامەن يوقالغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، قانۇن ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن تۈزۈل-
دۇ؛ ئەمما ئەخلاق تۈزۈلمەيدۇ، بەلكى شەكىللەندۈرۈلىدۇ ياكى





پەيدا قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەخلاق بىلەن قانۇن ئۆزلىرىنى ساقلاشتا قوللىنى-
لىدىغان كۈچ ۋە ۋاستە جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.
ئەخلاقتا جامائەت پىكرىنىڭ ماختىشى بىلەن ئەيىبلىشىگە، ئەنئەنى-
ۋى ئادەت ۋە ئىچكى ئېتىقادقا، مۇھىمى كىشىلەرنىڭ ئاڭلىقلىقىغا
تايىنىلىدۇ. قانۇندا بولسا زورلاۋانلىق ئاپپاراتلىرى، ھۆكۈم، سى-
ياسەت قاتارلىقلارغا تايىنىلىدۇ.

تۆتىنچى، قانۇن يول قويۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، مۇنا-
سىپ ئەھۋالدا ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئەخلاقتا يول قويۇش
مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ.

بەشىنچى، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى مەجبۇرلاش خاراكتېرى-
گە ئىگە بولىدۇ. ئەمما، ئەخلاقنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا كىشىلەر-
نىڭ ئىختىيارلىقى ۋە ئاڭلىقلىقىغا تايىنىلىدۇ.

ئالتىنچى، قانۇننىڭ تەڭشەش دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ،
يەنى ئۇ جىنايەت مەسىلىلىرى ۋە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ تۈپ مەنپە-
ئىتى بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرگە
ئارىلىشىدۇ. ئەخلاقنىڭ تەڭشەش دائىرىسى قانۇننىڭكىدىن خېلىلا
كەڭ بولۇپ، ئۇ قانۇن دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەرىكەتلەرگىمۇ ھەم
قانۇن چېقىلالمايدىغان ھەرىكەتلەرگىمۇ ئارىلىشىدۇ.

يەتتىنچى، قانۇن بولسا كىشىلەر بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بول-
غان ئەڭ تۆۋەن ھەرىكەت ئۆلچىمى، يەنى تۆۋەن چەكتىكى ئەخلاق-
تۇر؛ ئەخلاق بولسا كىشىلەر ئىزدىنىدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان نىس-
بەتەن ئالىي ھەرىكەت ئۆلچىمىدۇر.

ئەخلاق ئىجتىمائىي ھەرىكەت مىزانى سۈپىتىدە دىنىي پەرھىز-
لەر ۋە خۇراپىي پەرھىزلەر بىلەنمۇ ئىجتىمائىي رول جەھەتتە مەلۇم
ئورتاقلىقلارغا ئىگە. پەرھىز — كىشىلەرنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى
سىرلىق كۈچلەر ياكى ئۆزلىرى تېخى بىلىپ يېتەلمىگەن ھادىسى-
لەرگە قارىتا تۇتىدىغان ساقلىنىش، چېقىلماسلىقتەك پوزىتسىيە-

سى ۋە ھەرىكىتى بولۇپ ، ئۇ ئىنكار شەكلىدىكى ھەرىكەت ـ قىلىق
قائىدىسىدۇر . پەرھىزلەر ئىپتىدائىي دەۋرلەردە پەيدا بولغان ،
شۇڭلاشقا مۇتلەق كۆپ پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك دىنىي
تۈس بار . باشقىچە ئېيتقاندا كۆپىنچە پەرھىزلەر دىنلارغا ئالاقىدار
پەرھىزلەردۇر . پەرھىزنىڭ چەكلەش كۈچى ئۇنىڭ سىرلىقلىقىدا
ۋە خەتەرلىكلىكىدە . ئۇنىڭدا مەلۇم سىرلىق ، مۇقەددەس نەرسىـ
لەرگە چېقىلماسلىق ، مەلۇم چەكلەنگەن ئىشنى قىلماسلىق شەكىلـ
لىرى ئارقىلىق ، كىشىلەر دىنىي جەھەتتە چەكلەنگەن مەلۇم ھەرىـ
كەتلەرنى قىلماسلىققا دەۋەت قىلىنىدۇ . پەرھىز مەلۇم جەھەتتىن
ئېيتقاندا تاشقى ئوبىيكتىپ دۇنيا ھەققىدە كىشىلەرنىڭ بۇرمىلانغان
تونۇشىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەخلاق بىلەن پەرھىزنى
سېلىشتۇرغاندا ، تۆۋەندىكىدەك پەرقلەر بايقىلىدۇ :

بىرىنچى ، پەرھىزلەر تاشقى دۇنيادىكى سىرلىق كۈچلەرگە
بولغان ئەيمىنىشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئۇ ئادەم بىلەن ئىلاھ
ياكى سىرلىق شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش ۋەـ
جىدىن بارلىققا كەلگەن . ئۇنىڭدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى قارىغۇلارچە
ئەگىشىش ، ئىشىنىش ئەھۋالى مەۋجۇت . ۋەھالەنكى ، ئەخلاق ئەقـ
لىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ھەتتا دىنىي ئەخلاقمۇ تولۇق
ئەقلىي ئامىللارغا ئىگە . ئۇنىڭدىكى مەقسەتمۇ ئوخشاشلا كىشىلەر
ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش ۋە ھەل قىلىشتۇر .

ئىككىنچى ، پەرھىز — ئىنكار خاراكتېرىدىكى ھەرىكەت ـ
قىلىق ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ ؛ ئەمما ، ئەخلاق بولسا مۇئەييەنلەشـ
تۈرۈش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەت قائىدىسىدۇر .

ئۈچىنچى ، پەرھىزلەر مۇقەددەس ، سىرلىق كۈچلەرنىڭ جازاـ
سىدىن قۇتۇلۇشنى كۆزلەپ ئىجرا قىلىنىدۇ ؛ ئەخلاق بولسا كىشىـ
لەرنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى ۋە تىزگىنلىشى ئارقىلىق ئىجرا
بولىدۇ .

تۆتىنچى ، پەرھىزنىڭ مەقسىتى مەلۇم ھەرىكەت ـ قىلىقتىن





كېيىنكى يامان ئاقىۋەتكە بېرىپ تاقىلىدۇ ؛ ئەخلاقنىڭ مەقسىتى
بولسا شەخسنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئالدىدىكى مۇددىئاسى
ئۈستىگە قۇرغۇزۇلىدۇ .

تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ پەيدا
بولۇشى بىلەن ، ئۇ ئىپتىدائىي پەرھىزلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىـ
ۋەتلەرنى تەڭشەش رولىنى ئۆتەيدىغان بولدى . ئەمما ، قانۇننىڭ
پەيدا بولۇشى بىلەن ، قانۇن ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ قىسمەن رولىنى
ئۆتەيدىغان بولدى . گەرچە پەرھىز ، ئەخلاق ۋە قانۇننىڭ پەيدا
بولۇش تەرتىپى ھەمدە مەزمۇنىدا گوياكى ۋارىسچانلىق مۇناسىۋەت
باردەك قىلسىمۇ ، ئەمما پەرھىزنىڭ ھەممىسى ئەخلاق نورمىلىرى
سانالمايدۇ . ھەممە قانۇن ـ نىزاملار ئەخلاق نورمىسى ھېسابلانمايـ
مۇ ، ئەمما ئەخلاق ئىچىدە قانۇنغا چېتىلمايدىغان نۇرغۇن ساھەلەر
بولىدۇ . پەرھىز تەركىبىدىكى قىسمەن ئامىللار ئەخلاق نورمىسى
سانىلىدۇيۇ ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى كۆپلىگەن خۇراپىي چەكلىمىلەر
كىشىلەر ئېڭىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ يوقىلىپ بارىـ
دۇ . شۇ بويىچە ئېيتقاندا ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بارلىققا كەلگەنـ
دىن تاكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئاخىرلاشقۇچە داۋاملىشىدىغان ،
ئىنسانلار ئارىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتە ئىشلىتىـ
لىدىغان ، ئادىللىق ، ھەققانىيەت ۋە ياخشىلىقنى بارچە نورمىلىرىـ
نىڭ نېگىزى قىلغان ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ۋاسىتىسى سۈپىتىـ
دە ، ئەخلاق چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئەخلاق سىنىپىي جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە سىنىپىي خۇسۇـ
سىيەتكە ئىگە بولىدۇ . سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەرقايسى سىنىپلار
ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ۋە مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ ،
ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى كېڭەيتىپ ، ئۆزلىرىگە خاس ئەخلاق
پرىنسىپلىرى ، ئەخلاق قائىدىسى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى شەكىللەنـ
دۈرىدۇ . ئەمما ، ئەخلاقتىكى سىنىپىي خۇسۇسىيەتنى كۆپتۈرۈپ
تەسۋىرلەش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمايدۇ . ئەخلاقتا ئومۇمىي ئىنسانىي

خۇسۇسىيەت ۋە تۇپ ئىجتىمائىي رول بولىدۇكى ، مەلۇم ئەخلاق-
سىز قىلمىشنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەخلاق ھەرىكىتى دەپ قا-
راش ، مەلۇم ياخشىلىقنى ئېزىلگۈچى ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇ-
چى سىنىپنىڭ پەزىلىتى دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن بول-
مىغان قاراش ھېسابلىنىدۇ .

ئەخلاق گەرچە ئىنسانلار جەمئىيىتى ئورتاق ئىگە بولغان مەدە-
نىيەت ھادىسىسى بولسىمۇ ، بىراق مىللەتلەر ئوخشىمىغانلىقتىن ،
ئەخلاقتا مەلۇم پەرقلەر ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . ئىنسانغا ئورتاق
ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن باشقا ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئەخلا-
قى ، مەسىلەن ، ئۆزىگە خاس ئەخلاقىي نورمىلىرى ، ئەخلاقىي
ھېسسىياتى ، ئەخلاق قارىشى ... بولىدۇ . «مىللىي دىن ، مىللىي
ھاكىمىيەت ، مىللىي ئەخلاق ، مىللىي قانۇن ، مىللىي ئۆرپ -
ئادەت ، ھەتتا مىللىي ئىلىم - پەن ۋە سەنئەتنىڭ ھەممىسى مىللىي
روھنىڭ بەلگىلىرىدۇر»④ . «ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى
قاراشلار بىر مىللەتتىن باشقا بىر مىللەتكە ، بىر دەۋردىن يەنە بىر
دەۋرگە ئۆتكەندە بەك ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ، ھەتتا ئۇلار بىر - بىرى
بىلەن بىۋاستە زىددىيەتلىك بولۇپمۇ قالىدۇ»⑤ . ئەخلاقنىڭ مىل-
لىيلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار كۆپ بولۇپ ، بۇلار
ئىچىدە جۇغراپىيىلىك شارائىت ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش
شەكلى ، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر مۇھىم ئامىللار بولۇپ
سانىلىدۇ . مىللەتلەرنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادى ، ئۆرپ - ئادىتى ،
ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى ئوخشىمىغانلىقتىن ، ھەتتاكى مەدە-
نىيلىك دەرىجىسىدە پەرقلەر ساقلانغانلىقى سەۋەبىدىن ، ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىدا ، ھەتتا كونكرېت ئەخلاقىي
نورما ۋە قائىدىلەردە ياكى ئۇنداق ، ياكى مۇنداق ئوخشىماسلىقلار
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .

ئەخلاق ئىنسانغا ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىسى بولسىمۇ ، ئەم-
ما ، ئۇ خۇددى سىنىپىلىق ۋە مىللىيلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە





بولغانغا ئوخشاش ، يەنە دەۋرىي خۇسۇسىيەتنىمۇ ئۆزىدە ھازىرلى-
غان . ئىنسان جەمئىيىتىدە ئەخلاق ھامان چېچىلاڭغۇلۇقتىن سىس-
تېمىلىقلىققا ، خاملىقتىن پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ مېڭىپ ، ئاخى-
رىدا ئەخلاق مەدەنىيىتى سۈپىتىدە جەمئىيەتتە زور تەڭشەش ، تىز-
گىنلەش رولىنى ئۆتەيدۇ . ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقى-
رىش ئەھۋالى ۋە مۇناسىۋىتى ، دىنلارنىڭ ئۆزگىرىشى ، كىشىلەر-
نىڭ ئۆرپ - ئادىتىنىڭ ۋە ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەخلاقتا
شۇ دەۋرگە ماس مەزمۇنلارنىڭ روياپقا چىقىشىنى بەلگىلەيدۇ .
شۇنداقلا ئۇ ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ئالاھىدىلىكى
سەۋەبىدىن ، ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ .

## 2 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى

ئەنئەنىۋى ئەخلاق — ئىدىيىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ،
باشقىچە ئېيتقاندا مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ،
ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئەمەلى-
يىتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن . ئۇ مىللىي روھنىڭ مۇ-
ھىم مەزمۇنى بولۇپ ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ۋە مىللىي پسىخى-
كىنىڭ شەكىللىنىشى ، تەرەققىي قىلىشىغا ھەم ئۇلارنىڭ ئومۇمىي
ھالىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئەن-
ئەنىۋى ئەخلاق — مىللەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى-
نىڭ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمۇ ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئۆزلىرى-
نىڭ دۇنيا قارىشى ، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ،
ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مۇناسىپ ھالدا شەكىل-
لەندۈرگەن ھەمدە ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ،
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىما-

ئىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ھەرىكەت مىزانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر.

ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت دېگىنىمىزدە، ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەخلاقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى بەلگىلەشتە ئوينىغان رولى ۋە ئورنىنىمۇ كۆزدە تۇتىمىز. ئۇيغۇرلار مەرىپەتلىك مىللەتتۇر، تېخىمۇ مۇھىمى ئەخلاقلىق مىللەتتۇر. مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە، ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قەۋمگە غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن» دېگەن چۈشەنچىگە قارىتا، «بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھلاش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت ۋە تەرەققىيات مەنبەسىنىڭ ئەخلاقىنىڭ يۈكسەكلىكىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى يەنە «ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. باشقىرت ئالىمى ئا. زەكىي ۋەلىدى توغانمۇ «ئۇيغۇرلار ئەخلاقتا مۇكەممەل ئىنسانلاردىن بولۇپ، سەمىمىي بىر مەدەنىي جەمئىيەت تەشكىل قىلغاندى» دەيدۇ. يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ سۈپىتى ۋە دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قىسمەن دەلىللەردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇ-



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

زاق تارىخقا تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى، بىر قانچە دىن، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. دەرۋەقە، بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئوچۇق سىستېما بولۇپ، ئۇ شەكىللىنىشىدىن مۇكەممەللىشىشىگىچە كۆپ مەنبەلەردىن ئوزۇقلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى توختاۋسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ. مەرىپەتلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نىسبەتەن مۇقىملاشقان ئەخلاقىي ئەنئەنىلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشى قانچە بۇرۇن بولسا، ئۇنىڭ يېتۈك ئەخلاقىي ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ شۇنچە بالدۇر بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇرلار مۇكەممەل جەمئىيەتنى، ئائىلە، دۆلەت چۈشەنچىلىرى ۋە تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا مۇناسىپ ئەخلاقىي قاراشلارنىمۇ شەكىللەندۈرگەن ھەم ئۇنى ئۆز ھاياتىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مىزانىغا ئايلاندۇرغان.

ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تارىخىي ماتېرىيالىستىك قاراشلار ئاساسىدا، مەلۇم ئىلاھتىن ياكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋى ھالىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ ياشاشقا باشلىغان چېغىدىكى جەمئىيەت تەشكىلىنى قوغداش ۋە قامداش، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى، خۇسۇسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتنى، گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئېھتىياجىدىن ئىزدەيمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىپتىدائىي جامائەسى بولسۇن، تۈرك ۋە توققۇز ئوغۇز دەۋرىدىكى باغ، ئۇرۇق، ئوق، بودۇن، ئېل (ياكى ئەل)، ئۇلۇس، ئوغۇش دەپ ئاتىلىدىغان ئىجتىمائىي توپلار بولسۇن، ئۇلار ئىچىدە شەخسلەر ئارا ۋە شەخسلەر بىلەن جامائەت ئارا مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى

تەڭشەش زورۇرىيىتىدىن مۇئەييەن ئەخلاق چۈشەنچىسى ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئىنسانلاردىمۇ بىرخىل مۇقىم ھەق - ناھەق ئۆلچىمى بار بولغان⑥. خۇسۇسىي مەنپەئەت ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، ئەقەللىي «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» چۈشەنچىسى قەدىمىي يىراق دەۋرلەردىلا كىشىلەر ئېڭىدا شەكىللەنگەن. «ئەخلاق — قەدىمكى ئاسىيا يايلاق جەمئىيىتى ۋە شەھەر - قەلئە، بوستان جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم تۇرمۇش مىزانى ئىدى. كىشىلەر ياخشى - يامان دېگەن جامائەت پىكرىنى ئاللىقاچان شەكىللەندۈرگەن. ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ياكى زىيانلىقلىقىغا قاراپ ياخشى - يامان دېيىلەتتى. ھەرخىل ئەرۋاھلار، مۇئەككەللەرمۇ كىشىلەرگە غەمخور بولغۇچى ياكى بالايى قازا كەلتۈرگۈچى ياخشى - يامان كاتېگورىيىلەرگە ئايرىلغان. شامان باخشىلىرىنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى ياخشى - يامان دېيىلىدىغان مۇشۇ چۈشەنچىنى دەۋر قىلىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىرخىل ئاڭغا، كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ئېڭىغا، ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭىغا ئايلانغانىدى»⑦.

ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇھىتى ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار بىرقەدەر بۇرۇن قەبىلە، قوۋم بولۇپ ئۇيۇشقان، شەھەر ھاياتىغا بالدۇر قەدەم باسقان، ئۆزلىرى ياشىغان زېمىنلاردا چېچىلاڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ، بەگلىك ۋە خانلىقلارنى قۇرغان، بوستانلىق ۋە يايلاق تىپىدىكى مەدەنىيەت بەرپا قىلغان. ئۇلار ئىقتىسادىي ھاياتنى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى، ئائىلە، جەمئىيەت ساھەسىدىكى كىشىلىك ئالاقىنى، ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىرىدىكى ئۇي-





غۇنلۇقنى تەڭشەش، ھاكىمىيەت تىكلەش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش جەريانىدا، جەمئىيەت تەشكىل قىلىشنىڭ توپ پرىنسىپى سۈپىتىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىق چۈشەنچىلىرىنى ئالدىبۇرۇن شەكىللەندۈرۈپ بولغان. بۇنداق ئەنئەنىنىڭ يازما تارىخى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى يازما ۋەسىقىلىرىنىڭ تارىخى بىلەن ئوخشاش. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا «ياخشىلىق يېقىن تۇرغۇچىنى ئەزىز قىلار» دېيىلسە، گابائىن خانىم ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» دە «ياخشىلىق يولى»، «ھەم ياخشى، ھەم دانا پىكىرلەر»، «تەڭداشسىز خەيرىيەتلىك ئۈمىدلەر» دېگەن ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ. يارغول قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەردە «پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ھامىيلىق قىلغىن» دېگەن ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار بىرقەدەر بالدۇر «ئەزگۈلۈك» (ياخشىلىق)، «ئەسىزلىك» (يامانلىق)، «ئەردەم» (پەزىلەت) چۈشەنچىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۆلچەملىرى بويىچە كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى باھالاش ۋە تەڭشەشنى بىلگەن.

ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئەخلاقنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆز تارىخىدا كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى، جۈملىدىن ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودىگەرلىك ... بىلەن شۇغۇللاندى. يېزا - قىشلاق ۋە شەھەر - قەلئە تىپىدىكى تۇرمۇش شەكلىدە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى شارائىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن مۇرەككەپرەك بولاتتى. بۇ تەبىئىي رەۋىشتە تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە كۆپ ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرەتتى. قوشنىدارچىلىققا ئائىت ئەخلاق نورمىلىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان جامائەت ئىچىدە، كەسپىي ئەخلاق سىستېمىلاشقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك شارائىتىدا، مەدەنىي ئەخلاق مەدەنىيەت مۇھىتىدا بارلىققا كېلەتتى. ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ جەمئىيەت ئىچىدە ئومۇملىشىشى

ۋە ئەۋلادلارغا ئۆگىتىلىشى ھامان مۇئەييەن مائارىپ شارائىتىنى
تەلەپ قىلاتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ياشىغان ۋە تەش-
كىللىگەن جەمئىيەتلەردە يۇقىرىقىدەك شەرتلەر بىر قەدەر تولۇق
ھازىرلانغانىدى . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەخلاق سىس-
تېمىسىنىڭ تىكلىنىشى مۇقەررەر رەۋىشتە بالدۇر بولغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى سىياسىي ئەھۋالىنىڭ ئەخلا-
قىي چۈشەنچىلەر ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە بول-
غان تەسىرىنىمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدۇ . تارىختىن بېرى ئۇيغۇر
ئەجدادلىرى تەشكىللىگەن جەمئىيەتلەردە فېئوداللىق سىياسىي مۇ-
ھىت تەسىرىدە فېئودالىق ئەخلاقىي قاراشلار دېگەندەك ئۇستۇن-
لۇكنى ئىگىلىيەلمىگەن . ئەمما ، بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قارىمۇ-
قارشى سىنىپلار بولمىغان ، قارىمۇقارشى سىنىپلارنىڭ ئەخلاقىي
قاراشلىرىمۇ بولمىغان ، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ . «ئادىل
پادىشاھ» غايىسىنى كۆزلىگەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخلاقىي مىزانلىد-
رى بىلەن ئاۋامنىڭ ئەخلاقىي مىزانلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق
بولمىغان . تارىختىكى كۆپلىگەن ھۆكۈمرانلار «ھەممە ئەل ئو-
چۇن» دەيدىغان قاراش ئاساسىدا ، قوش ئۆلچەم بىلەن ئەمەس ،
بەلكى بىرخىل ئۆلچەم (ئەزگۈلۈك ۋە ئەسىزلىك) ئارقىلىق ،
ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت ۋە مۇنا-
سىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىشقا تىرىشىپ كەلگەن . ئۇيغۇرلار تارد-
خىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ جەمئىيەت ، دۆلەت سىياسىتىدىكى گەۋ-
دىلىك بىر ئالاھىدىلىك — «قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى باشقۇرۇش»
بىلەن «ئەخلاق ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» نى بىرلەشتۇ-
رۇش ئىدى . باشقىچە ئېيتقاندا ، خەلقچىل قانۇن بىلەن خەلقنىڭ
ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يۇكسەلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش
ئىدى . بىز بۇ خىل ئەھۋالنىڭ نىسپىي مۇقىم ئەنئەنىگە ئايلانغانلى-
قىنى يۇسۇپ خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرد-
دىن ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە بارلىققا





كەلگەن دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسەرلەردىن كۆرەلەيمىز .

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتى ، مەدەنىد-
يەت دەرىجىسى ، شۇنداقلا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيد-
لىدىن ، يىپەك يولى بويلىرىدا باشقا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر بىلەن
كۆپرەك ئالاقىدە بولدى . كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىچىدىن
ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئۇيغارلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈشكە لايىق ئىلغار ئامىللارنى قوبۇل قىلدى . يىپەك يولى
بويلاپ شەرققە ۋە غەربكە كۆچكەن ھەرقايسى قەدىمىي مىللەت ۋە
قوۋملارنىڭ ، ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىگە سىڭىپ كىرگەن باشقا
خەلقلەرنىڭ ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاق
سىستېمىسىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . گەرچە ئۇيغۇر ئەنئەند-
ۋى ئەخلاقى ئىچىدىن قەدىمكى دەۋرلەردىكى باشقا مىللەتلەرگە
خاس تەركىبلەرنى ئايرىپ چىقىشقا ئاجىزلىق قىلساقمۇ ، ئەمما
ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاپ كېتىدىغان
مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىگە
مۇئەييەن تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان .

ئەخلاق — ئەزەلدىن ھەرقايسى دىنلار نۇقتىلىق شەرھلەيدىغان
مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن . ھەربىر دىندا ھامان
كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت مۇئەييەن
تەركىبلەر بولىدۇ . دىن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن ـ
ئاخىر ئىككى ياقلىمىلىق جەريان بولۇپ ، ئەخلاقنىڭ دىنغا تايىند-
دىغان تەرىپىمۇ بولىدۇ . ئەكسىچە ، دىنىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە
تەرەققىياتىمۇ ئەخلاقتىن كۆپ مەنپەئەت ئالىدۇ . ھەرقايسى مىللەت-
تە دىن ئەقىدىسى بىلەن مىللىي ئەخلاقىي چۈشەنچە بىرلىشىپ
مىللىي دىنىي ئەخلاق بولۇپ شەكىللىنىدۇ ـ دە ، مىللەتلەرنىڭ
ئەخلاق سىستېمىسىدىن مىللىي تەركىب بىلەن دىنىي تەركىبنى
ئايرىش قىيىن بولىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ . ئۇيغۇر ئەخلاقىي
ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئە-

مەستۇر .

ئۇيغۇرلار دىنىي ئېڭى بىرقەدەر كۈچلۈك مىللەت . قەدىمدە شامان دىنى دەپ ئاتىلىۋاتقان تەبىئەت تەڭرىلىرىگە چوقۇنۇش مەزمۇن قىلىنغان دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن . ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، شامان ئەقىدىسىدە روھلار (تەڭرىلەر) ياخشى ۋە يامان دەپ ئايرىلاتتى . بۇنداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق چۈشەنچىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىپ قالماستىن ، يەنە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەتبىق قىلىناتتى . بۇ مۇقەررەر ھالدا كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن ، شۇنداقلا ئادەمنىڭ تەبىئەتكە نىسبەتەن ئەخلاقىي بۇرچ تۇيغۇسىنى ئويغاتقان ھەم بۇنىڭ ئەمەلىي ئەخلاقىي ھەرىكەتكە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولغان . بۇ دەۋرگە خاس ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلىق روھى ۋە بۇنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولغان ئوغۇزخان ، ئالىپ ئەرتۇڭا ، تومارىس … كەبى قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تەرىپىدىن گۈزەل خۇلق سۈپىتىدە تونۇلغاچقا ، ئۇلار تىللاردا داستان بولغان . بۇنداق قەھرىمانلىق غايىسى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغاندىن باشقا ، ئۇ ئادىللىق خۇلقى بىلەن بىرلىشىپ ، پەزىلەتلىك خەلق (پەزىلەتلىك دۆلەت ) ۋە ئادىل شاھ ئوتوپىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئىدىيە تارىخىدا مۇقىم ئەنئەنىگە ئايلىنىپ داۋاملىشىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالدى .

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مىلادى 5~6 - ئەسىرلەردە پارسلاردىن ئاتەشپەرەسلىك (زاروئاستېر ) دىنىنى قوبۇل قىلدى . بۇ دىن تاكى 10 - ئەسىرلەرگە قەدەر ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئارىسىدا بۇددا دىنى بىلەن بىرلىكتە ئوخشىمىغان دائىرىدە ئېتىقاد قىلىنىشقا سازاۋەر بولدى . بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بويىچە ، ئالەم دەسلەپتىلا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن تەركىب تاپقان ؛ ياخشىلىق ئىلاھى ئاھۇرامازدا





(Ahuramazda) نۇر ، يورۇقلۇق ، پاكىزلىق ، پاراسەت ۋە ئىختىدراغا ۋەكىللىك قىلاتتى ؛ رەزىللىك ئىلاھى ئانگرامانيۇ (Angramainyu) بولسا زۇلمەت ، قاراڭغۇلۇق ، ساختىلىق ، رەزىللىك ۋە ئاچقاۋلىققا ۋەكىللىك قىلاتتى . پۈتۈن ئالەمدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى كۈرەش سەۋەبىدىن بولسىمۇ ، ئەمما ياخشىلىق ئىلاھى ئاخىرى يامانلىق ئىلاھى ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى . ئادەمنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تاللاش ئەركىنلىكى بولسىمۇ ، بىراق ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ياخشىلىققا مۇكاپات ، يامانلىققا جازا بېرىلەتتى . مەزكۇر دىندا بارچە غەلىبىنىڭ ئاساسى شەرتى ياكى ئەخلاقىي دەۋەت ئۈچ بولۇپ ، ئۇلار «ياخشى ئىدىيە » ، «ياخشى سۆز » ۋە «ياخشى ئىش » تىن ئىبارەت بولغان . ئۇنىڭدىن سىرت ، بۇ دىندا مۇھىت پاكىزلىقى ۋە جىسمانىي پاكلىققا ئائىت بىر قاتار بەلگىلىمىلەر بار بولۇپ ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھەم دىنىي مەجبۇرىيەت ، ھەم ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ، ئەسلىي ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنىنى مۇناسىپ دەرىجىدە بېيىتقان .

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە يەنە پارسلاردىن مانى دىنىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى . مانى دىنىنىڭ ئەقىدىسىدىكى باشقا تەرەپلەرنى تىلغا ئالمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭدىكى مۇرىتلارغا قارىتىلغان پەرھىزلەر ۋە ئەخلاقىي بەلگىلىمىلەر ، جۈملىدىن «ئۈچ بەند » ۋە «ئون پەرھىز » ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ مەزمۇن جەھەتتە بېيىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن . بۇ «ئۈچ بەند » بولسا «ئېغىز بەند » (ھاراق - شاراب ئىچمەسلىك ، گۆش يېمەسلىك ، يالغان سۆزلىمەسلىك ) ، «قول بەند » (يوشۇرۇنچە يامان ئىش قىلماسلىق ) ۋە «دىل بەند » (زىنا قىلماسلىق ، كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگەشمەسلىك ) تىن ئىبارەت ؛ «ئون پەرھىز »

بولسا ئوتقا چوقۇنماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، نەپسانىيەتچى-
لىك قىلماسلىق، جانلىقنى ئۆلتۈرمەسلىك، پاھىشە - زىنا قىل-
ماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، سې-
ھىرگەرلىك قىلماسلىق، ئالانىيەت بولماسلىق ۋە ھۇرۇنلۇق قىل-
ماسلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئەخلاقىي مىزانلارنىڭ نېگىزى
ئەمەلىيەتتە «سەۋر - تاقەت» بولۇپ، ئۇ يۇقىرىقى ئەخلاقىي دەۋەت-
لەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر مانى مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ئىجرا
قىلىنىشقا سازاۋەر بولغان. بۇنداق تەشەببۇس مەزكۇر دىن ئۇيغۇر-
لار تەرىپىدىن تاشلانغانغا قەدەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر ئىدىيە
تارىخىدا ئىزچىل داۋام ئەتكەن ھەمدە دىداكتىك ئەسەرلەردە تەكرار
قەيت قىلىنىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى
مۇلاھىزە قىلغاندا، بۇددا دىنىنىڭ مەزكۇر ساھەگە زور تۈرتكە ۋە
تەسىرلەرنى بەرگەنلىكىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىشقا توغرا كېلى-
دۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇددا دىنى شىنجاڭغا مىلادىيە-
نىڭ ئالدى - كەينىدە تارقىلىپ، مىلادىيە 4 - ئەسىرلەردىن
ئېتىبارەن غەربىي رايوندا ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ۋە باشقا
قوۋملار ئارىسىدا تاكى 10 - ئەسىرلەرگىچە ئاساسىي ئېتىقاد
شەكلى بولدى. خوتەن، كۇسەن ۋە ئىدىقۇت كەبى مەشھۇر بۇددا
دىنى مەركەزلىرى شەكىللىنىپ، بۇددا سەنئىتى، بۇددا مەدەنىيى-
تى راسا گۈللەندى. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ دىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرى
تەرىپىدىن ھەرخىل كۆلەمدە ئون ئەسىر ئېتىقاد قىلىنىشقا سازاۋەر
بولدى. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇددا دىنى ئېتىقادىدا پاسسىپ ئەگەش-
كۈچىلەر سۈپىتىدە توختاپ قالماي، بۇ دىن ئەقىدىسىنى
مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە مىللىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈردى. ئىككىن-
چىدىن، بۇددا دىنى ئەسلىدىنلا مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق قىلىش-
تەك تۈپ ئەخلاقىي ئىدىيە ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن بولۇپ، بۇنىڭ





تەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەخلاقنىڭ مەزمۇن
جەھەتتىن كېڭىيىشى ۋە كۈچىيىشى مۇقەررەر ئىدى. كۇسەن ۋە
ئىدىقۇت تەۋەسىدە ساقلىنىپ قالغان بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام
رەسىملىرىدە ئەكس ئەتكەن مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق تېمىسىدىكى
سىزمىلار، بۈگۈنكى دەۋردە بىزگە تەرجىمە ۋاسىتىسى بىلەن تو-
نۇلغان قىسمەن بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى (مەسىلەن، «مايتىرى
سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق») بۇ پىكىرىمىزنىڭ كۈچلۈك
دەلىلىدۇر.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلغىنى ئاساسەن بۇددا دىنى-
نىڭ ماھايانا (Mahayana) مەزھىپى ئىدى. مەيلى ماھايانا مەزھى-
پى بولسۇن ياكى ھىنايانا (Hinayana) مەزھىپى بولسۇن، ئۇلار
مەزكۇر دىندىكى مۇخلىسلارغا قارىتىلغان پەرھىزلەر ۋە مەجبۇرى-
يەتلەر جەھەتتە كۆپ پەرقلەنمەيتتى. بۇددا دىنىدىكى «ترىپىتاكا»
(Tripitaka — «ئۈچ نوم») ئىچىدىكى ھەربىر نومدا مەخسۇس
دىنىي پەرھىزلەر سۆزلىنىدىغان «ۋىنايا» (Vinaya) لار بار
ئىدى. بۇ «ۋىنايا» لاردا بۇددا دىنىدىكى ئەر مۇخلىس
(Upasaka — بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇپاسى» دەپ تەلەپپۇز-
لانغان) ۋە ئايال مۇخلىس (Upasika — بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا
«ئۇپاسانچ» دەپ تەلەپپۇزلانغان) لارغا قارىتىلغان «بەش پەرھىز»
(Pancasila)، «سەككىز پەرھىز» (Samvara) ۋە «ئون پەرھىز»
(Siksapada) لەر دىنىي مەجبۇرىيەت تەرىقىسىدە سۆزلىنىدىغان
بولۇپ، ئۇلاردىكى يالغان سۆزلىمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك،
بىۋاقىت غىزا يېمەسلىك، ناخشا - ئۇسسۇل ئېيتماسلىق ۋە ئويني-
ماسلىق، ئالىي ئورۇندا ئولتۇرماسلىق ۋە ياتماسلىق، خۇشبۇي
نەرسىلەرنى سۈرتمەسلىك، مال - مۈلۈك توپلىماسلىق، ئاچ كۆز
بولماسلىق، بۇزۇقچىلىق (زىنا - پاھىشە) قىلماسلىق ۋە جانلىق-
نى ئۆلتۈرمەسلىكتىن ئىبارەت چەكلىمىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەخ-

لاقىي نورما ھېسابلانغان . يەنە بۇددىزم ئەقىدىسىدە نىرۋانا (Nirvana) غا ۋە ئارخاتلىق ماقامىغا يېتىشنىڭ ئەخلاقىي شەرتلىرى — قاراشنىڭ دۇرۇسلۇقى ، نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقى ، سۆزنىڭ دۇرۇسلۇقى ، ھەرىكەتنىڭ دۇرۇسلۇقى ، تۇرمۇش يولىنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە پىكىر قىلىش ھەم روھنى يىغىنچاقلاشنىڭ دۇرۇسلۇقى قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە ھەرىكەت - قىلىق ئەخلاقى ، سۆز ئەخلاقى ، تۇرمۇش ئەخلاقى ، ئەخلاقىي ئاڭ ۋە ئەخلاقىي تۇيغۇنىڭ بۇدداچە دىنىي تەرزدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . دېمەكچىمىزكى ، دىنىي مۇھىت قويۇق تارىخىي دەۋرلەردە دىنىنىڭ ئەخلاقىيلىشىشى ۋە ئەخلاقنىڭ دىن ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ ، دىن مۇخلىسلىرى ۋە دىنغا ئىشىنىدىغان ئاۋامنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندۇرۇلۇشىدەك ئومۇمىي ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەخلاقىي ئەنئەنىسىنىڭ تىكلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدە بۇددا دىنىنىڭ رولى ۋە ئورنى تولىمۇ چوڭ بولغان .

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تاكى 10 - ئەسىردىن ئېتىبارەن ئومۇميۈزلۈك ئىسلاملىشىش يولىغا قەدەم قويغۇچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردە كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىدا ۋە ئەخلاقىي ئەنئەنىسىنىڭ تىكلىنىشىدە بەلگىلىك يۈكسىلىش بولدى دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋاقتىمىزدا ، يۇقىرىقى دىنلار ئىچىدىكى مەلۇم بىر دىنىدىن ۋاز كېچىپ يەنە بىر دىنغا ئۆتكەندە ، تۈپ دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ، ئەخلاقىي قاراشلاردا ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەتلەردىمۇ پۈتۈن ئۆزگىرىش يۈز بەردى دەپ ئېيتالمايمىز . چۈنكى ، ھەرقانداق مۇكەممەل دىن كىشىلەردىن كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىش ۋە ھەرخىل يامان قىلمىشلارنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىش جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ . بۇ يەردە دىن ئېتىقادىنىڭ ئالمىشى-





شى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىدىغىنى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر بولماستىن ، ئەكسىچە ئادەم بىلەن ئىلاھ (ھەرقايسى دىنلاردىكى خۇدالار) نىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە دىنىي مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى تەلەپلەردۇر .

ئىسلام دىنى زور ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى سۈپىتىدە 10 - ئەسىرلەردىن كېيىن ئۇيغۇر مىللەت گەۋدىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىدە ، زورىيىشىدا ، مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يېڭىچە شەكىل بىلەن راۋاجلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى . جۈملىدىن ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاق سىستېمىسىمۇ بۇنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولمىدى . بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ۋە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى ، زورىيىشى ، تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىي تۈسى ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بۇ مەسىلىنىڭ ئالاھىدىرەك بولغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇنى ئايرىم بايان قىلىمىز .

## 3 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ تەرەققىياتى ، ئۇيغۇر دىداكتىكا ئەنئەنىسى ۋە تارىخىمىزدىكى ئەخلاق تېمىسىدىكى ئەسەرلەر

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى چوڭ سىستېما بولۇپ ، ئۇ شەكىللىنىش جەريانىدا بىر قاتار ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەرنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا بەرپا بولغاندىن سىرت ، ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىيات مۇساپىسىمۇ ئالاھىدە بولدى . بۇ ئالاھىدىلىك شۇكى ، ئۇيغۇرلار نىسبەتەن بالدۇر مەرىپەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش جەريانىدا يېزىقنى بالدۇر ۋە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئومۇمەن يازما مەدەنىيەتنى يارىتىش داۋامىدا ،

ھەرقايسى دەۋردىكى ئەدىب ۋە جامائەت ئەربابلىرى ئەخلاقىي مەز-
مۇندىكى ئەسەرلەرنى يېزىش شەكلىدە ئۇيغۇر دىداكتىكا ئەنئەنىسى-
نى بارلىققا كەلتۇردى . بۇ ئەنئەنە مەڭگۈ تاشلار تىكلەنگەن دەۋر-
لەردىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر نىسبەتەن ئىزچىل تەرزدە داۋام
قىلماقتا .
ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى دەۋر-
لەرگە بۆلۈپ مۇلاھىزە قىلىشتا ، ئىسلامىيەتنى چەك - چېگرا
قىلىپ تۇرۇپ ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى
ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى دەپ ئىككى
دەۋرگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىش ، شۇنداقلا 20 - ئەسىرنىڭ 50 -
يىللىرىدىن كېيىنكى ۋاقىتنى بىر ئىسپىي مۇستەقىل دەۋر سۈپى-
تىدە قوشۇمچە قىلىش مۇۋاپىق بولسا كېرەك . بىز تۆۋەندە مەزكۇر
مەسىلىنى دىنىي ئېتىقادنىڭ ئالمىشىشى ، ھەرقايسى دەۋرلەردە
بارلىققا كەلگەن دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىس-
قىچە ئەھۋالى قاتارلىقلارغا بىرلەشتۇرۇپ قىسقىچە بايان قىلىپ
ئۆتىمىز .

### 1 . ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ
خۇددى باشقا مەدەنىيەت ساھەلىرىگە ئوخشاش ، ئوخشىمىغان دىنى-
لارنىڭ تەسىرىدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ۋە مۇكەممەللىككە يۈزلى-
نىپ بارغانلىقىنى قىياس قىلىشىمىز مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ،
بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسى تېخى ھازىرقىغا ئوخ-
شاش پۈتۈنلۈك دەرىجىسىگە يېتىپ بولالمىغان بولغاچقا ، ئەخلاق
سىستېمىسىنىڭ تولۇق مىللىي خۇسۇسىيەتتە روياپقا چىقىشىمۇ
مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، ئەخلاق ھامان كىشىلىك مۇناسى-
ۋەتلەر گەۋدىسىنى ، توغرىراقى جەمئىيەتنى ئالدىنقى شەرت قىلى-
دىغان بولغاچقا ، گەرچە قەدىمدە قەبىلىۋى ھاياتنىڭ ئەخلاقىي مى-





زانلىرى مەۋجۇت بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ھامان ساددىلىق ، سىستېمى-
سىزلىق ، يېزىقچا ئىپادىلىنىپ قىلىنماسلىق ، مۇقىم دىداكتىكا ئەنئەنىسىگە
ئايلىنالماسلىقتەك بىر قاتار نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايتتى . ئەم-
ما ، بۇ ، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە
ئەخلاقىي ئەنئەنە بولمىغان دېگەنلىك ئەمەس . دەل ئەكسىچە ، ئەخ-
لاق — ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەشكىللەش ، كىشىلىك مۇناسى-
ۋەتلەرنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىنىڭ توپ مىزانلىرىدىن بىرىگە ئايلان-
غان . شامان دىنىدىكى «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» چۈشەنچىسى ،
مانى دىنى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى يامانلىقتىن تۇسۇش ، ياخ-
شىلىققا ئۈندەش تەشەببۇسلىرى ، بۇددا دىنىدىكى ھەرخىل پەرھىز-
لەر ۋە «بارچە جانلىققا كۆيۈمچانلىق قىلىش» قارىشى ، شۇنداقلا
شۇ توپ ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەر ئىچىدىكى تۇرلۇك ھەرىكەت -
قىلىق نورمىلىرى شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقى-
نىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بولۇپ قالغان .
بىز ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا
مەخسۇس ئەخلاق تېمىسىدىكى دىداكتىك ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا
چىققانلىقىغا دائىر پاكىتلارغا ئىگە ئەمەس . ئەمما ، دىداكتىك ئە-
سەرنىڭ مەيدانغا چىقمىغانلىقى بىر جەمئىيەتتە ئەخلاق قاراشلىرى-
نىڭ سۇسلۇقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ئۇيغۇر
بۇددىزم ۋەسىقىلىرىدە ، جۈملىدىن ھازىرغىچە بىر قەدەر مۇكەممەل
ساقلىنىپ قالغان «ئالتۇن يارۇق» ۋە «مايتىرى سىمىت» كەبى
كاتتا ئەسەرلەردە پەزىلەت مەسىلىسى ئالاھىدە تەرزدە كۆرسىتىل-
گەن ، ياخشىلىقنىڭ بارچە تۇرلىرى تەپسىلىي ئىزاھلانغان . ئۇنىڭ-
دىن باشقا ، ئىدىقۇت دەۋرىگە ئائىت يازما ۋەسىقىلەردە ئۇزۇندە
شەكلىدىكى ئەخلاقىي ئۇگۇتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇ ھەقتە «تۇرپان-
دىن تېپىلغان تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» (رەشىد رەھمەتى ئارات
گېرمانىيىدە نەشرگە تەييارلىغان ) غا كىرگۈزۈلگەن «ئاتىلار سۆ-
زى» سەرلەۋھىلىك دىداكتىك مەزمۇندىكى ھېكمەتلەرنى مىسال

كەلتۈرسەك كۇپايە قىلىدۇ. مەزكۇر يازما ۋەسىقىدە «پەزىلەتلىك
كىشى — گۆھەر، پەزىلەتسىز كىشى— پىتەك»، «ساۋابلىق ئىش
قىلغۇچى بۇرخان (تەڭرى) بىلەن ئوخشاش، ئىنساپسىز كىشى
ئەسكى مىس بىلەن ئوخشاش»، «دوست بولساڭ ياخشى بىلەن
دوست بول، ئۇ ساڭا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگرى
تال دەپ كەسمەڭلار، ئۇنىڭ شاخلىرىدا مېۋىسى بار»، «ھەقىقەت
توغرا بولسا، ئاڭا جاننى بېرىش كېرەك، پاكىت بەربىر پاكىت،
ئۇنىڭغا يەنە نېمە دېيىشنىڭ ھاجىتى بار؟»، «ئەيىبسىز ئاياللارغا
ئەرلەر بويىنىنى ئېگىشى كېرەك، ئۇنداق ھەققانىي ئايال بىلەن
ئۆمۈر بويى بىرگە تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك»⑧ دېگەنگە ئوخ-
شاش ئەخلاقىي تەشەببۇسلار بار بولۇپ، بۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ
ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلىرى، گەپ- سۆزنىڭ پاساھەتلىك توغ-
رىسىدىكى ئۆلچەم- پرىنسىپلىرى، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئۆ-
گىنىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلار بىلەن دوست بولۇش،
ئاياللارنى قەدىرلەش، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىگە قايىل بولۇش قاتارلىق
چۈشەنچىلىرىنىڭ پارچە كارتىنىسىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دى-
ۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەر-
دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى نۇر-
غۇن خەلق ماقال- تەمسىللىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۇرسە قوتۇر بو-
لۇر»، «كۈندە يېرىق يوق، بەگدە يېنىۋېلىش يوق»، «ماختانچاق
ئىشتىنىنى بۇلغار»، «قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس»، «ئەر-
دەمسىزدىن قۇت كېتەر»، «پەزىلەتنىڭ بېشى تىل»، «ياخشى
سۆز قەدەھكە ئىگە قىلىدۇ»، «كەڭ تون ئۇپرىماس، كېڭەشلىك
ئىش بۇزۇلماس» دېگەنگە ئوخشاش ئۆملۈك، چىدام، سەۋر-
تاقەت، دوستلۇق، راستچىللىق، گۈزەل سۆزلۈك، مېھماندوست-
لۇق، ئادەمگەرچىلىك، سېخىيلىق... قا ئوخشاش پەزىلەتلەرگە
مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھېكمەتلىك ماقاللار كىرگۈزۈلگەن. ئۇلار-





نى قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي- ئەخلاقىي چۈشەن-
چىلىرىنىڭ بىر بۆلەك كارتىنىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.
ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئەخلاق ئەنئەنىسى ئۇيغۇر-
لاردا دېگەندەك مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئەمما شەكىللىنىپ بولغان.
گەرچە دىداكتىك ئەسەرلەر يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەخلاق
تەشەببۇسلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان بىر قاتار دىنىي ئەسەرلەر ۋە
پارچىلار، شۇنداقلا بىزگە مەلۇم بولغان ۋە بولمىغان نۇرغۇن
ماقال- تەمسىللەر بارلىققا كېلىپ بولغان. ئۇلار ئۆز دەۋرىگە
مۇناسىپ ئەخلاق نورمىلىرىنى يېزىق شەكلىدە ئىپادىلىگۈچى دى-
داكتىك ئەسەرلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنداق ئېيتىشقا بولى-
دۇكى، ناۋادا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئەجدادلى-
رىدا يېتۈك ئەخلاق ئېڭى ۋە ئەخلاق قارىشى يېتىلمىگەن بولسا،
مۇشۇنداق بىر ئاساسنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىسلامىيەتتىن
كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇلمەس ۋە زور دىداكتىكا ئەنئەنىسى
شەكىللىنەلمىگەن، نۇرغۇن ئەخلاقىي تېمىدىكى ئەسەرلەر روياپقا
چىقمىغان بولاتتى.

### 2. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شە-كىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىسلام دىنى 9- ئەسىرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇر ئەجدادلىرى
ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى. ھالبۇكى بۇ چاغ ئۇيغۇرلارنىڭ سى-
ياسىي ھاياتىدىكى مۇھىم تارىخىي دەۋر بولغان قاراخانىيلار دەۋرى
بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار قەبىلىۋى ھاياتتىن ساپ مىللىي ھايات باسقۇ-
چىغا كۆچكەن، مىللەت گەۋدىسى زورايغان، مىللىي مەدەنىيەت
شەكىل ۋە كۆلەمگە ئىگە بولۇشقا باشلىغان دەۋر، شۇنداقلا ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىش، تاكامۇللىشىش تارىخىدىكى مۇ-
ھىم دەۋر ئىدى.
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللى-
شىشى جەريانىدا گەرچە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇي-

غۇر ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرى ۋە رولى چوڭ
بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىسلام دىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاق
سىستېمىسىنىڭ زور مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ دىنىنىڭ
تۈپ ئەقىدىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى
ۋە مۇكەممەللىشىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ
ئۆتكەن دىنلارنىڭ تەسىرىدىن چوڭ ھەم ئومۇمىيۈزلۈكتۇر. بۇنداق
دېيىشىمىزدە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار: بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر
ئەجدادلىرى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردىن ئىلگىرى ئىشەنگەن دىنلار
گەرچە ياخشىلىقنى تەشەببۇس قىلىش، يامانلىقنى توسۇشنى مۇھىم
مەزمۇن قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىسلام دىنى تولۇق ئەخلاقلاشقان
(يەنى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشنىڭ ھەممە قائىدە ـ نىـ
زاملىرى تولۇق شەرھلەنگەن ياكى شۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە
ئەخلاق نۇقتىسىدا باھا بېرىلگەن) دىن بولۇش سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارـ
نىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئىسلام
دىنى يالغۇز دىنىي ئەقىدە شەكلىدە ئۆتكەنكى دىنلارنىڭ ئەقىدىلىـ
رىنى تازىلاپلا قالماستىن، مۇھىمى ئۇ مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئۆزىـ
دىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى دىنىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئۈزۈل ـ
كېسىل ئىنكار قىلدى. نەتىجىدە ئىسلام ئەخلاقىي كاتېگورىيىلىرى
ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ئەخلاقىي قاراشـ
لىرىنى يوق قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا دىنلارغا ئائىت چۈـ
شەنچىلەرنى تۈپتىن ئىنكار قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى
ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى يېڭى بىر مەنبە بولۇپ قالدى.
ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىـ
نىڭ شەكىللىنىشى، مۇكەممەللىشىشى ۋە زورىيىشىدا، شۇنداقلا
ھازىرقى زامان مىللەتلىرىگە خاس بىر قاتار خۇسۇسىيەتلەرنى ھاـ
زىرلىشىدا رولى چوڭ بولدى. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دىنلار
ۋە ئۇلاردىكى ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ھامان قەبىلىۋى ھاياتنىڭ
ئىقتىسادىي شارائىتىدا پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان بولغاچقا، خۇدـ





دى بىز تارىختىن كۆرۈپ تۇرغاندەك، ئۇلار ھامان ئارىلىشاڭغۇ،
ساددا ھەم سىستېمىسىز ئىدى. ۋەھالەنكى، ئىسلام دىنى ئەخلاق
سىستېمىسى بىر مىللەت سۈپىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي ئەنـ
ئەنىسىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۈچىنچىـ
دىن، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بەزى دىنىي يازمىلاردا، مەڭگۈ تاشلاردا
ھەمدە قىسمەن ئەدەبىي ۋەسىقىلەردە ئىپادىلىنىپ تۇردى. بىراق
ئۇنداق ئىپادىنى تېخى دىداكتىك ئەنئەنىنىڭ شەكىللىنىپ بولغانلىـ
قى، ئەخلاقنى پەلسەپە ۋە دىن نۇقتىسىدىن شەرھلەشنىڭ مۇقىم
ئادەتكە ئايلىنىپ بولغانلىقى دېگىلى بولمايتتى. دەل ئەكسىچە،
ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مىڭ يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى
ئەخلاقىي تۈيغۇنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشتا، ئەخلاقىي
چۈشەنچىلىرىنى ئەسەر شەكلىدە خاتىرىلەپ تەدرىجىي مۇكەممەلـ
لەشتۈرۈپ ھەم سىستېمىلاشتۇرۇپ مېڭىشتا مۇقىم ئەنئەنە شەكىلـ
لەندۈردى. ھالبۇكى، بۇنداق دىداكتىك ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسى
خېلى زور دەرىجىدە ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتـ
لىك ئىدى.

ئىسلام دىنى 9～10 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپ تاكى 15 ـ
ئەسىرلەرگىچە بولغان بەش ـ ئالتە ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار
ئارىسىدا تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ياردىمىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. بىز
ئىسلام دىنى ئەخلاقىنى مەنبە، ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاقىنى ئېقىن
دەپ ھۆكۈم قىلالمىساقمۇ، ئەمما مەزكۇر دىنىنىڭ ئۇيغۇر ئەخلاقىي
ئەنئەنىسىنىڭ مىڭ يىللىق ھالىتى ۋە قىياپىتىنى بەلگىلەشتىكى
رولىغا سەل قارىيالمايمىز.

ئىسلام دىنى ئەخلاقى — ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەزـ
مۇنلىرىدىن بىرىدۇر. ئەخلاق مەسىلىسى ئىسلام دىنىدا تولىمۇ
مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن:
«ئەخلاق دىنغا نىسبەتەن گوياكى روھ تەنگە نىسبەتەن (مۇھىم)

بولغاندەكتۇر »⑨ ، «مەن گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم »⑩ . دەرۋەقە ، «قۇرئان » ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «ھەدىس » لىرىدە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ، تۈرلۈك يامان قىلمىشلارنى مەنئى قىلىش ھەققىدىكى ئەخلاقىي مىزانلار كۆپ بولۇپ ، ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار ھەرقانداق بىر دەستۇردا باشقا بايانلار ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بايانلاردەك كۆپ ئەمەس . بۇنىڭدىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى ، ئىسلام ئەخلاقى — ئىسلام دىنىنىڭ روھىي ماھىيىتىدۇر . باشقىچە ئېيتقاندا ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىلا بىرخىل ئەخلاق ۋە ئەخلاق مىزانىدۇر .

ئۇنداقتا ، ئىسلام ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ؟ ئىسلام دىنى ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنلىرى ئاساسەن «قۇرئان » ۋە «ھەدىس » لەردە ئىپادىلەنگەن . فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى دوكتور گۇستاف رېبىن ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيىتى » ناملىق كىتابىدا «قۇرئان » دىكى ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ باشقا دىنىي دەستۇرلارنىڭ مەزمۇنىدىن تولىمۇ يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئىسلام دىنى ئەخلاقى ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، ئۇ ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ، پۈتۈن جەمئىيەت بىلەن ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي ئېڭى ۋە ھەرىكىتىنى تەڭشەيدىغان قائىدە ـ نىزاملاردىن ئىبارەت . «قۇرئان » ۋە «ھەدىس » ئىسلام ئەخلاقىنىڭ مەنبەسى بولۇپ ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭرى . ئۇلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە مەزمۇنغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ .

1 . ھەر ئىككى دۇنيادا بەختكە ئېرىشىش تەلىماتى

ھەقىقىي بەخت دېگەن نېمە ؟ ھەقىقىي بەختكە قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ ۋە ئۇ نەدىن كېلىدۇ ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەربىر ئەنئەنىۋى ئېتىقاد تەلىماتلىرىدا جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر . دىنىي ئېتىقاد تەلىماتى بولۇش سۈپىتىدە ، ھەربىر دىندى-





كى ئەخلاقشۇناسلىق قارىشى خىيالىي ، مەۋھۇم جەننەتنى ھەقىقىي بەخت دەپ قارايدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئارقىلىق كەلگۈسى (ئۇ دۇنيا ) دىكى بەختنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئىسلام دىنىمۇ بىرخىل دىن بولۇش بىلەن ، ئۇنىڭ ئەخلاقىمۇ يۇقىرىقى تەركىبتىن مۇستەسنا ئەمەس . ئەمما ، ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشىمىغان ھالدا رېئال دۇنيادىكى تۇرمۇشقىمۇ ئېتىبار بېرىدۇ ، كەلگۈسى ئالەم (ئاخىرەت ) دىكى بەختكىمۇ ئېتىبار بېرىدۇ ھەم مۇسۇلمانلارنى ئىككى دۇنيالىق بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ . ۋەھالەنكى ، ئىككى دۇنيالىق بەختنى قولغا كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقىنىڭ يادروسى دەل ياخشىلىق قىلىش ، يامانلىقتىن چەكلىنىش ، ئىش ـ ھەرىكەتتە دۇرۇس بولۇشتىن ئىبارەت . «قۇرئان» ۋە «ھەدىس » تە بۇ ھەقتىكى بايانلار تولىمۇ كۆپ .

2 . ياخشى ـ يامان ئەمەللەرنىڭ جاۋابى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەلىمات

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىدا ، ئاخىرەتتە ئاللا رېئاللىقتىكى ھەممە نەرسىگە ، جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ قىلىقىغا ئومۇميۈزلۈك ، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ . ياخشىلىق قىلغان بولسا مۇكاپات ، يامانلىق قىلغان بولسا جازا بېرىدۇ . شۇڭا ، مۇسۇلمانلار رېئال دۇنيادا ئىمكانقەدەر كۆپرەك ياخشىلىق قىلىشى لازىم . «قۇرئان» ۋە «ھەدىس » تە بۇ ھەقتە نۇرغۇن بايانلار ھەم تەشەببۇسلار بار . ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ، يامانلىقنىڭ جازاسى بولىدۇ ، دېگەن تەلىمات ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر تۈپ ئىدىيە بولۇپ ، بۇنداق ئىدىيىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى ۋە ئەخلاق يېتىلدۈرۈشىگە بولغان تەسىرى زور . ئىككى دۇنيالىق بەخت ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى ـ جازاسى بولىدۇ دېگەن نەزەرىيىدىن باشقا ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق نەزەرىيىسى يەنە

بىر قاتار ئىجتىمائىي ھەرىكەت ـ قىلىق نورمىلىرى ۋە پەزىلەت
يېتىلدۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن كونكرېت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

بىرىنچى، بويسۇنۇش — تائەت. ئىسلام دىنىدا ئەقىدە
ۋە ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە
بويسۇنۇشى، شۇ ئارقىلىقلا دىنىي پەرھىزلەرنى ھەم ئەخلاقىي
مىزانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ،
يامانلىقنى توسۇغىلى بولىدىغانلىقى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، سەۋر ۋە ئەيمىنىش. «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»
تىكى بايانلارغا قارىغاندا، سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئەيمىنىش ناھايىتى
مۇھىم ئەخلاقىي ھەرىكەت، يەنى گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ.
سەۋر ـ تاقەت ئېتىقادتا چىڭ بولۇش، دىنىي پەرھىزلەرنى ئادا
قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، دىن ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش،
تەۋرەنمەس، سۇنماس روھ ۋە ئىرادە بىلەن قىيىنچىلىققا ۋە مۇ-
شەققەتكە چىداش ھەم تاقەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەيمىنىش
بولسا ئاللادىن ئەيمىنىش، ئىخلاس، تاقەت، ھۆرمەت، شۇنداقلا
توغرا يولدىن چىقىپ ئېزىپ كەتكەندە پۇشايمان قىلىش ۋە قور-
قۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئادىللىق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئوتتۇراھاللىق.
ئادىللىق، يەنى توغرىلىق، مۇۋاپىقلىق بولسا كۈندىلىك تۇرمۇشتى-
كى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، سودا ـ تىجارەتنى، قانۇنىي رەس-
مىيەت ۋە تۈرلۈك ھۆكۈملەرنى شەخسىيەتسىز، توغرا بىر تەرەپ
قىلىش بولۇپ، بۇ «قۇرئان» دا تەشەببۇس قىلىنغان ۋە رىغبەتلەن-
دۈرۈلگەن گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر. كەڭ قورساقلىق، يەنى
ئەپۇچانلىق بولسا مۇھىم گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىس-
لام دىنىدا ناھەق ئىشلارغا سەۋر قىلىش ئاساسىدا كەچۈرۈۋېتىش،
كەڭ قورساقلىق بىلەن باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ياخشى ئىش
قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كۆپ تەكىتلەنگەن.





تۆتىنچى، ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى ئەخلاق قارىشى.
ئىنسانپەرۋەرلىك ئىسلام ئەخلاقىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى-
دۇر. ئىسلام دىنىدا شۇنداق قارىلىدۇكى، بارچە ئىنسان ئاللانىڭ
بەندىسى (قۇلى) دۇر. شۇنداق ئىكەن، ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى
ئۆچ كۆرمەسلىكى، بىر ـ بىرىگە زەرەر يەتكۈزمەسلىكى، ئۆزئارا
ھېسداشلىق قىلىشلىرى، كۆيۈنۈشى ۋە ياردەمدە بولۇشى زۆرۈر.
«قۇرئان» ۋە «ھەدىس» تە بايان قىلىنغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئاسا-
سىدىكى ئەخلاقنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق
قىلىش، پەرزەنتلەرگە ۋە ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش، يېتىم ـ يېسىر-
لارغا ئېھسان قىلىش، مېھمانلارنى ۋە مۇساپىرلار (سەپەردىكى
يولۇچىلار) نى ياخشى كۈتۈش، سەدىقە بېرىش، كەمبەغەللەرنى
يۆلەش، قۇلۇم ـ قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، بارچە ئىنسانغا
مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قاراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەشىنچى، مۇسۇلمانلار — قېرىنداشلاردۇر، دېگەن قاراش.
ئىسلامدا مۇسۇلمانلار خۇددى بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان
كىشىلەردەكتۇر، شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا ئىتتىپاق ۋە ياردەمدە بولۇشى
لازىم، دەپ قارىلىدۇ. بۇمۇ ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئەخلاقىي
پرىنسىپتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، سودا ـ تىجارەتتە ئادىل ۋە خالىس
بولۇش، جازانىخورلۇقتىن ساقلىنىش، ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە ۋە
دېدەك ـ چۆرىلەرگە رەھىمدىل بولۇش، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى
تەڭ تەقسىم قىلىشلارمۇ ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان
ئەخلاقىي ھەرىكەتلەر بولۇپ سانىلىدۇ.

ئىسلام دىنى بىر خىل دىنىي ئېتىقاد بولۇپلا قالماستىن،
مۇھىمى ئۇ بىر خىل مۇكەممەل ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئېتىكا سىس-
تېمىسىدۇر. ئىسلامدا تەشەببۇس قىلىنغان دىنىي مەجبۇرىيەت
بىلەن ئەخلاقنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىش بەزىدە قىيىن بو-
لۇپ، ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرھىز مۇسۇلمانلار جەزمەن بېجى-

رىشلىرى تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەر بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلار
يەنە نۇرغۇن ئەخلاق ئاملىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسلام
دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىسى ئەخلاقىي پرىنسىپلار، ئەخلاق نورمىلىرى
ۋە ئەخلاق تەشەببۇسلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەخلاق
ئىسلامدىكى قوشۇمچە نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ روھىي مەز-
مۇنلىرىدىن بىرىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىدا ئەخلاق مەسىلە-
سىگە ئېتىبار بىلەن قاراش دىنغا ئېتىبار بىلەن قارىغانلىق، ئەخلا-
ق تۈيغۇسىنى يوقىتىپ ئەخلاقسىز ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بو-
لۇش بولسا دىنىي ئەقىدىنى بۇزغانلىق، دەپ چۈشىنىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئەقىدىسىلا ئەمەس، يەنە ئىسلام شەرىئىتى (قا-
نۇنى) مۇزور دەرىجىدە ئەخلاقىي ھەرىكەتلەر ھەققىدىكى قانۇندۇر.
ئىسلام شەرىئىتى چېتىلىدىغان ساھەلەر بەك كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدا
جازادىن تارتىپ خەلق ئىچىدىكى ئەرزىيەت مەسىلىلىرىگىچە، مى-
راس تۈزۈمى ۋە ئائىلە - نىكاھ تۈزۈمىدىن تاكى سالام - سەھەت
قىلىشتەك كىچىك مەسىلىلەرگىچە مۇئەييەن قائىدىلەر بەلگىلەن-
گەن. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئاساسى بولسا «قۇرئان»، «ھەدىس»
ۋە كېيىنكى دەۋردىكى مۇسۇلمان ئالىملار ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ
ئىلمىي قىياسى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇناسىپ بۇيرۇق،
بەلگىلىمە، نىزام ۋە قائىدە - قانۇنلاردۇر. ئىسلام شەرىئىتىدە
ئىنساننىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە ئۆزى ئۈچۈن
پايدىلىق - پايدىسىز بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇنداق بەش دەرى-
جىگە بۆلۈنگەن: (1) پەرھىز: بۇ جەزمەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك
ھەرىكەتلەر بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن
بەلگىلەنگەن دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) مۇستە-
ھەب: بۇ ئالقىشلىنىدىغان ھەرىكەتلەر بولۇپ، خەير - ساخا-
ۋەت قىلىش، يېتىم - يېسىرلەرگە كۆيۈنۈش، ئاممىۋى ئەسلىھە-
لەر قۇرۇلۇشىغا خالىس ياردەم قىلىش، گەپ - سۆزدە،
ھەرىكەت - قىلىقتا ياخشى، دۇرۇس بولۇشقا ئوخشاش ئالقىشلاشقا





ئەرزىيدىغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ (3) جائىز ياكى مۇباھ:
بۇ دىن تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان،
تۇرمۇش، كەسىپ ساھەسىدىكى ئادەتتىكى ھەرىكەت - قىلىقلارنى
كۆرسىتىدۇ؛ (4) مەكروھ: بۇ «نەپرەتلىنەرلىك» دېگەن مەنىدى-
كى سۆز بولۇپ، «قۇرئان» دا ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن (چەكلەن-
مىگەن) بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋە كېيىنكى
دەۋرلەردىكى فىقھشۇناسلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان، كىشىلەر-
نىڭ ئەخلاق ئېڭىغا زىت كېلىدىغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ؛
(5) ھارام: بۇ «چەكلەنگەن» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ،
«قۇرئان» ۋە «ھەدىس» تە ئېنىق مەنئى قىلىنغان بارلىق ئىشلار،
جۈملىدىن ئىدىيە، ھەرىكەت، گەپ - سۆز ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش-
تىكى نامۇۋاپىق، ناپاك، ساغلام بولمىغان ھەرىكەتلەر ياكى جىنا-
يەتلەرنى كۆرسىتىدۇ[11]. ھارام ۋە مەكروھ قىلمىشلار ئىچىدىكى
نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋىتى ۋە مىراس مۇناسىۋىتىگە ئائىت بەلگى-
لىمىلەر «قۇرئان» دا بىر قەدەر ئېنىق بايان قىلىنغان. باشقا
خىلدىكى مەكروھ ۋە ھارامغا ئائىت چەكلىمىلەر چېچىلاڭغۇراق
بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى
فىقھشۇناسلار «ھەدىس» تىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەن
بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى تۈرلەر بويىچە شەرھلىگەن. ئىسلام دىنى
تارقالغاندىن كېيىنكى ئون ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدە دۆلەت قانۇنىدىن باشقا، يەنە ئىسلام شەرىئىتىنى ئادا
قىلىدىغان مەخسۇس ئورگانلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئور-
گانلار (مەسلىھەت، قازىخانا) نىڭ فۇنكسىيىسى يالغۇز جىنايى
ئىشلارنى ۋە دىنىي ئەقىدىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش
بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى بارچە ئەخلاق
مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم قىلىش ۋە نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت
بولغان.

ئىسلام دىنى ئەخلاقى ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا

سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئە-
نىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىشكە
باشلىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىككى دۇنيالىق بەختكە
ئەڭ ئېتىبار بېرىدىغان، ئىسلامىي ئەخلاق مىزانلىرى بويىچە ئىج-
تىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى قېلىپقا سا-
لىدىغان، مىللەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان،
تىنچ، ئىتتىپاق بولىدىغان ئادەت شەكىللەندى. مۇھىمى، كىشىلەر
دىنىي ئەقىدىلەر ئاساسىدا ئىسلامىي ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن
ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان، تەڭشەيدىغان ئاڭنى يېتىلدۈردى.
كىشىلەر ئارا ئىناق بولۇش، ئادىل بولۇش، ئەپۇچان بولۇش،
ياخشىلىق قىلىش، پاك بولۇش، سېخىي ۋە ئادالەتپەرۋەر بولۇش،
ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ساخاۋەتچان بولۇش قاتارلىق ئىدىيىۋى كۆزقا-
راشلار ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەت مىزانلىرى ئىچىگە ئىسلام ئەخلاقى-
نىڭ تامغىسى مەھكەم بېسىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرلۇك ئىجتىما-
ئىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-
لەرنى ياخشىلاش، ئۆم، ئىناق، ئادىل، پەزىلەتلىك جەمئىيەت
بەرپا قىلىشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئايلاندى. ئىسلام دىنىي
ئەخلاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن، دەۋرلەر مابەين-
دىكى ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلار ئۆزلى-
رىنىڭ ئىسلاھات (ياخشىلاش) تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قوي-
غاندا، ئىسلام ئەخلاقىغا زور دەرىجىدە يانداشتى. ئۇلار يەكۈنلىگەن
مىللىي ئەخلاقىي تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى بولغان نۇرغۇن دىداك-
تىك ئەسەرلەر ئىسلامىي قاراشلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئاساستا،
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىدە زور رول ئوينىدى.

ئىسلام دىنى ئەخلاقىنىڭ ئۇيغۇر ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ تەر-
كىبىي قىسمىغا ئۆتۈپ ئەنئەنىگە ئايلىنىشى ئۇزاق جەرياننى باشتىن
كەچۈردى. مەسچىت، مەدرىسە ۋە خانىقالاردىكى دىنىي زاتلار ئىس-
لام ئەخلاقىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىشتا مۇھىم ۋاستىچىلەردىن





بولۇپ قالدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەدرى-
سىلەردە ئەخلاق مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش — قەدىمكى
ئۇيغۇر دىنىي مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى يازغان دىداكتىك ئەسەرلەرمۇ
مۇھىم دەرسلىكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسلام مەدرىسلىرى-
دە «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» كە ئالاقىدار دەرسلىكلەردە ئەخلاقىي
مەسىلىلەر كۆپ شەرھلەنگەندىن باشقا، خاس ئەخلاق مەزمۇنىدىكى
ئەسەرلەردىن شەيخ سەئدىنىڭ «گۇلىستان» ۋە «بوستان» ناملىق
ئەسەرلىرى، «مىرئاتۇل ئىنسانىي» («ئىنسانلىق ئەينىكى»)،
«ئىرشاد» («يېتەكچى»)، «مىفتاھۇل ئۇلۇم» («ئىلىملەر ئاچ-
قۇچى»)، «كىتابۇل كەبائىر» («چوڭ گۇناھلار ھەققىدىكى كى-
تاب»)، «شەرھى ۋەقايە» قاتارلىق ئەسەرلەر دەرسلىك قىلىندى.
بۇنداق ئەسەرلەردىكى ئىسلامىي تۈستىكى ئەخلاق تەشەببۇسلىرى
دىنىي مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا ئەسىرلەر
مابەينىدە تەرغىب قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنداق ئەخلاقىي ئۆل-
چەملەرنىڭ ئۇيغۇر روھىيىتىگە چوڭقۇر ئىزنا قالدۇرماسلىقى مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئىسلامىيەتتىن كېيىن نۇرغۇن ئۇيغۇر
ئەدىبلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ۋە باشقا خىلدىكى ئەسەرلىرىدە
ئىسلام ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئىپادىلەشكە تى-
رىشقاندىن باشقا، مەخسۇس ئەخلاق تېمىسىدا ئەسەر يېزىپ ئىسلام
ئەخلاقى ۋە ئومۇمىي ئىنسان ئەخلاقىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىي
ئەخلاقىنى خەلققە تونۇشتۇرۇش، مۇقىم دىداكتىك ئەنئەنە شەكىل-
لەندۈرۈشكە كۆپ ئېتىبار بەردى. ئەخلاقىي مەسىلىلەر شەرھلەن-
گەن ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىنىڭ يولىنى بويلاپ، نۇرغۇن ئەدىبلەر
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى، ئەخلاقىي قاراش-
لىرىنى يەكۈنلەپ بىر قاتار دىداكتىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەت-
تى. ئۇيغۇر تارىخىدىكى دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ھەققىدە

كېيىنكى سەھىپىلەردە تەپسىلىي توختىلىمىز .
ئىسلام دىنى ئەخلاقى ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس ، ئۇ شۇ دەرى-
جىدە ئېنىق ۋە سىستېمىلىقكى ، ئۇنىڭدا زور ياخشىلىق ۋە يامانلىق
كاتېگورىيىلىرىدىن تارتىپ ئەقەللىيسى سالام - سەھەت ئەدەپلىرى-
گىچە ھەممە ساھەدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت ئەخلاق
نورمىلىرى بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىسلامىي ئەخلاق نورمىلىرى
ھامان تۈپ دىنىي ئەقىدىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغاچقا ، ئۇنىڭ ئەمە-
لىي ھەرىكەتكە ئايلىنىشى تېز ھەم كەڭ كۆلەملىك بولغان .
ئىسلام دىنى ئەخلاقىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شە-
كىللىنىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى بەك مۇبالىغە قىلىۋېتىش ئىل-
مىي پوزىتسىيە ئەمەس . بىز خۇددى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نۇر-
غۇن ساھەلىرىگە ئوخشاش ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭمۇ كۆپ
خىل دىنىي مەنبەلەردىن ئوزۇق ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان
ۋاقتىمىزدا ، يەنە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىدە
سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، جۇغراپىيىۋى ، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ
ئىچكى سەۋەب ئىكەنلىكىدەك بىر تەرەپنىمۇ چەتكە قاقمايمىز .
بىز قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيە-
تىدە ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ھۆكۈمران ئەخلاق سىستېمىسى ئورنىغا
ئۆتۈپ بولغانلىقىغا جەزم قىلالمايمىز . ئەمما بۇ دەۋردە ئۇيغۇر
ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقى بىلەن ئىسلام ئەخلاقى ئورگانىك رەۋىش-
تە بىرلىشىشكە ، سىڭىشىشكە باشلاپ ، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدى-
كى ئىسلام ئەخلاقى بولۇپ شەكىللەنگەن . ئىسلام دىنى ئەخلاقى
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاساسىي ئەخلاق ئەندىزىسىگە ئايلانغاندىن كې-
يىن ، ئىلگىرىكى دەۋردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاق نورمىلىرىدا
چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز مۇم-
كىن . چۈنكى ، ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەردە كىشىلەر ئارا ياخشىلىق
قىلىش ۋە ھەر تۈرلۈك يامانلىقلاردىن ساقلىنىش دىندىن خالىي
ئىجتىمائىي تەلەپ بولۇپ ، ھەرقايسى دىنلار بۇ تەلەپنى مۇقەررەر





ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دېيىلسە ، ئۇلار
ياخشى ياكى يامان قىلمىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى قانداق ئىلاھىي مەن-
زىللەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش جەھەتتە پەرقلىنىدۇ . شۇڭلاش-
قا ، ئىسلام دىنى شارائىتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەخلاق ئې-
ڭى ، ئەخلاق چۈشەنچىسى ئىلگىرىكى ئۇيغۇر بۇددا سەنئىتى ۋە مانى
سەنئىتىگە ئوخشاش پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىپ تاشلانماستىن ، بەل-
كى يېڭى دىنىي مۇھىتتا يېڭىچە ئىزاھلاشقا سازاۋەر بولغان ۋە
يۈكسەلگەن .
قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق
نەمۇنىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ، ئۇيغۇرلاردا دىداكتىكا ئەنئەنىسى
بىر قېتىم چاقناش پۇرسىتىگە نائىل بولدى ، يەنى بۇ دەۋردە بىر
نەچچە مۇتەپەككۇر ئالىم مەيدانغا چىقىپ ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى
ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنى تۈرك ئەخلاقى ، ئىسلام ئەخلاقى ، شەرق
مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئەخلاقى ھەمدە يۇنان ئىجتىمائىي ئەخلاقى
ئىدىيىلىرىدىن ئىبارەت كۆپ مەنبەنىڭ بىرلەشكەن نۇقتىسىدا
شەرھلىدى . بۇنداق شەرھلەرنىڭ تۈپ نېگىزى ئەخلاق ئارقىلىق
تىزگىنلىنىدىغان ، پەزىلەت ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان ، قانۇن
تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىپ تۇرىدىغان پەزىلەتلىك جەمئىيەت ئوتو-
پىيىسىدىن ئىبارەت ئىدى . بۇنداق ئىجتىمائىيلاشقان ئەخلاقىي
ئىدىيىنى فارابى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈكنەكىلەر
ئوخشىمىغان كۆلەمدە ئوتتۇرىغا قويدى . تۆۋەندە بۇلار ھەققىدە
قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز .
ئەبۇ نەسىر فارابى مىلادى 870 - يىلى سىر دەرياسى ۋادىسى-
دىكى فاراب شەھىرىدە قارلۇق قەبىلىسىدىن بولغان ئىخلاسمەن
مانى دىنى مۇرىتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادى 893 - يىلى
سامانىيلار سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەئەللۇق فاراب قا-
تارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالغان . شۇندىن كېيىن فارابى ئىسلام
دىنى ئېتىقادىنى تىكلىگەن . ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ باغداد

ۋە ھەمەدان خانلىقى قاتارلىق جايلاردا يۇرۇپ ئىسلام دىنى ، خرىس-
تىئان دىنى ، ئارستوتېل پەلسەپىسى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراش-
قان . ئۇ ھاياتىدا 160 نەچچە پارچە ئەسەر يازغان بولۇپ ، بۇ
ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلى-
رى » ، «بەختكە ئېرىشىش يوللىرى ھەققىدە رىسالە » ، «سىيا-
سەت ۋە دۆلەت توغرىسىدا » ، «ئەيىنۇل مەسائىل » ، «ئىھسائۇل
ئۇلۇم » ھەمدە ئارستوتېلنىڭ «ئېتىكا » ناملىق ئەسىرىگە قارىتا
يېزىلغان «كىتابۇل تەفسىر ئەخلاقىل ئارستوتالىس » ۋە «شەرھى
سەدرە كىتابۇل ئارستوتالىس » قاتارلىقلاردا ئەخلاق توغرىسىدا كەڭ
مۇھاكىمىلەر بار . فارابى ئۇيغۇر ئەخلاق — پەلسەپە تارىخىدا ئەخ-
لاق مەسىلىسىنى تۇنجى بولۇپ پەلسەپە ، جەمئىيەت ، دۆلەت نۇقتى-
سىدىن شەرھلىگەن زاتتۇر . ئۇنىڭ قارىشىچە ئەخلاق پەلسەپىسى
مۇستەقىل پەن بولۇپ ، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتىن
تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈشنىڭ شەرتى
ھېسابلىنىدۇ . فارابى ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتىنى ھەممىنىڭ
ئالىي نىشانى دەپ چۈشەنگەن ، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى
ئەقىل ۋە ئەخلاققا باغلىغان . ئۇ مۇنداق دېگەن : «ياخشى ئەخلاق
بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار ھەر ئىككىسى بىرلىكتە شۇ مەنىدە ئىنسان-
نىڭ قەدىر - قىممىتى ھېسابلىنىدۇكى ، ھەربىر نەرسىنىڭ پەزى-
لىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەۋزەللىك ۋە ئېرىشىلگەن كامالەتتە ، شۇ-
نىڭدەك ئۇنىڭ پائالىيىتىدە گەۋدىلىنىدۇ »⑫ . شەخسنىڭ بەختىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولسا پەزىلەتلىك ، غايىۋى
جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت . شۇ ئاساستا فارابى تەكىتلى-
گەنكى ، «ھەرقانداق شەھەر (دۆلەت ) كىشىلەرنىڭ بەختكە ئېرى-
شىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورگان بولۇشى زۆرۈر »⑬ .
ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئەخلاق تۇغما تەبىئىي ھاسىل بولغان ئەمەس .
ئەخلاقىي سۈپەتلەرنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى تەقدىر - قىسمەتكە
باغلىق ئەمەس ، بەلكى ئۇ سىرتقى مۇھىت ، تەربىيە ۋە ئىرادە





ئەركىنلىكىگە ، تاللاش ئىپادىسىگە باغلىق ؛ بىرخىل ئەخلاقىي سۈ-
پەت ئۆمۈرۋايەت ئۆزگەرمەس ھادىسىمۇ ئەمەس ، بەلكى ئۇ سىرتقى
مۇھىت ، تەلىم ۋە شەخسنىڭ ئىرادىسى ، ئادەتلىنىشىگە يۈلىنىپ
ئۆزگىرىدۇ ؛ ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتى-
دىغان نەرسە — شەخسنىڭ بىلىمى ۋە ئەقلىي بىلىش دەرىجىسى-
دۇر ؛ جەمئىيەتتە دۆلەت رەئىسىدىن تارتىپ ئائىلە باشلىقلى-
رىغىچە تەلىم - تەربىيە تورى ھاسىل قىلىش زۆرۈر ؛ مائارىپ
خىزمىتىدە ھەم مۇلايىم ، ھەم قاتتىق ئۇسۇل قوللىنىش لازىم ...
ئۇنىڭدىن باشقا فارابى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئەخلاق
كاتېگورىيىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەت ئېنىقلىمىسى ، ياخشىلىقنى
ئەمەلدە كۆرسىتىش ، ياخشى - يامان سۈپەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ
ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئۈستىدە كۆپ مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ
بارغان⑭ .

فارابى ئۆزىنىڭ پەلسەپە — ئەخلاق ئىدىيىلىرىدە دۆلەت (يا-
كى شەھەر ) نى ئىككى خىلغا بۆلگەن . ئۇلار «جاھالەتلىك دۆلەت »
ۋە «پەزىلەتلىك دۆلەت » تىن ئىبارەت . فارابى ئۇلارنى «مەدىنەتۇل
جاھىلە » ۋە «مەدىنەتۇل فازىلە » دەپ ئاتىغان ھەمدە «مەدىنەتۇل
فازىلە » نامىدا ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئوتوپىيە-
سىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «پەزىلەتلىك شەھەر
ئەھلىنىڭ قاراشلىرى » ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابىدا مەركەز-
لىك بايان قىلغان . مەزكۇر ئەسەردە ئۇ ئەخلاقنى ئاددىي مەنىدە
ئەمەس ، بەلكى جەمئىيەت بەخت - سائادىتىنىڭ مۇھىم شەرتلىرى-
دىن بىرى سۈپىتىدە تونۇپ ، پەزىلەتلىك دۆلەت (جەمئىيەت ) نىڭ
ئەخلاقىي شەرتلىرى ، ئۇنى قۇرۇش يوللىرى ، پەزىلەتلىك دۆلەت-
نىڭ رەئىسى ۋە خادىملىرىنىڭ لاياقەتلىك شەرتلىرى ، پەزىلەتلىك
دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ، پەزىلەتلىك دۆلەتتە ئىجتىمائىي
ھايات ۋە ئىلىم - سەنئەتنىڭ قانداق بولۇشى ... قاتارلىق مەسىلە-
لەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان . گەرچە فارابىنىڭ ئەخلاق ئىدى-

يىسى ۋە ئەخلاق تەشەببۇسى غايىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئەخلاقنى تۇنجى بولۇپ زور ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە تونۇپ، خاس ئەسەر بىلەن شەرھلىگەنلىكى ئۈچۈن، دىداكتىكا ئەنئەنىسىنىڭ ئۇلۇغ يولباشچىسى دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

فارابىدىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئەخلاق مەسىلىلىرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئەسەر يازغان يەنە بىر مۇتەپەككۇر — يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018~1019—1085 - يىللار) نىڭ كاتتا ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» (1070 - يىلى تاماملانغان) پەلسەپىۋى داستان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر ئەخلاقشۇناسلىق جەھەتتىكى مۇھىم تېماتىك مەزمۇننى ئىپادىلىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئىلىم ساھىبلىرى ئۇنى يەنە دىداكتىك ئەسەر دەپ ئېتىراپ قىلماقتا. دەرۋەقە بۇ ئەسەر مول ئېتىكا — ئەخلاقشۇناسلىق ئىدىيىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلامغا مەنسۇپ ئەخلاق نورمىلىرى تەپسىلىي ئىزاھلانغانلىقى، ئەخلاق مەسىلىسى قانۇن، دۆلەت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى بىلەن، ئۇ ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇكەممەللىشىشى ۋە دىداكتىكا ئەنئەنىسىنىڭ روياپقا چىقىشىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدە تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ئەخلاقلىرىنىڭ سەرخىل نەمۇنىلىرى بىلەن ئەينى زامان شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىدا سىنكرېتىك شەكىل ھاسىل قىلغان ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئەخلاقىي قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. «قۇتادغۇبىلىك» ئەخلاقشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خۇددى





فارابىغا ئوخشاش ئەخلاق ئېڭى ئەۋلادلارنى، يېڭى مۇناسىۋەتنى، يېڭى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەنىۋى شەرتى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىغان ھەمدە ئەخلاق ئىنسانىي ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ ئەمەلىي گەۋدىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى، دەپ قارىغان. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە ئەخلاق مەسىلىلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەتكە قارىتىپ تىلغا ئالغان، ئۇنى ئەخلاقشۇناسلىق پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغان. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دىداكتىك (ئەخلاقىي) ئەسەر دېيىلىشى دەل ئۇنىڭدا ئىجتىمائىيلاشقان ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ بەخت، قانۇن، بىلىم چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىدا، شۇنداقلا مۇئەللىپنىڭ فارابى ئىزىدىن بېسىپ ئۆز ئەسىرىنى پەزىلەتلىك شەھەر — جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ زور ئىستىراتېگىيىلىك پىلانى سۈپىتىدە يېزىپ چىققانلىقىدا. ئەسەردە ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى ۋە پرىنسىپلىرىغا ئائىت مەزمۇنلار بەك كۆپ بولۇپ، بېيىت سانى بويىچە ھېسابلىغاندا جەمئىي 200 بېيىتقا يېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئاپتورلارغا ئوخشىمىغان ھالدا، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنى ئىجتىمائىيەتكە تولۇق تەتبىقلاپ، ئەخلاقنىڭ كونكرېت مەزمۇننى جەمئىيەتكە مەنپەئەت بېرىش ياكى زىيان يەتكۈزۈش، خەلققە مەنپەئەتلىك ئىش قىلىش ياكى زىيانلىق ئىش قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى كۆزقاراش بىلەن خاراكتېرلەپ، ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق سۆزلەشتەك نۇقساندىن ساقلىنىپ قالغان.

«3271 خەلققە بېرىش نەپئى - ياخشىلىق ئېرۇر،
بۇ ياخشىلىق بىلەن خەلق تاپقاي ھۇزۇر.
3935 كىشى ياخشى دەر، كىمدۇر ئۇ ياخشى
كىشى دەردىگە داۋا بولسا، شۇ ياخشى.»⑮

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۇغما بولىدۇ-

غانلىقىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي جەھەت-
تىكى ياخشى ـ يامانلىقىنىڭ تۇزۇم ، مۇھىت ، ئائىلە ۋە تەربىيە
تەسىرىدە ئۆزگىرىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلمىغان .

«871 بۇ ياخشى كىشىلەر بولۇرمۇ يامان ،
يامانلار بولۇرمۇ ياخشى بىر زامان .
884 ئەگەر ياخشىغا بولسا ھەمراھ يامان ،
يامان بولغاي قىلىقى يامانلارسىمان .
885 يامانمۇ قوشۇلسا ياخشىغا بىراق ،
پۈتۈن ياخشىلىققا تاپار ئۇ چىراغ .
887 بېگى ياخشى بولسا ، پۈتۈن خەلقى تۈز
بولۇر ھەم قىلىقى ، يورۇشلىرى ئۈز .»[16]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ئەخلاق ـ پەزىلەت مەسىلىسىدە
شەخسنىڭ ياخشى ـ يامان يولغا مېڭىشى تەقدىر تەرىپىدىن بېكى-
تىلمەستىن ، ئۆزىنىڭ ئىرادە ئىختىيارلىقى بويىچە بولىدىغانلىقى-
نى ئوتتۇرىغا قويغان . تېخىمۇ مۇھىمى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى مەۋھۇم
ئۇقۇملار ئارقىلىق بايان قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن ، ئەخلاق-
نى جامائەت ئەخلاقى ، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئائىلە ئەخلاقىدىن ئىبا-
رەت ئۈچ چوڭ تۈر ئىچىدە سىستېمىلىق بايان قىلغان ؛ ياخشىلىق-
نىڭ ساپ نىيەت ، قانائەت ، سەمىمىيلىك ، مەردلىك ، مېھرىبان-
لىق ، سېخىيلىق ، كەمتەرلىك قاتارلىق تۈرلىرىنى ، يامانلىقنىڭ
ئاچ كۆزلۈك ، ھەسەت ، پىتنە ـ پاسات ، مۇناپىقلىق ، بېخىللىق
ۋە تەكەببۇرلۇق قاتارلىق تۈرلىرىنى كونكرېت يېشىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا ، كۈنتۇغدى ، ئايتولدى ، ئۆگدۈلمىش ۋە ئۇدغۇرمىش ئوب-
رازلىرى ئارا سۆھبەت ئارقىلىق دۆلەت دائىرىسىدە ، ئاۋام ئىچىدە
بولىدىغان چوڭ ـ كىچىكلەر ئارا ھۆرمەت ، مېھماندوستلۇق ، سۆز
ئەدەبى ۋە سالام ـ سەھەت جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق نور-
مىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ؛ ئالىملار ، تېۋىپلەر ، مولىلار ، ئەپ-





سۇنچىلار ، چۇش ئۆرۈگۈچىلەر ، مۇنەججىملەر ، شائىرلار ، دېھقان-
لار ، سودىگەرلەر ، چارۋىچىلار ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار بىلەن
مۇناسىۋەت قىلىشتىكى ھەمدە پادىشاھ ، بەگ ـ تۆرىلەر ، سارايۋەن-
لەر ، ساراي خادىملىرى ، ھەربىي ـ مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ كەس-
پىي خىزمىتىدىكى ئەخلاق نورمىلىرىنى كونكرېت يېشىپ ئىزاھ-
لىغان ؛ ئائىلە ئىچىدىكى ئەر ـ ئاياللار ، چوڭلار بىلەن پەرزەنتلەر-
نىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق مىزانلىرى ، پەرزەنتلەرگە ئەخلاق
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرى ، نىكاھ ئەدەپلى-
رى ··· مەسىلىلىرى بويىچە خېلى ئەتراپلىق توختالغان . يۇقىرىقى-
دەك تەرەپلىرى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك » ھازىرقى زاماندىكى ئەخلاق-
شۇناسلىق ئۆلچىمى ۋە نەزىرى بويىچە ئېيتقاندىمۇ ، مۇكەممەل
دىداكتىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئەخلاقىي مەزمۇندا ئەسەر يېزىش يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن
كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇقىم ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن .
يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنلا ئەھمەد يۈكنەكى (تەخمىنەن
13 ـ ئەسىر ) يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشلاپ بەرگەن دىداكتىك
ئەنئەنە ئىزىدىن بېسىپ ، ئەھمىيەتلىك داستان «ئەتەبەتۇل ھەقا-
يىق » نى يازغان . مەزكۇر داستاندا كىشىلەر مەرىپەتلىك بولۇشقا
چاقىرىلىش بىلەن بىرگە ، مەردلىك ، ئادىللىق ، سېخىيلىق ، كەم-
تەرلىك ، كەڭ قورساقلىققا ئوخشاش ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلەر
مەدھىيىلىنىپ ، جاھىللىق ، خەسىسلىك ، ئاچ كۆزلۈك ، يالغانچى-
لىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان . 14 بابلىق بۇ ئەسەر-
نىڭ بەش بابى خاس ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ ، مۇئەل-
لىپ تىلنى تىزگىنلەش (سۆز ئەدەبى ) ، مەردلىك ۋە بېخىللىق ،
كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ، ئاچ كۆزلۈك ، كەڭ قورساقلىق ۋە
سەۋرچانلىق قاتارلىق ئەخلاق تېپلىرى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىلغار
قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقا-
يىق » تا ، ئالدى بىلەن دىنىي قاراشلار ئاساسىدا ، ئەخلاق —

ئاللانىڭ ئىرادىسىدۇر ، يەنى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقى
تەڭرى ئىرادىسىگە بويسۇنۇشى لازىم ، دەپ قارىغان ھەمدە شۇ
ئارقىلىق تۇرلۇك ياخشى پەزىلەتلەرنى ئاللاغا ئىشەنگۈچى تەقۋا
كىشىلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان .
ئىككىنچىدىن ، جەمئىيەتتىكى چىركىن ، ناچار ھەرىكەتلەرنى ،
جۈملىدىن بىز يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەنلەر ئىچىدىكى ناچار ئەخلاقلار-
نى قەتئىي تەرزدە ئىنكار قىلغان ۋە تەنقىدلىگەن . ئۈچىنچىدىن ،
قىسقا ، ئەمما روشەن رەۋىشتە كىشىلەر ئۈچۈن بىر غايىۋى جەمئىي-
يەتنىڭ ئۈلگىسىنى سىزىپ كۆرسىتىپ بەرگەن . بۇ ئەسەردە قاي-
چىلىك نۇقسانلار ساقلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ئۆزىنىڭ
قىسقا ، ئىخچام ، دەل تىل ئۇسلۇبى بىلەن ئەسىرلەر مابەينىدە
مۇئەييەن جايلاردا كىشىلەر ئۈچۈن ئەخلاق دەستۇرىلىق رولىنى
ئويناپ ، مۇئەييەن تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان .

نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئوخشىمىغان
شەكىللەردە ساقلىنىپ ، يادلىنىپ كەلگەن ھەمدە ئۇيغۇر ئەخلاقى-
نىڭ مەزمۇنىغا يىغىنچە مەزمۇن قوشقان ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىرى
11~12 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئەھمەد يەسە-
ۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىدۇر . راۋان خەلق تىلى
بىلەن يېزىلغان ، قويۇق تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ۋە تەشەببۇسى بىلەن
تويۇنغان ، 149 قىسىملىق ، مىڭ مىسرادىن كۆپرەك ھېكمەت ۋە
قىسقىچە «مىراجنامە» ھەمدە «مۇناجات» تىن تەركىبلەنگەن بۇ
ئەسەر مىڭ يىللاردىن بېرى تەسەۋۋۇپ ئالىملىرى ۋە ئۇيغۇر
سوپى ـ ئىشانلار تەرىپىدىن تۇرلۇك سورۇنلاردا يادلىنىپ كېلى-
نىش داۋامىدا ، گەرچە ئۇنىڭدىكى دىنىي مىستىك قاراشلار خەلققە
مۇئەييەن سەلبىي قاراشلارنى سىڭدۇرۇشتە بەلگىلىك تەسىر پەيدا
قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدىكى قانائەت ، مېھىر ـ شەپقەت ،
ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق ئەخلاقىي مەزمۇنلارغا تويۇنغان ھېكمەت-
لەرنىڭ خەلقنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىگە ھەسسە بولۇپ قوشۇلغانلىقى-





دا شەك يوق . چۈنكى ، نۇرغۇن ئەخلاق مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر
كىتابىي ھالەتتە مەدرىسىلەردە ساۋاتلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئوقۇل-
غان بولسا ، خەلق تىلىغا ، خەلق قوشاقلىرىغا يېقىن بولۇشتەك
ئالاھىدىلىكى بىلەن ساۋاتسىز ئاۋام تەرىپىدىنمۇ يادلىنىپ كەلگەن .
شۇڭا ، مەزكۇر ئەسەر خاس ئەخلاق تېمىسىدىكى ئەسەر بولماسلىقى-
غا قارىماي ، ئۇيغۇر دىداكتىكا ئەنئەنىسىدىكى ئۆزگىچە بىر نەمۇنە
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىق تارىخىدا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ
«مەھبۇبۇلقۇلۇب» («كۆڭۈللەر سۆيگۈسى» ، 1500 ـ يىلى يې-
زىلغان) ناملىق ئەسىرى ساپ ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان شۆھ-
رەتلىك ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئەسەر ئىلگى-
رىكى دىداكتىك ئەسەرلەردىن قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتە كۆپ
پەرقلىنىدۇ . مەزكۇر ئەسەر ئۈچ چوڭ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان .
«كىشىلەرنىڭ قىلىق ـ ئەھۋاللىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى
توغرىسىدا» دەپ ئاتالغان بىرىنچى قىسىم 40 بابتىن ئىبارەت
بولۇپ ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ۋە
ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپكە تەۋە كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان
ئورنى ، رولى ھەم خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرى ئاپتورنىڭ ئۆز
دۇنيا قارىشى بويىچە تەھلىل قىلىنغان ؛ باھا ۋە كۆزقاراشلار ،
مۇھەببەت ياكى نەپرەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان ؛ زالىم پادىشاھلار ،
نائىنساپ ۋەزىرلەر ، قارانىيەت ئەمەلدارلار ، ئالدامچى مۇپتى ، قا-
زىلار ۋە سودىگەرلەر قاتارلىق ھۆكۈمران گۇرۇھ ۋە تەبىقىلەر ،
شۇنىڭدەك ئالدامچىلىق ، ھىيلىگەرلىك ، تەييارتاپلىق ، يالغانچى-
لىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان ھەرخىل
كىشىلەر قاتتىق تەنقىدلەنگەن ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئادالەت-
كە ، ئىنساپقا ، خالىسلىققا ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىنغان ؛ كىشى-
لەرگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى ، ئۆز مېھنىتى بىلەن ھالال
ياشىغۇچى ئەمگەكچىلەر ، بولۇپمۇ دېھقانلار قىزغىن مۇھەببەت ۋە

يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن مەدھىيىلەنگەن . نەۋائى كىشىلەرگە باھا
بېرىشتە ئادىللىق ، توغرىلىق ، پاكلىقتىن ئىبارەت ئۆلچەمنى چىد-
قىش قىلغان . ئۇ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلار ئادا-
لەتنى جارى قىلسا ، جەمئىيەت كىشىلىرى توغرا يولدا ماڭسا زامان
چوقۇم تۈزۈلىدۇ . زاماننىڭ بۇزۇلۇقىغا پادىشاھنىڭ ئادالەتسىز-
لىكى ، ۋەزىر ۋە نائىبلارنىڭ زالىملىقى ، ساداقەتسىزلىكى سەۋەب
بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەتتە ئادىل پادىشاھنىڭ بولۇشى ،
ئۇنىڭ ئەتراپىغا «پادىشاھقا دىلداش» ئەمەلدارلار قويۇلۇشى لازىم .
زاماننىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن يەنە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۆز كە-
سىپلىرىنى ھالاللىق بىلەن ئادا قىلىشى ، باشقىلارنى ئالدىماسلى-
قى ، ناچار يوللاردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك ، دەپ قارىغان ۋە
مۇشۇلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ، ئادىل پادىشاھلارنى ۋە «ئىسلام
پاناھ بەگلەر» نى مەدھىيىلىگەن ، زالىم ۋە جاھىل پادىشاھلارنى ،
قارانىيەت ئەمەلدارلارنى ، پارىخور قازى ـ مۇپتىلارنى ، بەتخۇي
تېۋىپلەرنى ، ماختانچاق ، قابىلىيەتسىز شائىرلارنى ، ھىيلىگەر
شەيخلەرنى ، ئالدامچى پالچىلارنى ، نائىنساپ ئېلىپ ـ ساتارلارنى
قاتتىق قامچىلىغان.

«ياخشى ئادەت ، ناچار ئەخلاق» دېگەن ئىككىنچى قىسىم ئون
بابتىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ قىسىمدا توۋا ، ئىبادەت ، تەۋەككۇل ،
قانائەت ، سەۋر ، تەۋەززۇ (ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ، ئەدەپلىك بو-
لۇش ) ، زىكرى قىلىش ، تەۋەججۇھ (يەكدىللىق ) ، رىزا (رازى-
لىق ) ، ئىشق قاتارلىق ئون مەزمۇن بايان قىلىنغان .

«بىر قانچە پايدىلىق مىساللار» دەپ ئاتالغان ئۈچىنچى قىسىم
124 تەنبىھ ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ قىسقا ھېكايەتلەردىن تۈزۈلگەن .
بۇ تەنبىھ (نەسىھەت ) لەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ
بولۇپ ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئائىت بولغان كۆپ مەسىلىلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان . يىغىنچاقلىغاندا ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەرگە مەركەزلى-
شىدۇ : ئىلىمنى ئۇلۇغلاش ، ئۆگەنگەننى ئەمەلدە ئىشلىتىش ؛ ئۆ-





مۈرنى بىھۇدە زايە قىلماسلىق ، ياشلىقنى قەدىرلەش ، قېرىغاندا
ئۆكۈنمەسلىك ؛ ئەدەپلىك ، مۇلايىم بولۇش ؛ تىلنى ئاسراش ، ئاز
ۋە ئويلاپ سۆزلەش ، گۈزەل ۋە يۇمشاق سۆزلۈك بولۇش ؛ كىشى-
لەرگە ياخشىلىق قىلىش ، خەير ـ ساخاۋەتلىك بولۇش ، بېخىللىق
قىلماسلىق ؛ ياخشىلار بىلەن ھەمدەم بولۇش ، يامانلارنى دوست
تۇتماسلىق ؛ خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ؛ كىشىلەرگە تۆھمەت قىلماس-
لىق ؛ گەپ توشۇماسلىق ، غەيۋەت قىلماسلىق ؛ دۈشمەندىن ھوشيار
بولۇش ، يامانلارغا يامانلىق قىلىش ؛ ۋاپادار بولۇش ، بىۋاپالىق
قىلماسلىق ؛ ھالال ياشاش ، دۇنيادىن پاك ئۆتۈش ؛ بەتخۇي بولماس-
لىق ، ئوچۇق چىراي بولۇش ؛ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق ،
ئۆز خاتالىقىنى تونۇش ؛ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك ، ئالدى-
راڭغۇ بولماسلىق ؛ شۆھرەتپەرەس ۋە تەكەببۇر بولماسلىق ؛ تەمە-
خور بولماسلىق ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك ؛ شۈكۈر ـ قانا-
ئەت قىلىش ۋە باشقىلار.

قىسقىسى ، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» كىشىلىك ھاياتتا رىئايە قى-
لىشقا تېگىشلىك بىر قاتار چوڭ ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي مەسىلى-
لەردىن تارتىپ ، تۇرمۇشتىكى كىچىك ئەدەپ ۋە ئالاقە يوسۇنلىرى-
غىچە نۇرغۇن پايدىلىق ئەخلاقىي تەكلىپ ۋە نەسىھەتلەرنىڭ جەۋھى-
رى بولۇش سۈپىتىدە ، نەۋائى ئىجادىيىتىدىكىلا ئەمەس ، مۇھىمى
ئۇيغۇر ئېتىكا تارىخىدىكى كاتتا ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەز-
كۇر ئەسەر 16 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر مەدرىسىلىرىدە
ئەخلاقشۇناسلىق دەرسلىكلىرىدىن بىرى قىلىنىپ ، نۇرغۇن كىشى-
لەر تەرىپىدىن ئوقۇشقا ۋە ئۆگىنىشكە سازاۋەر بولغان . شۇ يول
ئارقىلىق ئاشۇ ئىلغار ئەخلاقىي قاراشلار خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ
ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان .

ئەلۋەتتە ، نەۋائىنىڭ ئەخلاق تېمىسىدىكى ئەسىرى يالغۇز
«مەھبۇبۇلقۇلۇب» لا ئەمەس . ئۇ يەنە «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانى-
دىمۇ مۇھاكىمە ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىپ سېخىيلىق ، مېھرىبانلىق ،

ۋاپا ، كەمتەرلىك ، مۇلايىملىق ، ساداقەت ، راستچىللىق ، ئىلىم
سۆيۈش قاتارلىق ئىجابىي ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلىگەن .
ئەكسىچە ، بېخىللىق ، ۋاپاسىزلىق ، تەكەببۇرلۇق ، قۇۋلۇق ، يال-
غانچىلىق ، ھۇرۇنلۇق ، پىتنىخورلۇق ، ھەسەت ، چۇسلۇق ، ئاچ
كۆزلۈك ۋە ھاراقكەشلىك قاتارلىق سەلبىي ئىللەتلەرنى كۈچلۈك
پاش ۋە تەنقىد قىلغان .
«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسەردە بېرىلگەن
مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئامانىسا-
خان (1522~1557 ـ يىللار) نىڭ خوتۇن ـ قىزلارغا نەسىھەت
قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلىيە» ناملىق بىر دىداكتىك
ئەسەرنى يازغانلىقى مەلۇم . ۋەھالەنكى بۇ ئەسەر زامانىمىز-
غا يېتىپ كېلەلمىگەن .
ئۇيغۇر ئېتىكا تارىخىنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى شۆھرەت-
لىك نامايەندىسى مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتىدۇر . خارا-
باتى (1638~1730 ـ يىللار ) 1733 ـ يىلى «مەسنەۋى خاراباتى»
ناملىق دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسىرىنى يازغان بولۇپ ، 112 پە-
سىل (بۆلەك ) لىك بۇ ئەسەر 13000 مىسرا شېئىردىن تەشكىل
تاپقان چوڭ ھەجىملىك دىداكتىك دىۋاندۇر .
خاراباتىنىڭ ئېتىكا ئىدىيىسى ئادەمشۇناسلىق ، يەنى ئادەمنى
مەركەز قىلىشتەك خاھىشقا ئىگە . ئۇ ئادەمنىڭ ئەخلاقىي سۈپىتىنى
ئاشۇ سۈپەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن بەزى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىل-
غان ئاساستا ئىككى گۇرۇپپىغا (ياخشىلىق ۋە يامانلىق ) ئايرىپ ،
ياخشىلىقنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدىغان سەمىمىيلىك ، راستچىل-
لىق ، كەمتەرلىك ، شەپقەتلىك بولۇش ، ئىنسان سۆيەرلىك ، مېھ-
نەتكەشلىك ، ھالال ياشاش قاتارلىق پەزىلەتلەرنى تەستىقلاپ تەشەب-
بۇس قىلغان ؛ يامانلىقنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدىغان مۇناپىقلىق
(ئىككى يۈزلىمىلىك ) ، ئاچ كۆزلۈك ، تەمەخورلۇق ، ھەسەتخور-
لۇق ، پىتنىخورلۇق ، راھەتپەرەسلىك ، تەكەببۇرلۇققا ئوخشاش





بەدئەخلاقلارنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلغان .
خاراباتى ئەخلاق مەسىلىسىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى «سە-
ۋەب» ۋە «ئۇرۇق» ئورنىدا ، ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى «ھوسۇل» ۋە
«ئاقىۋەت» سېلىشتۇرمىسىدا تىلغا ئالغاندىن باشقا ، مۇھىمى ياخ-
شىلىقنى ئادالەت ۋە ئىلىم ـ مائارىپ كاتېگورىيىسى بىلەن بىر-
لەشتۈرۈپ ، ئۇلارنى بىر جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىپ ، ئاسايىشلىققا
يۈزلىنىشىدىكى ئۈچ ئامىل دەپ قارىغان . بۇ جەھەتتە ئۇ فارابى ،
يۈسۈپ خاس ھاجىب ۋە نەۋائىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەخلاقشۇناس
ئوتتۇرىغا قويغان پەزىلەتلىك جەمئىيەت غايىسىگە تولۇق يېقىنلى-
شىش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسىنى ئىپادە قىلغان .
«مەسنەۋى خاراباتى» دا ئەخلاق مەسىلىسى چېچىلاڭغۇ بايان قىلىن-
غان بولماستىن ، بەلكى ئۇ جامائەت ئەخلاقى ، كەسپىي ئەخلاق
(جۈملىدىن ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى) ۋە
ئائىلە دائىرىسىدىكى ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈر ئىچىدە ، پەلسەپە
يۈكسەكلىكىدە تەشەببۇس قىلغان . شۇ قىممىتى بىلەن مەزكۇر
ئەسەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم نە-
زەرىيىۋى ئاساسلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى-
غىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يەنە بىر قېتىم گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم
قويدى . جۈملىدىن بۇ دەۋردە بىر قاتار ئەدىبلەر ، مۇتەپەككۇرلار
ۋە تارىخچىلار مەيدانغا كېلىپ كۆپلىگەن ئەدەبىي ، تارىخىي ، ئەخلا-
قىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى روياپقا چىقاردى . بۇ دەۋردە بارلىققا
كەلگەن زور ھەجىملىك بىر قانچە دىداكتىك ئەسەر ئۇيغۇر ئېتىكا
تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇ دەۋردە ئەخلاق تېمىسىغا
بېغىشلانغان ئەسەرلەردىن ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ «ماقالات»
ناملىق ئەسىرى ، ئەخلاقشۇناس ئالىم مۇھەممەد سىدىق رەشىدىنىڭ
«سىدىقنامە» ناملىق چوڭ ھەجىملىك دىداكتىك ئەسىرى ۋە مۇ-
ھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «زۇبدەتۇل مەسائىل» ۋە «ئەدەبۇسسال-

ھىين » ناملىق ئىككى ئەسىرى بەكرەك مەشھۇر .
ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا
قەشقەردە تۇغۇلغان . «ماقالات» ئۇنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشى ۋە پەلسە-
پىۋى ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بايان قىلغان تەربىيىۋى ئەھ-
مىيەتكە ئىگە ئەسىرى بولۇپ ، بۇ ئەسەرنى مۇئەللىپ ئەينى دەۋردى-
كى قەشقەرنىڭ ئەمىرى زۇھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ تاپشۇرۇقى
بىلەن يېزىپ چىققان . «ماقالات» ( «ماقالىلەر» ) جەمئىي 20
ماقالە (باب ) دىن تۈزۈلگەن ئەسەر بولۇپ ، ئەسەردە نەۋائىينىڭ
«مەھبۇبۇلقۇلۇب » ئەسىرىدىكى ئەخلاق پەلسەپىسىنىڭ مەزمۇن جە-
ھەتتىكى تەسىرى زور . «ماقالات» تا سەبۇرى سۇمۇرغ ، ھۆپۈپ ،
تاۋۇس ... قاتارلىق بىر قاتار قۇشلار ئوبرازى ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ
ھەربىرىنى بىردىن ئەخلاق نورمىسىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تەس-
ۋىرلەش ئارقىلىق ، مەجازىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئەخلاق
تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . مۇئەللىپ ئەسەرنىڭ ئەخلاق
توغرىسىدىكى قىسمىدا ئەخلاقنى «كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادەت-
لىك بولۇشىغا ، چوڭ كىشىلەرنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشىغا
سەۋەبتۇر » دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ، كەمتەرلىك ، كىچىك
پېئىللىق ، ھايا ۋە نومۇس ، قانائەت ، سېخىيلىق ، ئىلىم سۆيەر-
لىك ... قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى
بەدئەخلاقلار توغرىسىدا ئۆز پىكىرلىرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قوي-
غان . كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا ھەرىكىتى بىلەن ، تىلى بىلەن ، ھېچ
بولمىغاندا كۆڭلى بىلەن بولسىمۇ ياخشىلىق يەتكۈزۈپ ، زىيان ـ
زەخمەت كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلغان . قىسقى-
سى ، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئېتىكا تارىخىدا ھايۋانات ئوبرازلىرى ئارقى-
لىق ئەخلاق مەسىلىسى مۇلاھىزە قىلىنغان ئەسەر بولۇش بىلەن ،
ئۇيغۇر دىداكتىكا ئەنئەنىسى بابىدىكى ئۆزگىچە بىر ئەسەر
ھېسابلىنىدۇ .
ئەخلاقشۇناس ئالىم مۇھەممەد سىدىق رەشىدى (1710~ ؟)





1784 ـ يىلى تاماملىغان «سىدىقنامە» ناملىق ئەسەر ئۇيغۇر خەل-
قىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىنى ۋە ئۇ ھەقتىكى ئۆلچەم ـ
پرىنسىپلارنى ئۆز دەۋرى شارائىتىدا بىر قەدەر تولۇق شەرھلەپ
بەرگەن ئەسەردۇر .
بۇ ئەسەر مۇقەددىمىسىدىن باشقا 44 بابتىن تۈزۈلگەن . ھەر-
بىر باب بىر تېما ، بىر مەزمۇننى كەڭ دائىرىلىك يورۇتۇپ بەر-
گەن ، تېمىلىرى ئۆزگىچە . ئۇلار : ئېتىقاد ، تائەت ـ ئىبادەت ،
ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، كىچىك-
لەرنى ئىززەتلەش ، ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگىنىش ، تىل گۈزەللىكى ،
تۇرلۇك پەند ـ نەسىھەتلەر ، ياشلىقنى قەدىرلەش ، ۋاقىتنى بىھۇدە
ئۆتكۈزمەسلىك ، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئىسراپچىلىقتىن ساقلى-
نىش ، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ سالامەتلىككە بولغان پايدا ـ زىيىنى ،
مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈشنىڭ تەرتىپ ـ مىزانلىرى ،
مۇغەننىيلىك (سازەندىلىك ) ۋە شاھمات ئويناش قائىدىلىرى ، مۇ-
ھەببەت ۋە نىكاھ ئىشلىرى ، خوتۇن ـ قىزلارنى ھۆرمەتلەش ۋە
ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش ، ھاممامغا بېرىش ، ئۇخلاش ۋە
ئارام ئېلىشنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، شىكار
قىلىش ، ئوۋ ئوۋلاش ۋە چەۋگەن ئويناشنىڭ تەرتىپلىرى ، دوست
بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرۈش ، مال ـ مۈلۈك جەم قىلىش ۋە
ئىقتىسادچىل بولۇش ، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ، خىزمەتكار-
لارغا بولغان مۇئامىلە ، سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم ئىشلى-
رى ، ئۆيلىنىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ، پەر-
زەنت ـ ئەۋلادلارنى پەرۋىش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى ، دوستلۇق-
نىڭ شەرتلىرى ۋە ۋاپادارلىق ، دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش ،
دوستلار ئارا ئەپۇ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزلەش-
نىڭ پايدىسى ، تېبابەتچىلىك ۋە تېببىي ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ،
ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە ئىلمى ) ئۆگىنىش ، شېئىر ۋە شا-
ئىرلىق قائىدىلىرى ، مۇزىكا ئىلمى ، مۇنشىيلىق (كاتىپلىق ) ۋە

مەخپىيەتلىكلەرنى ساقلاش شەرتلىرى ، پادىشاھلارنىڭ سۈپەتلىرى
ۋە ۋەزىرلىك قائىدىلىرى ، ھەربىي سەركەردىلىك ، دېھقانچىلىق
ئىشلىرى ، مەردلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ پەزىلىتى ... قاتارلىقلار .
ئەسەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ، چېتىلىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ .
ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەدل - ئادالەت ، ئاتا - ئانىلارنى
ھۆرمەتلەش ، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ، ھۈنەر - ئىلىم ئۆگىنىش-
نىڭ خاسىيىتى ، تىل گۈزەللىكى ، سەمىمىيلىك ۋە كەمتەرلىك ،
راست سۆزلۈك ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش ، ۋاقىت - پۇرسەتنى
قولدىن بەرمەسلىك ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەت-
لەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ، دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق
ئايرىش ، ئۆرپ - ئادەت ، نىكاھ ، مۇھەببەت ... قاتارلىق مەسىلى-
لەر ئۈستىدىكى قاراشلار پەند - نەسىھەت دائىرىسىدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ ، بەلگىلىك نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن .
ئاپتور ئەسەردە باشتىن - ئاخىر ئىلىم - پەن ، ھۈنەر ئۆگى-
نىش بىلەن تىل گۈزەللىكى ۋە ئەخلاق - پەزىلەت ھەققىدە ئالاھىدە
توختالغان . كىشىلەرنىڭ ئالاقە ۋاسىتىسى بولغان تىلنىڭ جەمئى-
يەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى قىزىقار-
لىق ھېكايىلەرنى كىرىشتۈرۈپ بايان قىلغان . جۈملىدىن ئەدەپ -
ئەخلاقلىق بولۇش ، ئىلىم - پەن ئىگىلەش ۋە مۇناسىۋەت قىلىش
جەھەتتە تىلدىن توغرا پايدىلىنىش ، تىل گۈزەللىكىگە سەل قارى-
ماسلىق توغرىسىدا تېرەن مەزمۇنلۇق جۈملىلەرگە مۇراجىئەت قى-
لىش بىلەن ، تىلنى ئېسىل پەزىلەتلىك كىشى بولۇشنىڭ ئۆلچەم-
لىرىدىن بىرى سۈپىتىدە بايان قىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردە
پەرزەنت تەربىيىسى ، دوستلۇق ، ئىلىم ئۆگىنىش ، يېمەك - ئىچ-
مەك ۋە مېھماندارچىلىق قائىدىلىرى ھەققىدىمۇ مەخسۇس سەھىپە-
دە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن . يۇقىرىقىدەك تەرەپلىرى بىلەن «سى-
دىقنامە» ئۇيغۇر ئېتىكا تارىخىدىكى مۇھىم يادىكارلىق بولۇشقا
مۇناسىپتۇر .





مۇھەممەد سادىق قەشقەرى (1850~1726 - يىللار) قەشقەر-
دە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار قاراشقا ئىگە
بولغان ، شۇنداقلا تارىخ ، ئەدەبىيات ، ئېتىكا ، تەزكىرە قاتارلىق
كۆپ ساھەلەر بويىچە بىر قاتار شۆھرەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ
قالدۇرغان ئەدىب بولۇپ ، ئۇنىڭ تارىخىي بەدىئىي ئەسىرى «تەز-
كىرەئى ئەزىزان» دا ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۆز دەۋرى بىلەن باغلان-
غان ھالدا ئەكس ئەتكەن بولسا ، ئۇنىڭ «ئەدەبۇسسالىھىين»
«ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرى» «زوبدەتولمەسائىل ۋەلئەقائىد»
(«ئوبدان مەسىلىلەر ۋە قائىدىلەر») ، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل-
كەھف» كە ئوخشاش ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى
ئىلغار ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتى-
دۇ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان «ئەدە-
بۇسسالىھىين» ناملىق ئەسىرى ئېلىمىزدىلا ئەمەس ، بەلكى شەرق
ۋە غەربتە زور شۆھرەت قازىنىپ ، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا
پېتربۇرگدا ، تاشكەنتتە ، كالكۇتتادا ، تۈركىيىدە بىر نەچچە قېتىم
رۇس ، ئۆزبېك ، تۈرك تىللىرىدا نەشر قىلىنغان ، شۇنداقلا ئوتتۇرا
ئاسىيا ، تۈركىيە ۋە شىنجاڭدىكى مەدرىسىلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە
ئىشلىتىلگەن .
«ئەدەبۇسسالىھىين» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاق قاراشلى-
رىنىڭ مەزمۇنى كىتابتا يەتتە بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئۇلار : 1 .
ئۆيدە ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقاندا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەر ؛ 2 .
سەپەردە ، ساياھەتتە رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەر ؛ 3 . ئاغرىقنى يوق-
لاشتا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەر ؛ 4 . ئۇخلاش ، دەم ئېلىش ،
ئىچىملىك ئىچىش ۋاقتىدىكى ئەدەپلەر ؛ 5 . جامائەت يىغىلغان
جايلاردا سۆزلەش ، بىلىم ئۆگىنىش ، ئۇستاز ۋە شاگىرت ،
چوڭ - كىچىكلەر ئارىسىدا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەر ؛ 6 . مېھمان
كۈتۈش ۋە مېھماندارچىلىقتا رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەپلەر ؛
7 . ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەپلەرنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ.
مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىدىن بىرى
بولغان ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسى-
ۋەتلىرىنىڭ كەڭلىك دەرىجىسى بويىچە چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆز قۇد-
رىتى يەتكەن دەرىجىدە چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەر-
گەن. ئەدىب بۇ كىتابىدا ئەخلاق نورمىلىرى ئىچىدە تەربىيە مەسى-
لىسىنىڭ مەركىزىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ
مەنبەسى خەلق تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى مەركىزىي ھالقا دەپ ھېساب-
لىغان. ئۇ تەربىيىنى ئىنسان ئەقلىنى، ھاياتىنى شەكىللەندۈرگۈ-
چى ئامىللارنىڭ بىرى دەپ چۈشەنگەن. ياش - ئۆسمۈرلەرنى كى-
چىكىدىن تارتىپ تەربىيىلەشنى كۈچلۈك تەكىتلىگەن.

ئومۇمەن، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرى
مەزمۇن جەھەتتە ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ ئەخلاقىي قاراشلىرىدا
ئىنسان ئارا ۋە ئىنسان ھەم جەمئىيەت - تەبىئەت ئارا مۇناسىۋەت-
لەرنى ئىنچىكە كونكرېت شەرھلەپ بەرگەن.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەتراپتىكى
مىللەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئىچكى تەقەززا سەۋەبىدىن زور تارىخىي،
ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى
يېڭىچە مەدەنىيەتكە كۆچۈش ھەرىكىتى — «جەدىدچىلىك» ئىدى.
بۇ ھەرىكەت ئىدىيە - مەدەنىيەت جەھەتتە كونا ئاسارەتلەردىن قۇتۇ-
لۇپ، يېڭىچە مائارىپ، سىياسىي ئىدىيە ۋە ئېتىقادقا يۈزلىنىش
ئۆزگىرىشى بولۇش سۈپىتىدە، بىر قانچە ئەدىب ۋە ئىجتىمائىي
پائالىيەتچىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە تۈرتكىسى بىلەن مەلۇم كۆ-
لەمدە نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى
ئابدۇقادىر داموللا ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللا (1855~1925 - يىللار) ئاتۇشتا تۇغۇ-
لۇپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلغان مول
ھوسۇللۇق ئالىم بولۇش سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا يەنە



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

ئۇيغۇر ئەخلاقىي ئەنئەنىسىگە ياندىشقان ھالدا بىر قانچە دىداكتىك
مەزمۇندىكى ئەسەرنى، جۈملىدىن «نەسىھەتى ئامما»، «مۇخەم-
مەس» ۋە «مىفتاھۇل ئەدەب» لەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە «نەسىھەتى ئامما» ئابدۇقادىر داموللىنىڭ
ئەينى دەۋردىكى خەلقنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ ئىلىمگە يۈزلەندۈ-
رۈش، مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق نادانلىق
ۋە قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىشىلىك قەدىر - قىممەتنى جارى
قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش مەقسىتىدە يازغان ئەسىرى بولۇپ، مۇئەل-
لىپ ئۇنىڭدا ئىتتىپاقلىق، مەرىپەت، ئىنساپ ۋە ئادالەتتىن ئىبا-
رەت تۈپ ياخشى ئەمەللەرنى چۆرىدىگەن ھالدا يەكدىللىق، ئىلىم
خۇمارلىق، توغرىلىق، سەۋر - تاقەت قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنى
يېتىلدۈرۈش ھەم ئۇلارنىڭ پايدىسى، جاھىللىق، نادانلىق، ھو-
رۇنلۇق، زۇلۇم ۋە خىيانەت قاتارلىق بەدئەخلاقلارنى تۈگىتىش
ھەققىدە ئىلغار تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن سىرت، يۈسۈپ
خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدىن تارتىپ كېيىنكى
ھەممە ئەخلاق تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە ئىزچىل مۇھىم ئورۇنغا
قويۇلۇپ سۆزلەنگەن ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرگە قارىتىلغان ئەخلاق
ۋە ئىلىم تەربىيىسى مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەرزدە بايان قىلغان.
ئەسەر قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دىداكتىكا ئەنئەنىمىزدىكى يەنە بىر
كاتتا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «مۇخەممەس» ناملىق 600 مىسرادىن
تەشكىل تاپقان شېئىرىمۇ ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە ئەخلاق مەسىلىسى
ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ يەنە بىر يىغىنچاق تەسۋىرىدۇر. بۇ شې-
ئىرىي ئەسەردە ئاپتور نۇقتىلىق ھالدا نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئەخلا-
قىي بۇزۇقلۇقنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى كەڭ -
كۇشادە تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، ئادالەتتىن ئىبارەت ئەخلاقىي
سۈپەتنىڭ جەمئىيەتتىكى رەھبەرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان
زۆرۈر پەزىلەت ئىكەنلىكى، شۇندىلا ئىجتىمائىي گۈللىنىشنى قولغا

كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ پەزىلەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىدىيىسىگە يېقىندىن ياندىشقان.

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەب» (1910~1911 - يىللىرى تۈزۈلگەن) ئەسىرىمۇ ئەخلاقشۇناسلىق ساھەسىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەسەردىكى 1800 مىسرادىن ئارتۇق تاللانما شېئىر مەزمۇن جەھەتتە ئەخلاق مەسىلىلىرىدىن بەخت، قەھرىمانلىق، پەزىلەت تەربىيىسى، سۆز ئەدەبى، ئاچ كۆزلۈك، خەسىسلىك، ۋەتەن سۆيۈش، مېھىر - مۇھەببەت قاتارلىقلارغا بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ ئەسەر يالغۇز ئەرەب، پارس ۋە ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئېسىل شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان پارچىلارنىڭ توپلىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنىڭ توپلىمى ۋە ئەۋج ئالدۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا، يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ باشقا مەزمۇندىكى ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلىرىمۇ ھەم مول ئەخلاق مەزمۇنىدىن خالىي ئەمەس. دېمەكچىمىزكى، ئەخلاق مەسىلىسى ۋە ئەخلاق تەشەببۇسى ئەزەلدىن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىزچىل تەسۋىرلەپ، ياندىشىپ كەلگەن مۇھىم، ئۆلمەس تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەبغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى، لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى ۋە زەلىلىلەرنىڭ غەزەللىرى، لۇتفى، ئابدۇرېھىم نىزارى، ھىرقەتى، نۇرۇز ئاخۇن زىيائى ... لارنىڭ داستانلىرى ۋە باشقا ئەدىبلەرنىڭ شېئىرىي، نەسرىي ئەسەرلىرىمۇ ئەخلاق مەسىلىلىرىگە ياندىشماي قالمىغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مىڭ يىل جەريانىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ساپ ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان يۇقىرىقى-





دەك دىداكتىك ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىي ئەمەس. بۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ھازىرلاپ بولغان ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتنى تۈزەش، ئەخلاقلاشقان جەمئىيەت بەرپا قىلىش غايىسى، ئىسلام دىنىدا ئەخلاق مەسىلىسىنىڭ گەۋدىلىك تەكىتلىنىدىغانلىقى ھەمدە مىڭ يىل جەريانىدا سىياسىي ھاكىمىيەتلەر كۆپ قېتىم ئالماشقان، ھەتتا بەزىدە ھاكىمىيەتسىزلىك شەكىللەنگەن شارائىتلاردىمۇ خەلقنىڭ قانۇن بىلەن، مۇھىمى ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشىشىدەك رېئال تەقەززا ۋە تەلەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى يالغۇز دىداكتىك ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، يەنە مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى داڭلىق دىداكتىك ئەسەرلەرنى ۋە ئىسلام ئەھكاملىرى، ئىسلام ئەخلاقى بايان قىلىنغان دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئاۋامغا تونۇشتۇرۇش بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ كىچىك ئەمەس. تۆۋەندە ئۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

«كەلىلە ۋە دىمنە». بۇ ھىندى ھەكىملىرىدىن بىدپاينىڭ ھىندى پادىشاھى دابشىلىمغا ئاتاپ يازغان ئەسىرى بولۇپ، مىلادىيە 4 - ئەسىرلەردە كىتاب شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن. مىلادىيە 6 - ئەسىرلەردە پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «كەلىلە ۋە دىمنە» نۇرغۇن مەسەل ۋە چۆچەكلەردىن تۈزۈلگەن ئەخلاق ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئائىت كىتاب بولۇپ، بۇ ئەسەرنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمان موللا مۇھەممەد تۆمۈر 1717 - يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ھېكمەتكە، ئەخلاقىي دەۋەتكە تويۇنغانلىقى بىلەن 1984 - يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى بارلىققا كەلگۈچە ۋە ئۇندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق قاراشلىرىغا بەلگىلىك

تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

«ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى»). بۇ پارس مۇتەپەككۇرلىرىدىن مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشفى (؟~1440) نىڭ ئەخلاق تېمىسىدىكى كاتتا ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرىتى زور. بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تەرجىمان موللا مۇھەممەد تۆمۈر مىلادىيە 1743~1744 - يىللاردا پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. شۇ تەرجىمە نۇسخىسى ئاساسىدا 2002 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

قىرىق بابلىق، نەسرىي شەكىل ئاساس، نەزمىي شەكىل قوشۇمچە ھالەتتە تاماملانغان بۇ ئەسەر مۇھىم ئەخلاق ئوقۇشلۇقى، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەستۇر بولۇش سۈپىتىدە، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي بەخت ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىككە يېتەكلەيدىغان ئېسىل پەزىلەتلەر تەشەببۇس قىلىنغان، خەلقچىللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت، ھالاللىق، ساپ دىللىق، پاكلىق، توغرىلىق، سەمىمىيەت، ۋاپا، راستچىللىق... قاتارلىقلار ھەققىدىكى قاراش، ئۆلچەم، پرىنسىپلار، جامائەت ئەخلاقى، ئائىلە ئەخلاقى ۋە كەسپىي ئەخلاقنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر يېقىنقى مەزگىللەرگىچە خەلق ئارىسىدىكى ساۋاتلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ پايدىلىنىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئەخلاق نورمىلىرى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ كەلگەن.

«گۈلىستان». بۇ ئىران شائىرى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئىدى شىرازى (1203~1292 - يىللار) 1258 - يىلى يېزىپ چىققان دىداكتىك مەزمۇندىكى كاتتا ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھلارنىڭ خۇلق - ئادىتى، دەرۋىشلەرنىڭ ئەخلاقى، قانائەت قىلىش ۋە سۆ-



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

كۈت قىلىشنىڭ پايدىسى، ئىشق ۋە ياشلىق توغرىسىدىكى، زەئىپلىك ۋە قېرىلىق توغرىسىدىكى تەربىيىنىڭ تەسىرى ھەمدە ئۆزئارا مۇناسىۋەت قائىدىلىرى قاتارلىق سەككىز باب ئىچىدە نۇرغۇن ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئىخچام يورۇتۇلغان. «گۈلىستان» كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى شىنجاڭدىكى مەدرىسىلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇلۇپ كەلگەن. «گۈلىستان» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى 15 - ئەسىردىلا مەيدانغا كەلگەن. 16 - ئەسىردە تۈركىيىلىك تىلشۇناسلاردىن سەرۋەرى، شەمئى ۋە سۇدى ئارقا - ئارقىدىن «گۈلىستان» نىڭ شەرھىسىنى يېزىپ چىققان. چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبى ۋە تەرجىمانى ساھىب سالاھى (1321~1396 - يىللار) 1391 - يىلى «گۈلىستان» نى پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا «تۈركىي گۈلىستان» دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى شائىر رەھمەتۇللا جارى تەرجىمە قىلغان «گۈلىستان» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى مەيدانغا كەلگۈچە (1984 - يىلى) بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى مەدرىسىلەردە مەزكۇر ئەسەرنىڭ پارسچە نۇسخىسى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى پارس تىل - ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ، ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشقا مەلۇم دەرىجىدە ھەسسە قوشقان. ھازىرمۇ بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە ئەخلاقىي ئۈگۈت ئالىدىغان ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«بوستان». بۇ شەيخ سەئىدىنىڭ دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسىرى بولۇپ، شېئىرىي ھېكايىلەردىن تۈزۈلگەن 10 بابلىق بۇ نادىر ئەسەردە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرى — پىكىر - تەدبىر، شەپقەت، ئادالەت، ساخاۋەت، خەير - ئېھسان، مېھىر - مۇھەببەت، مەردلىك، ساداقەت، خەلقپەرۋەرلىك قاتارلىق ئالىيجاناب گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەر بايان قىلىنغان؛ جاھا-

لەت ، زالىملىق ، ئاچ كۆزلۈك ، ئالدامچىلىق ، ھەسەتخورلۇق قا-
تارلىق ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنغان . بۇ ئەسەر گەرچە 1983 ـ يىلىغا
كەلگەندىلا ئۆزبېك تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بول-
سىمۇ ، ئەمما خۇددى «گۇلىستان» غا ئوخشاشلا شىنجاڭدىكى مەد-
رىسلەردە پارس تىل ـ ئەدەبىياتى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن مۇھىم
دەرسلىك سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن . بۇ جەرياندا مەزكۇر
ئەسەردىكى ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنىڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارد-
سىغا تەدرىجىي سىڭىپ ، مۇئەييەن ئۈنۈم ۋە تەسىر پەيدا قىلغانلى-
قىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ .
«قابۇسنامە» . بۇ سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە (11 ـ ئە-
سىر ) ياشىغان زات — شەمسۇل مائالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمگىر
قابۇس مىلادىيە 1080 ـ يىلى پارس تىلىدا يېزىپ قالدۇرغان ،
ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە
ھايات تەجرىبىلىرى بايان قىلىنغان ئېسىل دىداكتىك ئەسەر بو-
لۇپ ، ئۇنىڭدا جامائەت ئەخلاقى ، ئائىلە ئەخلاقى ۋە كەسپىي ئەخ-
لاققا مەنسۇپ ھەرخىل ئەدەپ ـ قائىدە ۋە ئەخلاق نورمىلىرى
نەسىھەت ئۇسۇلىدا بايان قىلىنغان . بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر
تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى 18 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بو-
لۇپ ، تەرجىمان ھازىرغىچە نامەلۇم . بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى 1980 ـ يىللاردا ئابدۇرەشىد ئىسلامى
تەرىپىدىن رويابقا چىقىرىلغان . بۇ ئەسەر ئۆزىدىكى ئېسىل ئەخلا-
قىي دەۋەتلەر ۋە رېئال نەسىھەتلەر بىلەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى
ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان ھەمدە ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ مەزمۇ-
نىنى بېيىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان .
يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن باشقا ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلامى-
يەتتىن كېيىن بىر قاتار دىنىي ئەسەرلەرنىڭ قىسمەن ياكى پۈتۈن
تەرجىمە نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلدى . مەسىلەن ، «قۇرئان» نىڭ
قىسمەن بۆلىكىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى





13 ـ ئەسىرلەردىلا مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم . «مىڭ بىر كېچە»
18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر تەرجىمان مۇھەممەد
ئابدۇللاخان تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى . ئەلىشىر
نەۋائى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقىي مەزمۇندىكى قىرىق ھەدى-
سى (سۆزى ) نى شېئىرىي ئۇسلۇبتا ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ
چىقتى . دىنىي ئەقىدە ، شەرىئەت ۋە ئىسلام ئەخلاقى تونۇشتۇرۇل-
غان «مىفتاھۇل جىنان» ( «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» ) ، «شەرھى
ۋەقايە» قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ
19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا مەيدانغا كېلىپ ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە
ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىنى ئىلگىرى
سۈردى .
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى چوڭ بىر خەزىنىدۇر . بۇ
خەزىنە ئىچىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن
ئەسەرلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن
بارلىققا كەلگەن چۆچەك ، داستان ، ئەپسانە ، رىۋايەت ، قوشاق ۋە
ماقال ـ تەمسىللەردىكى ھالقىلىق بىر مەزمۇن دەل ئەخلاق مەسى-
لىسى بولۇپ ، ئۇلاردا ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ بارچە مەزمۇنى ، جۈملى-
دىن ياخشىلىق ، ۋاپادارلىق ، دوستلۇق ، ئىتتىپاقلىق ، ئادىللىق ،
سېخىيلىق ، مەردلىك ... قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلارغا مەدھىيە
ئوقۇش ، شۇنداقلا بېخىللىق ، ئاچ كۆزلۈك ، جاھىللىق ، زالىم-
لىق ، ئىتتىپاقسىزلىق ، ۋاپاسىزلىق ... قا ئوخشاش ناچار
خۇلقلارغا لەنەت ئوقۇش بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تەرزدە ئوتتۇرى-
غا قويۇلغان .
ئومۇمەن ئېيتقاندا ، ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغان مىڭ يىلچە
ۋاقىت ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسى سىستېمىلاشقان ، بېيىغان ، مەدە-
نىيەت ئەنئەنىسى ، مىللىي خاراكتېر ۋە ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىدە
تۇراقلاشقان بىر دەۋر بولدى .

## 3 . سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەخلاقى

ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى
ئۇيغۇر ئەخلاقىمۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەر-
دىكى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ داۋامىدۇر . ئەمما ئۇ سوتسىيالىستىك
يېڭىچە ئەخلاق نورمىلىرىنى ۋە تەركىبلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ
بىرىۋاتقانلىقى ھەمدە ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە تۇرلۇك ئېچكى
ۋە تاشقى تەسىرلەر سەۋەبىدىن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردە بەزى
ئۆزگىرىشلەرنى ياساپ بېرىۋاتقانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن
كېيىن ، ماركسىزملىق ئېتىكا قارىشى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كەڭ
تارقىلىشقا ۋە راۋاجلىنىشقا سازاۋەر بولدى . ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىدە
ئەسلىدىن بار بولغان ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىنى تەنقىدىي ئۆز-
گەرتىپ ، ئۇنى يېڭى ئىلمىي دۇنيا قاراش ئاساسىدا يېڭى ھاياتلىققا
ئېرىشتۈردى . سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى
ئۆزىنىڭ زور ماسلىشىش كۈچى ۋە جانلىقلىقىنى نامايان قىلدى .
گەرچە مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئاممىسى ھېلىھەم كىشى ئۆلگەندىن كې-
يىن «جەننەت» ۋە «دوزاخ» نىڭ بىرىدە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسى-
مۇ ، ئەمما ئۇلار رېئاللىققا تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراپ ھەم
كەلگۈسىگە ئىنتىلدى ، ھەم بۇگۈنكى گۈزەل تۇرمۇشنى يارىتىشنى
تېخىمۇ خالىدى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر ئەنئە-
نىۋى ئەخلاقى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىشى ۋە
تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇپ ، كونا دەۋرلەردىكى فېئوداللىق ئەخلاق
بىلەن بىرلىشىشتىن يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەخلاق بى-
لەن بىرلىشىشكە يۈزلەندى . دىنىي زاتلار دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي
ئەخلاقنى شەرھلىگەندە ، ئۇلارنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەڭشەپ ،
يېڭىچە ئىجتىمائىي تەلەپلەرگە ماسلاشتۇرىدىغان بولدى . مەسى-
لەن ، شىنجاڭدىكى مەسچىتلەردە ئىسلام ئۆلىمالىرى دۆلەتنىڭ
پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغاندا ئەسلىدىكى قارىشىنى





ئۆزگەرتىپ ، «قۇرئان» ، «ھەدىس» ۋە باشقا شەرىئەت كىتابلىرى-
دىن نەقىللەر كەلتۈرۈپ ، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ دىنىي ئەقىدىگە ئۇي-
غۇن ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ھارام ئىش ئەمەس ، بەلكى ھالال ئىش
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى ۋە چۈشەندۈرمەكتە . بۇ خىلدىكى مىسال-
لار كۆپ بولۇپ ، بۇ سوتسىيالىزم شارائىتىدا ھازىرقى ئىجتىمائىي
تۇرمۇش بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان كونا دىنىي كۆزقاراشلار ۋە
دىنىي ئەخلاقنىڭ ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . بۇ
ئەمەلىيەتتە دەۋرنىڭ تەلىپى ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى ،
شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇسىدىن ئىبارەت . ئۇندىن باشقا ،
نۆۋەتتە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئىتتىپاقلىق ، ئۆزئارا ياردەم ،
قوشنىلار ئىناقلىقى ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە دەۋەت قىلىش ۋە مەرىپەت
ئىشلىرىغا خالىس ياردەم قىلىش ، مۇھىت ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈپ
مۇھىتنى تۈزەش ۋە ئاسراش ، ئۆرپ ـ ئادەتلەردىكى خۇراپىي
تەركىبلەرنى تۈگىتىش ، سودىدا سەممىي ، ئادىل بولۇش ، ئوغرى-
لىق ۋە پاھىشە قىلماسلىق ، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ، كەسىپنى
سۆيۈش ... قاتارلىق سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ نورما ـ مىزانلى-
رى ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى-
دىن بولۇپ ، بۇ ئەھۋاللار سوتسىيالىستىك ئەخلاق بىلەن ئۇيغۇر
ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ كۆپ جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن ئىكەنلى-
كىنى ، بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا
سوتسىيالىزملىق ئىدىيە ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماس بەزى
ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندىن باشقا ، يەنە تۆۋەندىكىچە بىرقانچە خىل
ئۆزگىرىشلەرمۇ بارلىققا كەلدى : بىرىنچىدىن ، جەمئىيەتنىڭ ھا-
كىمىيەت قۇرۇلمىسىدا دىنىنىڭ ئورنىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى بى-
لەن ، دىن ئەخلاقنى ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن ھىمايە قىلالمايدىغان
بولدى . مائارىپ سىستېمىسىدا دىنىي ئەخلاقنىڭ ئورنىنى يېڭىچە
ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئالدى . ۋەھالەنكى ، دىنىي ئەخلاق يەنىلا ھەر-

قايسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا تەشۋىق قىلىنىدى ۋە قوغدال-
دى . نەتىجىدە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئەنئەنىۋى ئەخلاق بىلەن يېڭىچە
ئەخلاق بىرلىكتە مەۋجۇت بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى ؛ ئىككىن-
چىدىن ، كىشىلەرنىڭ دىنغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئېتىقادىنىڭ
ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئەخلاقنى دىن ئەقىدىسى بىلەن بىرلەش-
تۈرۈپ چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە چېكىنىش بولدى . ئۈچىنچىدىن
كىشىلەر ، جۈملىدىن ياش ئەۋلادلار ئەخلاقنى ئىجتىمائىي مەدەنى-
يەت نۇقتىسىدىن ئەنئەنە ئاساسىدا ھەم ئومۇمىي ئىنسانىي ئەخلاق
سۈپىتىدە چۈشىنىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغان ھال شەكىللەندى ؛
ئۈچىنچىدىن ، تۈرلۈك تەشۋىقات ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈش قوراللىرى-
نىڭ تەسىرىدە ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭى ۋە ئەخلاق نورمى-
لىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ ، ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ
مولللىشىشىغا سەۋەبچى بولدى . بۇ جەرياندا يەنە ئەنئەنىۋى ئەخلاق-
نىڭ قىسمەن شارائىتلاردا ئېتىبارسىزلىققا دۇچار بولۇشىدەك
ئەھۋالمۇ كېلىپ چىقتى .

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا ئىل-
گىرىكى دەۋرلەردىكىگە ئوخشاش چوڭراق دىداكتىك ئەسەر بارلىققا
كەلمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرى يارات-
قان يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا
نەشر قىلىنىش خىزمىتى ئىچىدە ، ئۆتكەن دەۋرلەردىكى دىداكتىك
ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نەشر قىلىنىپ ، ئۇيغۇر خەلقى
بىلەن يۈز كۆرۈشتى . «قۇتادغۇبىلىك» (1984ـ يىلى نەشر قى-
لىنىدى ) ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق » (1980ـ يىلى نەشر قىلىنىدى ) ،
«مەھبۇبۇلقۇلۇب » (1985 ـ يىلى نەشر قىلىنىدى ) ، «مەسنەۋى
خاراباتى » (1985 ـ يىلى نەشر قىلىنىدى ) قاتارلىق ئەسەرلەر
كىتابىي ھالەتتە رويابقا چىققاندىن باشقا ، يەنە نامى تىلغا ئېلىنمى-
غان دىداكتىك ئەسەرلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەش-
مىلىرى «بۇلاق» قاتارلىق ژۇرناللاردا 1980 ـ يىلدىن ئېتىبارەن





ئېلان قىلىنىدى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاپ رەتلەش ۋە
ئېلان قىلىش ئىشلىرى قانات يېيىپ ، خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق چۈ-
شەنچىلىرىنىڭ ئىپادىلىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەر كۆپ قېتىم
توپلاندى ۋە نەشر قىلىنىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، بەزى ئىلىم
ساھىبلىرى (مەسىلەن ، ئىمىن تۇرسۇن ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-
ئىمىن ، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ) ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىز ھەق-
قىدە يىرىك ئەسەر يېزىپ ، قەدىمكى دىداكتىك ئەسەرلەرنى تەقلىد
قىلىپ ئەسەر يېزىپ ، گۈزەل ئەخلاقىمىزنى يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە
ئىگە قىلدى . مەسىلەن ، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئۇيغۇر كلاس-
سىكلىرىنىڭ ئەخلاقىي ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىنى بويلاپ ، ئەنئە-
نىۋى مەدەنىيەت ئۇسۇلى بويىچە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئۇسۇل-
لىرىنى شەرھلەشكە بېغىشلانغان «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيە-
سى» ناملىق كىتابىنى رويابقا چىقاردى . پېشقەدەم ئىلىم ساھىبى
مۇھەممەد ئوسمان ھاجى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىداكتىك ئەسەر يې-
زىش ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ
ئەخلاق تەربىيىسى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ ئۇيغۇر جامائەتچىلى-
كىگە سۇندى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ھەرخىل مەتبۇئاتلاردا ئۈزلۈكسىز
ئېلان قىلىنىۋاتقان مىللەت ھەققىدە ئويلىنىش تېمىسىدىكى ماقالى-
لەردىمۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى بەزى ئېسىل تەرەپلەرنىڭ
يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىشلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدى ۋە سۆكۈلدى .

قىسقىسى ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى
دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن
ماسلىشىش ، دەۋر ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يېڭى مەزمۇن ياساش ،
يېڭى دۇنيا قاراشنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كېلىشتەك ئەھۋالدا تۇردى
ۋە تۇرماقتا .

**ئىزاھلار :**

① مەھمۇد كاشغەرى : «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » ، 2 ـ توم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 332 ـ بەت .

② مەھمۇد كاشغەرى : «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » ، 2 ـ توم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 9 ـ بەت .

③ مەھمۇد كاشغەرى : «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » ، 1 ـ توم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 145 ـ بەت .

④ گېگىل : «تارىخ پەلسەپىسى » ، گېرمانىيە شتۇتگارت ، 1958 ـ يىل نەشرى ، 104~105 ـ بەتلەر .

⑤ «ماركس ، ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما » ، 3 ـ توم ، خەلق نەشرىياتى ، 1972 ـ يىلى نەشرى ، خەنزۇچە ، 132 ـ بەت .

⑥ لىن خۇيشياڭ : «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى » ، سودا باسمىخانىسى ، 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ نەشرى ، خەنزۇچە ، 211 ـ بەت .

⑦ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : « ‹قۇتادغۇبىلىك › خەزىنىسى » ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 366~367 ـ بەتلەر .

⑧ ئا . خوجا ، ت . ئايۇپ ، ئى . يۇسۇپلەر تۈزگەن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 305~308 ـ بەتلەر .

⑨⑩ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى : «لۇئلۇئۇل مارجان » ( «ھەدىس شەرىفتىن ئۇنچە ـ مارجانلار » ) ، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى باستۇرغان ، 1982 ـ يىلى ، ئەرەبچە .





⑪ «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى » دىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەردىن قىسقارتىپ ئېلىنغان ، سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتى 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى ، خەنزۇچە 48~49 ـ بەتلەر .

⑫ ئەبۇ نەسىر فارابى : «سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول » ( «فارابى ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي رىسالىلىرى » ) ، ئالماتا ، 1975 ـ يىلى رۇسچە نەشرى ، 11 ـ بەت .

⑬ ئىپىزوف : «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تارىخىدىن ئوـچېرك » نىڭ ئىلاۋىسى «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى » ( «ئىھسائۇل ئۇلۇم » ) ، 1975 ـ يىلى ، ئالماتا ، رۇسچە نەشرى ، 157 ـ بەت .

⑭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى نەشرى ، ئۇيغۇرچە .

⑮ يۇسۇپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە .

⑯ يۇسۇپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك » مىللەتلەر نەشرىياتى . 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە .

## 2 - بۆلۈم

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىجتىمائىي رولى

### 1. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

نېمىس پەيلاسوپى گېگېل مىللىي روھ توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مىللىي روھ، مىللىي ھاكىمىيەت، مىللىي ئەخلاق، مىللىي قانۇن، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ھەتتا مىللىي پەن ۋە سەنئەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي روھنىڭ بەلگىلىرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ»①. بۇ باياندىن بىز كەم دېگەندىمۇ ئەخلاق مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇ مىللىي روھنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر، دېگەن ھۆكۈمنى بىلەلەيمىز.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ (جۈملىدىن مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ) مول ئەخلاق ھېسسىياتى ۋە ئەخلاق ئەنئەنىسى بولىدۇ. بىراق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، پىسخىك ساپاسى مەلۇم دەرىجىدە ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەخلاق قاراشلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر (ھەتتا باشقا مىللەتلەر قوبۇل قىلالمايدىغان ئالاھىدىلىكلەر) بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئەزەلدىن يېگانە،





يالغۇز مەۋجۇت بولغان بولماستىن، بەلكى شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا ھامان باشقا مىللەتلەر بىلەن تۈرلۈك ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەن. بۇ مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسى ۋە ئەنئەنىسى ئارا سىڭىشىش ۋە تەسىر ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان. مىللىي ئەخلاق مەيلى مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن ياكى دائىرىسى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇ ھامان مىللەتلەرنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان بارلىق ئەخلاق ئېڭى، ئەخلاق ھېسسىياتى، ئەخلاق نورمىلىرى ۋە ئۇلار چېتىلىدىغان بارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مىللىي ئەخلاق كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قىرلىق كۆزقاراش، بىلىم ۋە ھەرىكەت - قىلىقنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن مىللىي ئەخلاقنى كۆزەتكەندە ئۇنىڭدىكى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا مۇناسىپ ھالدا پەيدا قىلغان ئەخلاق جەھەتتىكى خاسلىقلىرىنى تونۇش ۋە قېزىپ چىقىش كېرەك.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى مۇرەككەپ ۋە زور سىستېمىدۇر. ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە كونكرېت مەزمۇنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، جۇغراپىيىۋى، روھىي شارائىتى بەلگىلىگەن. تۆۋەندە ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر قانچە نۇقتىدا يەكۈنلەپ چىقىمىز.

1. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق مۇرەككەپ گەۋدىدۇر. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي جەريانى بويىچە قارىغاندا، ئۇنىڭدا قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئەخلاقى قاتلىمىدىكى تەركىبلەر، شۇنداقلا سىنىپ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئومۇمىي ئىنسان ئەخلاقىنىڭ تەركىب-

لىرى بار ؛ ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تاكى هازىرقى زامانغا قەدەر بولغان
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى
تەڭشەشتە ئىشلىتىپ كەلگەن ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان
نىسبەتتىكى تەركىبلىرى بار ؛ ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىشەنگەن دىنـ
لارنىڭ ئەخلاق سىستېمىلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئوخشىمىغان نىسبەتـ
تىكى تەسىرى بار . ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىنى شەكىللەندۈ-
رۈشكە قاتناشقان قەدىمكى قەبىلە ـ قوۋملار ئەخلاقىنىڭ ، شۇنداقلا
ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ھەرخىل ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەن ئە-
رەب ، پارس ، ھىندى ۋە باشقا هازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ
ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تەركىبى بار ؛ تارىختىن بۇيان
ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن خان ـ پادىشاهلار ، ئاقسۆڭەك-
لەر ، يەر ئىگىلىرى ۋە باشقا هوقۇقدارلارنىڭ سىنىپىي خۇسۇسىـ
يەتكە ئىگە ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە نورمىلىرى ھەمدە قۇللار ،
يانچىلار ، دېهقانلار ، هۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىن ئىبارەت ئاۋام خەلقـ
نىڭ ئىپسىل ئەخلاق قارىشى ۋە ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان
نىسبەتتىكى تەركىبلىرى بار .

هازىرقى دەۋر نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، هازىرقى دەۋردىكى ئۇيـ
غۇر ئەخلاقىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي تۈزۈم (قۇللۇق ، فېئوداللىق
ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ) لەرگە خاس ئەخلاق تەركىبلىرىدىن
كۆرە ، ئومۇمىي ئىنسان ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنلىرى مۇتلەق كۆپ
سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ئەمما ، ئەخلاقنىڭ دەۋرىي ۋە سىنىپىي خۇ-
سۇسىيىتىدىن قارىغاندا ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى
قىسمىدا دېهقانلار (ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈردىكىلەر) نىڭ ئەخلاقى
بىلەن ھۆكۈمرانلار (ۋە ئۇنىڭ ھەرخىل تىپلىرى ) نىڭ ئەخلاقى
مەۋجۇت بولغان . ھەربىر دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار ئادىللىق ۋە خەلقـ
پەرۋەرلىكنى قانچىلىك تەشەببۇس قىلغان ۋە ياقلىغان بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتىدىكى
ئەۋزەللىك ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنىڭ ئاۋام





خەلقنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە
پەرقلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . ئائىلە ـ نىكاھ ئەخلاقى ۋە
كەسپىي ئەخلاقتا ئىككى سىنىپ ئەينى بىر مەسىلىگە قارىتا بىرقە-
دەر ئوخشىمىغان ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن خالىي
بولالمىغان . مىسالەن ئېيتساق ، ئۇيغۇرلاردىكى «تاۋارغا تاۋار يا-
ماق ، تاغارغا تاغار ياماق » دېگەن تەمسىل دەل ھۆكۈمران تەبىقە
بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى تەبىقىنىڭ نىكاھ ئوبيېكتىنى تال-
لاش مەسىلىسىگە تۇتقان پەرقلىق ئەخلاق پوزىتسىيىسى ۋە ئۆلچى-
مىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ئەمما ، يۇقىرىقى پىكرىمىز ئۇيغۇرلاردا
ئەزەلدىن تارتىپ قارىمۇقارشى ئىككى سىنىپنىڭ زادىلا ئوخشىماي-
دىغان ئەخلاقى مەۋجۇت ئىدى ، دېگەنلىكىمۇ ئەمەس . ئەمەلىيەتتە
مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىداكتىك ئە-
سەرلەر ۋە خەلق ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ئەخلاق تېمىسىدىكى
ماقال ـ تەمسىل ، چۆچەك ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ھەم يوسۇن قاتارلىق-
لاردا ئىپادىلەنگەن ئەخلاق ئۆلچەملىرىدە سىنىپىي پەرق روشەن
كۆزگە چېلىقمايدۇ . ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تارىختا ئېتىقاد قىلغان
دىنلار ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىد-
شىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن . ئەلۋەتتە ، هازىرقى زاماندىكى
ئۇيغۇر ئەخلاقىدا ئىسلام دىنى ئەخلاقىنىڭ تەسىرى ۋە تەركىبى زور
بولسىمۇ ، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەخلاقىغا شۇ چاغدى-
كى دىنلارنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ تەسىرى زور بولغان . مەيلى
نېمىلا بولسۇن ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ كۆپ دىنلاردىن
ئوزۇق قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقانلىقى ،
سىستېمىلىششقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى — رېئاللىقتۇر.

قىسقىسى ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى خۇددى ئۇيغۇر مەدەنىـ
يىتىگە ئوخشاش كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت هادىسىسى ، شۇنداقلا
ھەربىر دەۋردە تۈرلۈك مەنبەلەردىن تەركىب قوبۇل قىلىپ مۇكەمـ
مەللىشىپ بارغان ئوچۇق سىستېمىدۇر .

2 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا دىنىي ئەقىدە بىلەن ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەر بىرلەشتۇرۇلۇپ چۈشىنىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ دەل دىنىي ئەخلاق تايىنىدىغان مۇھىم نۇقتا، گەرچە «ئەخلاقنىڭ ئاساسلىنىدىغىنى ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بولۇپ، دىنىنىڭ ئاساسلىنىدىغىنى ئىنسانىيەت روھىنىڭ غەيرىي قانۇنىدۇر»② دېگەندەك ئەھۋال رېئاللىق بولسىمۇ، ئەمما خۇددى ھەربىر سىنىپ ئۆزىنىڭ رېئال ئىقتىسادىي مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ ئەخلاقنى شەكىللەندۇرگەندەك، ھەربىر دىنمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجىدىن چىقىپ، تەڭرى (ئىلاھ) گە بولغان ئىشەنچ - ئەقىدىنى دىن ئەخلاقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە دىنىي ئەخلاق پەقەت ئىنساننىڭ ئەخلاق ھەرىكىتىنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تەرتىپى ھەمدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ دىنىي ئەخلاقنىڭ مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، دىنىي ئەخلاق دىنىي ئەقىدىگە قارىتا كونكرېتلاشقان ئىزاھ بولۇپ، ئۇ دىنىي دۇنيا قاراش بىلەن ئادەتتىكى ئىنسانىي ھايات قارىشىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. باشقىچە ئېيتقاندا ھەربىر دىن ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرگە قارىتىلغان بىر يۈرۈش ئەخلاق مىزانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرۇپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلاردىن مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئۆزىگە خاس مۇكەممەل ئەخلاق سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەخلاق ھاياتىي مەجبۇرىيەتلا ئەمەس، بەلكى يەنە دىنىي مەجبۇرىيەت بولغان. بۇ دىنلاردا (تەڭرىگە) ئىشەنچ، ساداقەت، تائەت (بويسۇنۇش) — ئىنساننىڭ تەڭرىگە قارىتا ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى، ياخشىلىق، مېھىر - مۇھەببەت، قانائەت، سەۋر - تاقەت، ئادىللىق، نومۇس — ئىنساننىڭ بىر - بىرىگە قارىتا ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بۇنداق مەجبۇرىيەتلەر تولۇق بەجا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا كىشى دىنىي مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئادا قىلغان





ھېسابلىنىپ، ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىر جەمئىيەتتە مەلۇم دىن ئۇزاق مەزگىل ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشىنىشكە سازاۋەر بولغاندا، ئۇنىڭ توپ ئەقىدىسى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ مۇھىم مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ، ئەخلاقنىڭ ئومۇملىشىشى، ئىزچىللىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ پەزىلەتلىك جەمئىيەتكە يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ھەرخىل دىنلارغا ئىشىنىش داۋامىدا، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئارقىسىدا ھامان بىر دىنىي ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسى، مۇھاپىزىتى ۋە نازارەتچىلىكى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

ھەربىر دىنىي ئەخلاق ھامان مېھرىبانلىق، ئىناقلىق ۋە مۇھەببەتنى قوغلىشىدىغان ئەخلاقتۇر. بۇددا دىنىدىكى «بارچە جانلىققا مېھرىبان بولۇش» تەشەببۇسى، ئىسلام دىنىدىكى «ھەممە مۇسۇلمان قېرىنداشتۇر» دەيدىغان ئەخلاق قارىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ ئىرق، تىل، جىنس، تەبىقە ··· جەھەتتىكى پەرقلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىر - بىرىگە مېھرىبان، ئىناق، كۆيۈملۈك بولۇشتەك، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئوتتۇرىچە (يەنى چېكىدىن ئاشمىغان) مۇناسىۋەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ھەم شەخسنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەم جەمئىيەتكە قارىتا بەلگىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك ئەخلاقىي سۈپەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئاساس بولغان. ۋەھالەنكى، بۇنىڭ ھەممىسىدە دىن ئەقىدىسى مۇھىم ئارقا تىرەكلىك رولىنى ئويناپ كەلگەن.

3 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى بىرقەدەر سىستېمىلاشقان، قائىدىلەشكەن، شۇنداقلا نەزەرىيىۋىلەشكەن. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بىرقەدەر بۇرۇن مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، يازما ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ياراتقان. شۇنىڭ جۈملىسىدە قەدىمدىن تارتىپلا فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىب، نەۋائى، مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەد سىدىق رەشىدى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ۋە

ئابدۇقادىر داموللا ... قاتارلىق ئەدىب ۋە ئەخلاقشۇناسلار ئەخلاق
مەسىلىسىنى پەلسەپە نۇقتىسىدا نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈ-
رۈپ شەرھلەش، ئۇنى ئەقلىي پىكىر ئاساسىغا ئىگە قىلىش جەھەت-
تە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇلار ۋەز- تەنبىھ شەكلىدىكى
ئاددىي نەسىھەتنامىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ئۆزلىرىنىڭ
ئەخلاقىي قاراشلىرىنى دىن، جەمئىيەت، ھاكىمىيەت، ئىنسان
بەختى، بىلىم - مەرىپەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا دىداكتىك
ئەسەرلەرنى يېزىش ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە بۇ ئەنئەنىگە
ياندىشىپ، بىر قاتار مۇكەممەل ئەخلاق دەستۇرلىرىنى روياپقا
چىقارغان. ھالبۇكى، ئەخلاق مىزانلىرى جەھەتتىكى بۇنداق سىس-
تېمىلاشتۇرۇش، نەزەرىيىۋىلەشتۈرۈش ھەم دىداكتىك ئەسەر يې-
زىش ئەنئەنىسى ھەممىلا مىللەتتە بولىۋەرگەن ئىش ئەمەس، بۇ
جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئىلگىرىكى (بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى
دەۋرلەردىكى) ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ ئۇقۇم جەھەتتىكى ئېنىقسىز-
لىقى، كەمتۈكلۈكى ... گە ئوخشاش نۇقسانلىرىنى، شۇنداقلا ئىس-
تىخىيىلىكى، ساددىلىقىغا ئوخشاش ئېۋەنلىرىنى خېلى زور دەرى-
جىدە يەڭگەن.

ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ئەخلاقنى نوقۇللا كىشىلىك مۇناسى-
ۋەتلەرنى تەڭشەشتە رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت - قىلىق مىزانى
دەپلا چۈشەنگەن ئەمەس، بەلكى ئەخلاقنى دىن، ئىنسان بەخت -
سائادىتى، دۆلەت ھاكىمىيىتى، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىش مەسىلە-
لىرى بىلەن قوشۇپ چۈشەنگەن ھەمدە تۈپ ئەخلاق كاتېگورىيىلە-
رىنى خۇلاسىلەپ چىققان. فارابى بىلىم بىلەن بەختنى بىرلەشتۇ-
رۇپ ئۇلارنى پەزىلەتلىك (ئەخلاقلاشقان) جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ
ئالدىنقى شەرتى دەپ تونۇغان بولسا③، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنى
ئادىل قانۇن ۋە قانائەت (ئۆزىنى تىزگىنلەش) بىلەن تولۇقلاپ،
پەزىلەتلىك جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ شەرتلىرىنى تۆتكە كۆپەيتكەن.
نەۋائى، مۇھەممەد سىدىق رەشىدى ۋە مۇھەممەد سادىق قەشقەرىلەر-





مۇ بىلىم، ئەخلاق، ئادىل قانۇننى ئىجتىمائىي گۈللىنىشنىڭ مۇ-
ھىم شەرتلىرى سۈپىتىدە شەرھلىگەن.

ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق دەستۇرلىرىدا
نوقۇل ئائىلە - نىكاھ ئەخلاقى ھەققىدىكى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا
قويۇش بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. ھەممىسى ھامان ئومۇمىي
جامائەت ئەخلاقى، كەسىپ ئەخلاقى ۋە ئائىلە - نىكاھ ئەخلاقىدىن
ئىبارەت ئۈچ چوڭ ساھەدە ئورتاق پىكىر يۈرگۈزگەن، ھەتتا كۆ-
پىنچىسى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئەمدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان
مۇھىت ئەخلاقى مەسىلىسىنىمۇ مۇۋاپىق شەرھلەپ ئۆتۈشنى ئۇن-
تۇپ قالمىغان. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ
ھەممە ساھەلىرىدىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى قالدۇرماي دېگۈدەك
شەرھلەپ ئۆتكەن ۋە سىستېمىلاشتۇرغان.

ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى ۋە ئەخلاق تىپلىرى مەسىلىسىدە ئۇي-
غۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ئەخلاق پرىنسىپلىرى، «ياخشىلىق» ۋە
«يامانلىق» تىن ئىبارەت بىر - بىرىگە زىت ئەخلاق كاتېگورىيىلى-
رىنىڭ كونكرېت تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىلىرى
ھەمدە ئەخلاقىي تەربىيە مەسىلىسىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەھلىل
قىلغان. ھەممىلا دىداكتىك ئەسەردە دېگۈدەك ئېتىكا ئىلمىدىكى
ئەخلاق تىپلىرىدىن مەجبۇرىيەت ۋە ۋىجدان، ئەخلاق ۋە بەخت،
ھېسداشلىق ۋە مېھرىبانلىق، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت، سەمىمىيلىك
ۋە كەمتەرلىك، سەۋر - تاقەت ۋە قەيسەرلىك، سۆز ئەخلاقى...
قاتارلىقلار ۋە ئۇلارغا زىت كېلىدىغان ھەر خىل يامانلىقلار ئايرىم
بابلارغا ئايرىلىپ ياكى چاچما ھالەتتە بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى
ماقال - تەمسىل شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ئەخلاق قاراشلىرىمۇ
پارچە - پۇرات بولۇشىغا قارىماي ساددا نەسىھەتلەردىن خېلىلا پەرق
قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرى
توپلاپ تۈرگە ئايرىپ ئېلان قىلغان ۋە نەشر قىلغان ماقال -

تەمسىل توپلاملىرىدا ماقال ـ تەمسىللەر ئەخلاق تىپلىرى بويىچە
تۈرلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، بۇنىڭ ئۆزىلا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملى-
شىۋاتقان دىداكتىك ئەنئەنىنىڭ راۋاجىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

4 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە
ئۆرپ ـ ئادىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن . ئەخلاق ئۇقۇمى كىشى-
لەر ئېڭىدا ئابستراكت ھالەتتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ . ئۇ
كىشىلىك مۇناسىۋەت مىزانى بولۇش سۈپىتىدە ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەسى ۋە قاتلىمىغا سىڭىپ ، ئۆرپ ـ ئادەت
ئەنئەنىسى بىلەن بىر گەۋدىلىشىدۇ ، تاشقى ماددىي شەكىلگە ئىگە
بولىدۇ . خۇددى شۇنىڭدەك ، ئۇيغۇر ئەخلاقى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىر
ئەزاسىدا ئەخلاق ئېڭى ، ئەخلاق ھېسسىياتى ، ئەخلاق تۇيغۇسى ،
ۋىجدان ... شەكىللىرىدە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن ، مۇھىمى
ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەربىر ساھەسى ، ھەربىر ھالقى-
سىدا كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلانغان . تارىختىن بۇيان بۇتخانا ،
مەسچىت ، مەدرىسە ، مەكتەپلەر ۋە ئائىلىلەر ئەخلاق تەشەببۇسىنىڭ
ئوچاقلىرىغا ئايلانغان بولسا ، تۇرلۇك دۇكان ۋە ئىشخانىلار كەس-
پىي ئەخلاق جارى قىلىنىدىغان ، ئۆگىتىلىدىغان ئورۇنغا ، بازار ،
ھېيت ـ بايرام ، مەشرەپ ، خەلق ئويۇنلىرى (جۇملىدىن بالىلار
ئويۇنلىرى ) جانلىق ئەخلاق مەكتىپىگە ، ھەرخىل سورۇنلاردىكى
پائالىيەتلەر ۋە يوسۇنلار ئەخلاق دەرسىگە ، قەھرىمانلار ، مەردلەر ،
سېخىيلار ئەخلاقىي ئۈلگىلەرگە ... ئايلاندۇرۇلغان . باشقىچە ئېيتى-
قاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋسۇم ـ مۇراسىم ئادەتلىرى ، سەنئەت ئا-
دەتلىرى ، ئىجتىمائىي ئادەتلىرى ، ئويۇن ئادەتلىرى ، دىنىي ئادەت-
لىرى ، تىل ئادەتلىرى ... قاتارلىقلار ئەخلاقىي تەربىيە مەزمۇنىنى
ئۆزىگە ئوخشىمىغان نىسبەتتە سىڭدۇرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلى-
نىدۇ . «ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئېتنوگرافىيىسى بىلەن ئەخلاقى
بىللە يارىتىلىپ ، بىللە ياشاپ كەلگىنى ئۈچۈن ، ئۇلار بىر ـ
بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ »④ . ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ مەۋ-





جۇتلۇق زېمىنى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ
ئادەت مەدەنىيىتى بولۇپ ، دەل ئەخلاق تەركىبلىرى سەۋەبىدىن
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى بەدەۋى تەركىبلەردىن
يىراق بولالىغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى
ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەخلاقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنى تەشەب-
بۇس قىلغاندىن باشقا ، ئۆرپ ـ ئادەتتىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى
تۈگىتىپ ، ئۇنى ئەخلاقلاشتۇرۇش ، يەنى ئەخلاق تەلىپىگە ئۇيغۇن
ھالەتكە كەلتۈرۈش ، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئەخلاق تۈسىنى بەخش ئېتىش
جەھەتلەردە تەھلىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، خەلق ئىچىدىكى
مەلۇم ئۆرپ ـ ئادەت ياكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى مۇئەييەن مەقسەت
بويىچە تاللاپ ئېلىپ ، ئاندىن ئۇلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ياكى
سۆكۈپ ، تۈزىتىش بەرگەندىن كېيىن يەنە خەلققە قايتۇرغان . بۇن-
داق ئايلىنىش داۋامىدا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئەخلاقلىنىشى (يەنى
ئەخلاق مەزمۇنلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتكە سىڭىشى ۋە ئۆرپ ـ
ئادەتنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى سورۇنىغا ئايلىنىشى ) بىلەن ئەخلاق-
نىڭ (گۈزەل ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنىڭ ) ئادەت ۋە يوسۇنغا ئايلىنى-
شى مەلۇم دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشقان . يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش
كېرەككى ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى
ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگەرگەندە ،
مۇناسىپ ئەخلاق مىزانلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان . بۇ نۇقتىدا
شۇنداق پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويالايمىزكى ، ئۆرپ ـ ئادەت ئۆز-
گەرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئەخلاق ئۆزگەرمىگەن ياكى ئەخلاق ئۆز-
گەرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆرپ ـ ئادەت ئۆزگەرمىگەن ، بەلكى ئىق-
تىسادىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۆزگەرگەنلىكتىن ۋە مىللەتنىڭ
مەرىپەت دەرىجىسى ئۆسۈپ بارغانلىقتىن يۇقىرىقى ئىككىسى مۇنا-
سىپ ئۆزگىرىش ياساپ ، بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇنلاشقان .

5 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى يەنە پەرھىز شەكلىدىمۇ ئىپادى-
لىنىپ داۋاملىشىپ كەلگەن . پەرھىز — دىنىي ئەخلاقنىڭ ئاسا-

سىي شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، دىن ئەقىدىسى دائىملا كىشىلەرنىڭ پەرھىزدىن ئىبارەت دىن ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشى ئارقىلىق قوغدىلىدۇ ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. پەرھىز مۇرەككەپ دىنىي ھادىسە بولۇپ، مەنە ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا «ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ چېقىلىشى چەكلىنىدىغان ئىش، نەرسە ياكى ئادەم ھەمدە شۇلارغا قارىتا تۇتۇلىدىغان ھەزەر ئەيلەش قارىشىدىن ئىبارەت»⑤. ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، پەرھىز (خەلقئارا ئاتالغۇ بويىچە «تابۇ»، Taboo) كىشىلەرنىڭ مەلۇم شەيئىنى مۇقەددەس بىلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا چېقىلماسلىقىنى، مەلۇم سۆزنى ئېيتسا خەۋپلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن ئۇ سۆزنى ئېيتماسلىقىنى، مەلۇم ئىشنى قىلغاندا مەلۇم جازا (كۆپىنچە ئىلاھىي جازا) غا يولۇقۇپ قالىدۇ دەپ شۇ ئىشنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنى كۆرسىتىدۇ. فولكلور ئىلمىدە پەرھىز ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بىرى، دىنىي پەرھىزلەر، يەنى ھەرقايسى دىنلاردىكى بارلىق چەكلىمىلەر؛ ئىككىنچىسى، خۇراپىي پەرھىزلەر، يەنى قەدىمكى ئانىمىستىك قاراشلار (جىن - روھلارغا ئىشىنىش قارىشى) نىڭ ساقلىنىپ قېلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ئوبيېكتلارغا (ئاساسەن جىن - روھلارنىڭ ماكانلىرى) غا چېقىلماسلىقتەك ھەزەر ئەيلەش پسىخىكىسى ۋە ھەرىكىتى؛ ئۈچىنچىسى، ئىستىخىيىلىك پەرھىزلەر، يەنى قەدىمكى ساددا ئەمما ئىلمىي قاراش سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئەمەلىي زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ھەرىكەتلەردىن (كۆپىنچە سەۋەبىنى بىلمەي تۇرۇپ) ساقلىنىشى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرىقى ئۈچ خىل پەرھىزنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە دىنىي پەرھىزلەر كۆپ، شۇنداقلا ئاساسەن ئىسلامىي پەرھىزلەردۇر. يەنە باشقا دىنلارنىڭ پەرھىزلىرىمۇ بار. مەسىلەن، «ئاتا - ئانىنى نارازى قىلماسلىق» — ئىسلام دىنىدىكى بىر پەرھىز؛ «ھاراق - شاراب ئىچمەسلىك»، «راھەتپەرەسلىككە بېرىلمەسلىك» — بۇددا





دىنىدىكى ھەم ئىسلام دىنىدىكى پەرھىز؛ مانى دىنىدىكى «ئۈچ بەند»، بۇددا دىنىدىكى بىكشۇ (Bhikşu، ئۆيدىن ئايرىلغان ئەر راھىب) لارغا قارىتىلغان 250 پەرھىز، بىكشۇنى (Bhikşuni، ئۆيدىن ئايرىلغان ئايال راھىب) لارغا قارىتىلغان 348 پەرھىزمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن⑥. يۇقىرىقى پەرھىزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمەلىيەتتە ئىنسان جەمئىيىتىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە قارىتىلغان چەكلىمىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان. ئاشۇ دىنلاردىكى پەرھىزلەر دىنىي چەكلىمە بولۇش سۈپىتىدە، ئارقىسىدا دىنىي ئەقىدىدىن ئىبارەت مۇھىم ئاساس ياكى كاپالەت بولغاچقا، ئۇلار ئىچىدىكى ئەخلاقىي چەكلىمىلەر كىشىلەرنىڭ ساداقەتمەنلىك بىلەن رىئايە قىلىشىغا سازاۋەر بولغان. جۈملىدىن «ھەسەتتىن ساقلىنىڭلار. خۇددى ئوت ئوتۇن ياكى ئوت - چۆپنى يېگەندەك، ھەسەت ياخشى ئەمەللەرنى يەپ كېتىدۇ»⑦، «بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتماسلىقى لازىم»⑧ دېگەندەك ئىسلامىي چەكلىمىلەرنى كىشىلەر ھەم دىنىي پەرھىز، ھەم ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت تەرزىدە قوبۇل قىلغان. ئومۇمەن، كلاسسىك دىداكتىك ئەسەرلەردىكى كۆپلىگەن ئەخلاقىي چەكلىمىلەر بولسۇن ياكى ھازىر ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئەخلاقىي چەكلىمىلەر بولسۇن، ئەگەر ئۇلار دىنىي مەنبە قىلغانلا بولسا پەرھىز سانىلىپ، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «يامان بولىدۇ» غان ئىشلار قاتارىدا بەجا كەلتۈرۈلگەن. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى كۆپ مەزمۇنلار دىنىي ئەخلاقتىن كەلگەنلىكى ياكى ئۇلار دىنىي ئەخلاقتىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، كىشىلەر ئۇلارنى دىنىي پەرھىز شەكلىدە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق، ئادەتتىكى ئەخلاقىي ئۆلچەملەرگىمۇ سىرلىق، ئىلاھىي تۈس بەخش ئېتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

6 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە-
لىكلەرنى خۇلاسىلەپ چىققان ۋاقتىمىزدا ، ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتە
قىسمەن چەكلىمىلىكلەردىن خالىي ئەمەسلىكىنىمۇ بايقىشىمىز
مۇمكىن . بۇنداق چەكلىمىلىك ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ . بىرى ،
ئەخلاق ئەسلىدىنلا كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەن-
پەئەت نۇقتىسىدا تەڭشەيدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى-
دە ، ئۇنىڭ دىن بىلەن سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بولمىسى-
مۇ ، ئەمما دىنىي ئەخلاقتىكى دىنىي دۇنيا قاراش بىلەن ھاياتىي
كۆزقاراشنىڭ بىرلىكى بولۇشتەك ئالاھىدىلىك سەۋەبىدىن ، مۇئەي-
يەن دىن مۇھىتىدا كىشىلەر ئەخلاقنى دائىم دىنغا باغلاپ چۈشەندۈ-
رىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ . بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىڭ
يىل مابەينىدە مەۋجۇت بولغان ، يەنى كىشىلەر ياخشىلىق قىلىش
بىلەن يامانلىقتىن ساقلىنىش ھەم ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى
ئاللاغا بولغان ئېتىقاد ، «قۇرئان» دىكى دەۋەت ۋە چەكلىمە ھەم
ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازاغا باغلاپ چۈشىنىپ ھەم چۈشەندۈ-
رۈپ ، دىنىي گوياكى ئەخلاقنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە تونۇپ كەل-
گەن . ۋەھالەنكى ، ئەخلاقنى كاپالەتلەندۈرىدىغان نەرسە دىنلا ئە-
مەس ، بەلكى يەنە رېئال ئىجتىمائىي ، ماددىي مۇناسىۋەتلەردىن
ئىبارەت . يەنە بىرى ، ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارغا ئالاقىدار ئائىلە
ئەخلاقى مەزمۇن جەھەتتە بەلگىلىك پاسسىپ ئامىللاردىن خالىي
ئەمەس . بۇ خىل ئەخلاقىي قاراشلار ئىسلام دىنى شارائىتىدا ئۇيغۇر
ئەخلاقشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تولۇق
ئىپادىلەنگەن . ئەمەلىي ئەخلاق ھەرىكەتلىرىدىمۇ كىشىلەر ئاياللارغا
قويۇلىدىغان ئەخلاقىي تەلەپلەردە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىگە زىيانلىق
تەلەپ ۋە ھەرىكەتلەردىن ساقلىنالمىغان .

ئەلۋەتتە ، ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاقى ھەرقايسى مىللەت ئەخلاق
ئەنئەنىسىدە جەزمەن بولىدىغان ۋارىسچانلىق ، ئۆزگىرىشچانلىق ،
سىنىپىيلىق ، كۆپ خىللىق (كۆپ مەنبەلىك ) قا ئوخشاش ئورتاق
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاندىن باشقا ، يەنە ئۇنىڭ تەرەققىيات





مۇساپىسىدە تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە يۈزلىنىش (ساد-
دىلىقتىن ئىلمىيلىققا ، چېچىلاڭغۇلۇقتىن سىستېمىلىشىشقا يۈز-
لىنىش ) ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە يۈزلىنىش (ئاددىيلىقتىن
مۇرەككەپلىككە ، ۋەزخانلىقتىن ئەقلىيلىككە ، خۇراپىيلىقتىن ئىل-
مىيلىققا يۈزلىنىش ) ، بېكىنمىچىلىكتىن ئوچۇقلۇققا يۈزلىنىش
ھەمدە مىللىي خاسلىقتىن ئىنسانىي ئومۇمىيلىققا يۈزلىنىشتەك
بىر قانچە ئالاھىدىلىك بايقىلىدۇ . بۇ ھەقتە ئىلگىرىكى سەھىپىلەر-
دە مۇناسىپ تەھلىل قىلىنغان ھەم كېيىنكى سەھىپىلەردە كونكرېت
مۇلاھىزە قىلىنىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن ، بۇ يەردە تەپسىلىي توخ-
تالمايمىز .

## 2 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئىجتىمائىي رولى

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئومۇمىي ئىنسان ئەخلاقىنىڭ ئىن-
سانىيەت جەمئىيىتىدە ئارتقۇزىدىغان بىر قاتار روللىرىدىن باشقا ،
يەنە ئۆزىدىكى بىر قاتار خاسلىق سەۋەبىدىن ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە
بىر قاتار ئۆزگىچە روللارنى ئۆتەپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە .

ھەرقانداق بىر جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇشتا ھامان مۇئەييەن
ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ . ۋەھالەنكى جەمئى-
يەت تەرتىپىنىڭ بولۇشى ۋە داۋاملىشىشى مۇئەييەن ئىجتىمائىي
تىزگىنلەش ۋاستىلىرىگە تايىنىدۇ ھەم ئىجتىمائىي تىزگىنلەش
ۋاستىلىرىنىڭ كاپالەت بېرىشى ئارقىلىقلا قامدىلىدۇ ۋە داۋاملى-
شىدۇ . جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغدايدىغان ۋە
ساقلايدىغان تىزگىنلەش ۋاستىلىرىنى ئىككىگە بۆلگەن ، ئۇلار
بىرەسمىي تىزگىنلەش ۋاستىلىرى (مەسىلەن قانۇن - تۈزۈم )
ۋە رەسمىي تىزگىنلەش ۋاستىلىرى (مەسىلەن ئۆرپ - ئادەت )
دىن ئىبارەت بولۇپ⑨ ، بۇلار ئىچىدە ئەخلاق ئۆزىگە خاس رەۋىشتە
ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، ئادالەت ۋە شەخسىيەتچىلىك ، سەمىمىيەت

ۋە ساختىلىق ، ئالىيجانابلىق ۋە پەسكەشلىك ، ھەققانىيەت ۋە شەخ-
سىيەت ، شەرەپ ۋە نومۇس قاتارلىق قاراشلار ئارقىلىق كىشىلەر-
نىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنى باھالايدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق جەمئى-
يەتنى تىزگىنلەشتەك ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ . گەرچە ئەخلاق سىند-
ۇرۇلمايدىغان ، مۇستەقىل ئىرادە بولسىمۇ ، ئەمما ھەرقانداق جەمئىيەت
ئەخلاققا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ، ئەخلاق باشقا ئىجتىمائىي تىز-
گىنلەش ۋاسىتىلىرى بولغان قانۇن ، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار
بىلەن بىرلىكتە ، كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى ، ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى
قاتارلىق مېخانىزملارغا تايىنىپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ .
ئۇنىڭ رولى قانۇننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىدىن تېخىمۇ
كەڭ بولۇپ ، ئۇ قانۇن چېتىلمايدىغان كىچىك ساھەلەرگىچە چېتى-
لىدۇ . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ،
ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش شارائىتى ، سىياسىي - ئىجتىمائىي
تۈزۈمى ... ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەخلاق بولۇش سۈپىتىدە تارىخ
مابەينىدە ئېتىقاد ، ئۆرپ - ئادەت ۋە تۈرلۈك قانۇنلار (تارىختىكى
ھەرقايسى خانلىقلار قانۇنلىرى ۋە ھازىرقى سوتسىيالىستىك
قانۇن - تۈزۈم ) بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كىشى-
لەرنىڭ تۈرلۈك پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ ، ئۇيغۇنلاش-
تۇرۇپ كەلگەن ، ئەمما يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەب-
دىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تارىختىن بۇيان بىرقەدەر ئۆزگىچە ئو-
رۇن تۇتۇپ كەلگەن ۋە رول ئويناپ كەلگەن . ئۇلارنى تۆۋەندىكى
بىر قانچە نۇقتا بويىچە بايان قىلىش مۇمكىن :

1 . تارىختىن بۇيان ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۇيغۇرلارنىڭ
ھەربىر ئەزاسىنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ ، ئەخلاق ئارقىلىق
تىزگىنلىنىدىغان جەمئىيەت ئەندىزىسىنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ
كەلگەن .

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ساپ ئىسلام دىنى ئەخلاقىغا تەڭ-
داش ئەمەس ياكى ئۇ ھەرقانداق بىر دەۋردىكى قانۇندىن روشەن
پەرقلىنىدۇ . شۇڭلاشقا ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا





نىسبەتەن مەجبۇرىي خاراكتېرگە ھەمدە چەكلەش كۈچىگە ئىگە
بولالمىغان ، ئەمما ئۇيغارلىقنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە بىرخىل ئىج-
تىمائىي ئاڭ فورمىسى بولۇش سۈپىتىدە ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرد-
كەت - قىلىقىنى جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق تىزگىنلەپ
كەلگەن . قانۇن مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىرى بولسى-
مۇ ، بىراق ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەربىر كىشىنىڭ مەرىپەت ، ئاڭ
دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ . شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ-
كى ، جەمئىيەتتىكى كىشىلەر قانچىكى ئاڭقاۋلاشسا ۋە ئۆزىنى تىز-
گىنلەش ئېڭى سۇسلاشسا ، بۇنداق جەمئىيەت تېخىمۇ كۆپ قانۇن
ۋە شۇ خىلدىكى زورلۇق كۈچىگە شۇنچە موھتاج بولىدۇ . ئۇيغۇرلار
تارىختىن بۇيان ئەخلاقنى جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ
ئۇيغۇنلۇقىنى ساقلاشنىڭ توپ مىزانى قىلغان . ھاكىمىيەتلەر قانچە
قېتىملاپ ئالماشقان ، قانۇنلار قانچىلىك مۇكەممەل بولمىغان بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى كۈچلۈك ئەخلاق
ئېڭى ۋە ئەخلاق مىزانلىرى ئۆزلىرى سىڭىپ كەتكەن ئۆرپ -
ئادەتلەر ئىچىدە «تۆرۈ» (ئادەت قانۇنى ) شەكلىدە كىشىلەرنىڭ
ياخشىلىق قىلىش ، ئۆزىنى چەكلەش ، يامانلىق قىلماسلىق قاتار-
لىق ھەرىكەتلىرىگە تۈرتكە بولۇپ كەلگەن . ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىق
تارىخىدا فارابى ئۆزىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى
توغرىسىدا » ناملىق ئەسىرىدە ئىجتىمائىي گۈللىنىشنىڭ توپ شەر-
تىنى پەزىلەت (ئەخلاق ) دەپ ھېسابلىغان . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا
«قانۇن» نىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ھەققىدىكى پىكىرلەر روشەن
كۆزگە چېلىقمايدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ تاكى ئابدۇقا-
دىر داموللىغىچە بولغان ئەخلاقشۇناسلارنىڭ دىداكتىك ئەسەرلىرى-
دىكى توپ قاراشنى «ئادىل قانۇن ۋە ئۇستۇن ئەخلاق -
پەزىلەت — جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە شەخسنىڭ بەخت -
سائادىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدۇر » دېگەن بىر جۈملىگە يىغىن-
چاقلاش مۇمكىن . دىن — ئەخلاققا ئىلاھىي تۈس بېرىش ۋە شەخس-

نىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتىنى ئاخىرەتتىكى جازا ياكى مۇكاپاتقا
باغلاش شەكلىدە ئەخلاقنى قوغدىسا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەرى-
پەت، تەلىم - تەربىيە ۋە ئاڭلىقلىق دەرىجىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى
ئەخلاقنىڭ بىر جەمئىيەتتە تۈپ تۈرمۇش مىزانى سۈپىتىدە رول
ئوينىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختا دىنىي
ئېتىقادتىن خالىي تۇرمىغان، تۈركىي قوۋملار ئىچىدە بىر قەدەر
ئىلگىرى مەرىپەت دەۋرىگە كىرگەن، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى
بالدۇر جانلانغان، دىداكتىك ئەسەرلەر ئۇزۇلمەي يورۇقلۇققا چى-
قىپ، سىستېمىلىق ئەخلاق قارىشى، ئېڭى ۋە مىزانلىرى بالدۇرلا
تىكلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن، كېيىنكى دەۋرلەردە خەلق مەيلى قاي-
چىلىك ساۋاتسىز، بىلىمسىز قالسۇن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇرۇنلا
شەكىللىنىپ بولغان ئەخلاقنىڭ ۋە ئەخلاقلاشقان ئۆرپ - ئادەتنىڭ
تۈرتكىسىدە ھەم گۈمران بولۇپ كەتمىگەن، ھەم ئىجتىمائىي مالى-
مانچىلىق ئىچىگە چۆكۈپ قالمىغان.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا يالغانچىلىق، كاززاپلىق، تەمە-
خورلۇق، بېخىللىق، شەخسىيەتچىلىك، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق،
ھاياسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، مەغرۇرلۇق ··· قاتارلىقلار جامائەت
تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىدىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلار بولۇپ،
ناۋادا بىرەر كىشى يۇقىرىقى قىلمىشلارنى سادىر قىلىدىكەن ياكى
ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدىكەن، ئەتراپىدىكى كىشىلەر كۆچلۈك
جامائەت پىكرى ھاسىل قىلىپ، شۇ (كىشىگە ھەرخىل بېسىم
چۈشۈرۈش يولى بىلەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئەخلاقسىزلىقتىن قول ئۈزۈ-
شىگە سەۋەبكار بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەتتى-
كى سالام - سەھەت ئەخلاقى، مۇھىتنى ئاسراش ئەخلاقى، تىجا-
رەت ئەخلاقى، ھۈنەر - كەسىپ ئەخلاقى ۋە ئائىلە دائىرىسىدىكى
ئەر - خوتۇن، چوڭ - كىچىكلەر ئارا ئەخلاق نورمىلىرى قەدىمدىن
يېقىنقى دەۋرلەرگىچە مەزكۇر ساھەلەرگە ئالاقىدار ھۆكۈمەت قانۇ-
نى بولمىغان شارائىتتىمۇ ئاشۇ ساھەلەردە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر-



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

نى تەڭشەشتە زور رول ئويناپ كەلگەن. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار
مەيلى دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇش
ئېھتىياجىدىن بولسۇن، ئەخلاقنى ھاياتىي پائالىيەتلەرنىڭ تۈپ
مىزانى سۈپىتىدە تونۇپ ئىجرا قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

2. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان ياخ-
شىلىق قىلىش، نامراتلارنى يۆلەش، قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆ-
تۈش ۋە سالاملىشىش قاتارلىق ئەخلاق نورمىلىرى ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش رولىنى ئويناپ
كەلگەن.

ئۇيغۇرلار مىللەت سۈپىتىدە شەكىللەنگەندىن تارتىپ
تاكى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە، يەنى ئازادلىق ھارپىسى-
غىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي زىددىيەت ۋە
باي - كەمبەغەللىك پەرقى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن. تارىختىن
بۇيان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭ چارۋىدارلار بىلەن ئۇلارنىڭ يالل-
ما پادىچىلىرى، يەر ئىگىلىرى بىلەن يوقسۇل دېھقانلاردىن ئىبارەت
ئىككى سىنىپ مۇقەررەر يوسۇندا مەۋجۇت بولغان. بەزىدە بۇنداق
سىنىپىي پەرق يەنە تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلمى بىلەن قوشۇلۇپ تې-
خىمۇ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ھاسىل قىلغان. پومېش-
چىكلار، بايلار، دىنىي جەمئىيەت (خانىقا، مەسچىت) ۋە چوڭ
سوپى - ئىشانلار نۇرغۇن يەر، چارۋا ۋە بايلىقنى ئىگىلەش بىلەن
ئەزگۈچى سىنىپقا ئايلانغان ھەمدە ئېزىلگۈچى پۇقرالار ئۈستىدىن
ئېزىش سىياسىتى يۈرگۈزگەن. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا بايلار-
نىڭ كەمبەغەللەرگە سەدىقە، زاكات ۋە باشقا خىلدىكى ئىقتىسادىي
ياردەم بېرىشى تەشەببۇس قىلىنغان ۋە شۇ ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك
سىنىپىي پەرق سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن سىنىپىي زىددىيەتلەر ئا-
جىزلاشتۇرۇلغان. بايلار مەيلى ئىسلام دىنىدىكى زاكات، سە-
دىقە ۋە يېتىم - يېسىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىش ھەققىدىكى
بۇيرۇق (پەرھىز) لەر سەۋەبىدىن بولسۇن، يىلدا ئۆز مال -

مۈلكىنىڭ مەلۇم قىسمىنى كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلار ۋە
ئەمگەك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلارغا زاكات ھېسابىدا ھەدىيە
قىلغاندىن باشقا، قەرەلسىز ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئېشىنچە پۇلى، ئاش-
لىقى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە باشقا مۈلكىدىن سەدىقە بېرىپ،
يوقسۇللارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەپ كەلگەن.
دېھقانلار ياكى ھەرقانداق يەر ئىگىسى ئۆزى تېرىغان زىرائەتنىڭ
ھوسۇلىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئۆشرە ھېسابىدا يېرى يوق ياكى
ئاشلىقى كەمچىل كىشىلەرگە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى-
غا مەلۇم دەرىجىدە غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەن. بۇنداق زاكات،
ئۆشرە، سەدىقە ۋە ئىئانە قاتارلىقلار كىشىلەر نەزەرىدە بىر خىل
دىنىي مەجبۇرىيەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى رېئال ئەخلاق
سۈپىتىدە ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ، كەم دېگەندىمۇ مۇنداق ئەھمى-
يەتلەرگە ئىگە بولغان: بىرىنچىدىن، ئۇ (يەنى يوقسۇللارنىڭ شە-
كىللەردە ئىپادىلەنگەن ئەخلاق) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇ-
ئەييەن دەرىجىدە ۋە دائىرىدە ماددىي بايلىقلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش
ۋاسىتىلىرىنى قايتا تەقسىملەشنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە، نورمال
ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپىنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش، جەمئىيەتتە
يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە مالىمانچىلىقلار-
نىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك روللارنى ئوينىغاندىن باشقا، يەنە ئۇيغۇرلا-
رنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى ۋە دىنىي ھېسسىياتىنى كۈچەيتكەن؛
ئىككىنچىدىن، سەدىقە، زاكات، ھەدىيە قاتارلىق ئىقتىسادىي يار-
دەملەر مەلۇم دەرىجىدە «كەمبەغەللەر بىلەن بايلار باراۋەر» دېگەن
خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، بۇ مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇيۇ-
شۇش كۈچى ۋە ئورتاقلىق ھېسسىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، كۈچىيى-
شى ئۈچۈن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن؛ ئۈچىنچىدىن،
ئۇيغۇرلاردىكى بايلار ۋە يوقسۇللارغا نىسبەتەن ئېتىقاد-
دا يوقسۇللارنىڭ ئەخلاق ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ۋە ئۇلارنىڭ
خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىنى يۈكسەلدۈرگەن.





ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان
كەمبەغەللەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەش، سەدىقە، زاكات ۋە
ئىئانە بېرىش بايلارنىڭ ھەممە مال ـ مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە
بېرىۋېتىشىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى بايلارنىڭ بايلىقىنى داۋاملىق
ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا كەمبەغەللەرنى ئاز ـ تولا تۇرمۇش
كاپالىتىگە ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا يەنە كەمبەغەللەرنىڭمۇ ئۆز ئىززەت ـ
ھۆرمىتىنى، نومۇسىنى ساقلاش، تەييارتاپلىق قىلماي ھالال ياشى-
شى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. مىللەت ئىچىدىكى دىنىي سەۋەبتىن
شەكىللەنگەن مۇشۇنداق ياردەم ۋە پاراۋانلىق تۈزۈمى ئۆز نۆۋىتىدە
ئادەتكە، شۇنداقلا ئەخلاققا ئايلانغان بولۇپ، بۇلار مۇقەررەر ھالدا
مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنىڭ تارىختىن
بۇيان ئانچە ئۆتكۈرلىشىپ كەتمەي، مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ
ئېشىپ بېرىشىغا زور ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن.

3 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى
كۈچەيتىش، دىنىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش رو-
لىنى ئۆتەپ كەلگەن.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەربىر دىنغا ئىشەنگۈچى ئۇيغۇر
مەيلى بۇددا دىنىغا ئىشەنگەن ياكى مانى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا
ئىشەنگەن ۋە ياكى ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن بولسۇن، ئاخىرقى
مەقسەتنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىش، ئېنىقراقى
جەننەتكە يېتىش دەپ ھېس قىلغان. تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ۋە
ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە، سوپى ـ ئىشانلارغا نىسبەتەن
ئاللا بىلەن بىرلىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت مەنىۋى مەنزىل —
مەقسەت ھېسابلانغان. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد نۇقتىسى-
دىن چىقىپ تۇرۇپ، ئاشۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز ھەرىكى-
تىدىكى ياخشى ـ يامان ۋە ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىنى ھەر ۋاقىت
ئېسىدە تۇتماي قالمىغان، بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ قارى-

شىدا ئادەمنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىخلاس-
مەنلىك دەرىجىسىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلانغان ، ئەخلاقىي
ھەرىكەت يالغۇز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى شان - شەرىپى ،
ئابرۇيى ، ئورنى ۋە قىممىتى ، شۇنداقلا باشقا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا
ئېرىشىدىغان ھۆرمىتىنىڭ تۈپ بەلگىلىرىدىن سانىلىپلا قالماي ،
يەنە ئاخىرەتتىكى جەننەتكە نائىل بولۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ
سانالغان .

ئىسلام دىنىدىكى قاراشلار بويىچە ئېيتقاندا ، ئەخلاق —
ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر . كىشى ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرھىزنى
ئادا قىلىش بىلەنلا جەننەتكە ئۇلىشالمايدۇ ، ئۇ بەش پەرھىزنى ئادا
قىلغاندىن باشقا ، ياخشى ئىشلارنى ئىمكانقەدەر كۆپ قىلىشى ،
ئەخلاقىنى كامىللاشتۇرۇشى ، يامان قىلىقلاردىن يىراقلىشىشى كې-
رەك . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە ئەخلاقنىڭ مۇسۇلمان-
نىڭ ئاخىرەتتىكى بەختكە ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكى
ئېيتىلىدۇ . مەسىلەن ، مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن : «تارا-
زىغا گۈزەل ئەخلاقتىن ئېغىر (كېلىدىغان) نەرسە يوق» ، «سى-
لەردىن مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ، قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ
يېقىن ئولتۇرىدىغان كىشى — ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل كىشى-
دۇر» . مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر «ئەمەل-
لەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل ؟» دەپ سورىغاندا ، «تەقۋالىق ۋە
گۈزەل ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەرگەن . يۇقىرىقىدىن باشقا ، ياخشى-
لىق (ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى) قا بۇيرۇش ، ھەرخىل ياماز-
لىقلارنى توسۇش «قۇرئان» نىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بولۇپ ،
بۇ ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلار چۈشەنچىسىدە مەجبۇرىيەتتۇر . دېمەك ،
ئەخلاقلىق بولۇش ، ياخشىلىق قىلىش ، يامانلىقتىن چەكلىنىش —
مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەم سۈننەت ، ھەم پەرھىز ، ھەم ھاياتىي
مەجبۇرىيەت سانىلىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرلاردىكى
ئەخلاققا دەۋەت قىلىش ، گۈزەل ئەخلاق تىكلەش ۋە ئەخلاق





تېمىسىدا ئـەسەر يېزىش ··· ئەنئەنىلىرى نوقۇل ئەخلاق مەسىلى-
سىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىدۇر .

ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئەخلاقىنىڭ مۇناسىۋىتى-
دە ، دىن ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش ۋە قوغداش رولىنى ئۆتىگەن
بولسا ، ئەخلاق ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى كۈچەيتىپ ، دىنى-
نىڭ ھاياتىي پائالىيەتلەرنى تىزگىنلەشتىكى رولىنى كۈچلەندۈر-
گەن . نەتىجىدە بەزى ساھەلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ دىن ئارقىلىق ئەخ-
لاقنى شەرھلەيدىغان ، ئەخلاق ئارقىلىق دىننى چۈشەندۈرىدىغان
قوش يۆنىلىشلىك ئەخلاق ئېڭى ۋە ئەخلاق ئادىتى شەكىللەنگەن .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتى-
كى رولى يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ . ئۇ بىرخىل ئىدېئولو-
گىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ
جەۋھىرى ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى تىزگىنلىگۈچى ، ھەتتا زور
ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبچىلىرىدىن بىرى بولۇپ رول
ئويناپ كېلىۋاتىدۇ . تارىختىكى قىسمەن ئىنقىلاب ۋە قارشىلىقلار-
نى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ دەپسەندە بول-
ماسلىقى ، ئەخلاقىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى
ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرى جۈملىسىدىكى ئىش ، دەپ ئېيتى-
شىمىز مۇمكىن .

**ئىزاھلار :**

① گېگېل : «تارىخ پەلسەپىسى» ، 104~105 - بەتلەر .
② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» ، 1 - توم ، خەلق
نەشرىياتى ، 1956 - يىلى نەشرى ، خەنزۇچە ، 15 - بەت .
③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «قۇتادغۇبىلىك خەزىنى-
سى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1999 - يىلى 8 -
ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 404 - بەت .
④ شەرىپىدىن ئۆمەر : «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

تارىخى»، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 120 ـ بەت.

⑤ تەن گۇاڭگۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «مەدەنىيەتشۇناسلىق لۇغىتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 698 ـ بەت.

⑥ لوجۇفېڭ: «دىنشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 228 ـ بەت.

⑦ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسى، ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان.

⑧ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «لۇئلۇئۇل مارجان».

⑨ ۋۇ دو: «جەمئىيەتشۇناسلىق»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 362~361 ـ بەتلەر.





# 3 ـ بۆلۈم

## ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپ ۋە كاتېگورىيىلەر

كەڭ مەنىدىكى ئەخلاق ھادىسىسى ئىچىدىن ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىش — ئۇيغۇر ئەخلاقى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىدۇر. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئەندىزىسىنى يىغىنچاقلاپ چىقىشتا سۇبيېكتىپ خىيالغا ياكى باشقا مىللەت ئەخلاقىنىڭ قۇرۇلما ئەندىزىسىگە تايىنىشقا بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرلۇك ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ تۇرمۇشتا ئوينىغان روللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، شۇنداقلا ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى ئاساس قىلىپ، ھەرخىل ئەخلاق ھادىسىلىرىنى كونكرېت تەھلىل قىلغان ئاساستا يەكۈنلەپ چىقىش زۆرۈر. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ يادرولۇق قىسمىدا تۇرغان، تۈپ پېتەكلەش ۋە چەكلەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان، باشقا ئەخلاق تىپلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ھەرىكەت ـ قىلىق قائىدىلىرىنى ئەخلاق پرىنسىپى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ؛ ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئەخلاق جەھەتتىكى تەلەپلەرنى ئەخلاق نورمىسى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ؛ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئەخلاق ھەرىكىتىنى تەڭشەش جەھەتتە شەكىللەندۈرگەن بىر قىسىم تۈپ ئۇ-

قۇملارنى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ كاتېگورىيىلىرى دەپ بېكىتىشكە بو-
لىدۇ. مۇكەممەل ئەخلاق ئەندىزىسى ئائىلە - نىكاھ ئەخلاقىنى،
جامائەت ئەخلاقىنى ۋە كەسپىي ئەخلاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولى-
دۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ئەخلاق ئىچىدە ئەخلاق پرىنسىپلىرى، ئەخلاق
نورمىلىرى ۋە ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ.

## 1. ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپ

### 1. ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپنى بېكىتىش

هازىرغىچە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئەخلاقىغا ئائىت تەتقىقات
نەتىجىلىرىدە «ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى پرىنسىپ» دېگەن مەسىلە تىلغا
ئېلىنمىغان. ئەمەلىيەتتە ھەربىر مىللەتنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىغا
تۈپ ئەخلاق پرىنسىپلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزى مىللەت-
لەرنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى سىستېمىلاشتۇرۇلغان، يەكۈنلەن-
گەن، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى نەزەرىيە نۇقتىسى-
دا تىكلەنمىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق نورمىلىرى ۋە مەزمۇنىنىڭ
دائىرىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا ساھەلەر
بىلەن دىداكتىك ئەسەرلەردىكى سىستېمىلاشتۇرۇلغان ئەخلاق نور-
مىلىرى ۋە ئەخلاقىي تەلەپلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەخلاقىدا ئۆزى-
گە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئىزچىللىقى بار بولغان، ھەربىر
ئەخلاق نورمىسى ۋە ئەخلاقىي تەلەپنى تىزگىنلەپ تۇرغان، ھەر-
خىل ئەخلاق تىپلىرىغا ئورتاق بولغان بىرقانچە تۈپ قائىدە بار
بولۇپ، بىز ئۇلارنى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ تۈپ پرىنسىپى دەپ
قارايمىز.

يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ تەرەققىيات تارى-
خى ۋە رېئال ھالىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى بايقايمىزكى،
ئۇيغۇرلاردىكى ئەخلاق نورمىلىرى، ئەخلاقىي تەلەپلەر، ئەخلاق





مىزانلىرى، ئەخلاقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ
ۋە خىلمۇخىل . ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلغاندىن كې-
يىن، «ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى چەكلەش (ياكى ئۇنىڭدىن
چەكلىنىش)» نى ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپ سۈپىتىدە
يىغىنچاقلاپ ئىپادىلىيەلەيمىز. نېمە ئۈچۈن «ياخشىلىق قىلىش،
يامانلىقنى چەكلەش» نى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ تۈپ پرىنسىپى دەپ
بېكىتىمىز؟ بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبنى كۆرسىتىپ ئۆ-
تۈش مۇمكىن.

«ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى چەكلەش» ئۇيغۇر ئەخلاقى-
نىڭ تۈپ روھى ۋە مېغىزىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئىشەنگەن
ھەرقايسى دىنلاردىكى تۈپ ئەقىدىنى ياكى ھاياتىي پائالىيەتلەرنى
ئاساس قىلسۇن، «ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى چەكلەش» ئەزەل-
دىن مۇشۇ دىنلار ئەخلاقىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەخلاقىي
تۈيغۇلىرىنىڭ ۋە ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ تۈپ يۆنىلىشىنى كۆرسى-
تىپ بېرەلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلاردىكى ھەرخىل ئەخلاق تىپ-
لىرىنىڭ بىۋاسىتە چىقىش نۇقتىسى ۋە قايتىش نۇقتىسىدۇر.
ئۇيغۇرلار ئەخلاقىدىكى ئاتا - ئانىغا مېھرىبان بولۇش، كەمبەغەل،
يېتىم - يېسىرلارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە شەپقەت كۆرسىتىش قاتارلىق
كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەخلاقىي تەلەپلەر بولسۇن ياكى تازىلىق-
نى سۆيۈش، ئوتتۇراھال ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش، ئىلىم سۆيۈش
قاتارلىق شەخسىي ئەخلاق تەلەپلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئائىلە -
نىكاھ ۋە كەسپىي ئەخلاق جەھەتتىكى كونكرېت ئەخلاقىي تەلەپ
ۋە چەكلىمىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «ياخشىلىق» دەل
چىقىش نۇقتىسى ۋە قايتىش نۇقتىسى قىلىنغان. ئومۇمەن، «ياخ-
شىلىق قىلىش، يامانلىقنى چەكلەش» پۈتۈن ئۇيغۇر ئەخلاق سىس-
تېمىسىدىكى بارلىق ئەخلاق ھادىسىلىرى ۋە ئەخلاق كاتېگورىيىلى-
رىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچى
ئىدىيە ۋە چەكلىگۈچى كۈچ، شۇنداقلا ئەڭ ئالىي ئەخلاق ئۆلچىمى

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ساددا ئەخلاق قاراشلىرىدا، كېيىن ھەرقايسى دىنلارغا ئىشەنگەن مەزگىللەردىكى پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەن دىنىي ئەخلاق سىستېمىسىدا، شۇنداقلا ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دىداكتىك ئەسەرلەردىكى مۇكەممەل ئەخلاق پەلسەپىسىدە «ياخشىلىق» (ئەزگۈلۈك) ۋە «يامانلىق» (ئەسىزلىك) ئەڭ بالدۇر، ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ، تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. تەڭرىلەر، روھلار، ئادەملەر، ھۆكۈمرانلار، ھەرىكەت ـ قىلىقلار، سۈپەتلەر، نەتىجىلەر ... بىردەك ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىلىدۇ؛ ھەرقانداق گۈزەل سۈپەت، گۈزەل ھەرىكەت ياخشىلىققا يىغىنچاقلىنىدۇ، قەبىھ سۈپەت ۋە قەبىھ ھەرىكەتلەر يامانلىققا يىغىنچاقلىنىدۇ ۋەھاكازا.

## 2. ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپنىڭ مەزمۇنى

ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى «ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى چەكلەش (ياكى چەكلىنىش)» تىن ئىبارەت بۇ تۈپ پرىنسىپنىڭ مەزمۇنى كەڭ ۋە مول بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىكى مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدا بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

### 1. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش

كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى ۋە دىنىي ئەخلاقىدىكى مۇھىم تەلەپ بولۇپ، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە، دىداكتىك ئەسەرلەردە ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت دەستۇرلاردا ئۇ ئالىي ئەخلاق ئۆلچىمى سۈپىتىدە باھالىنىدۇ. «ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش» ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ياخشىلىققا بۇيرۇش؛ يەنە بىرى يامانلىقنى چەكلەش. بۇ ئىككى مەزمۇن بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىۋەتكىلى بولماي-





دۇ. «ياخشىلىق قىلىش» — ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ تۈۋرۈكلۈك مەزمۇنى، دىنىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىي روھى، شۇنداقلا ئەخلاقشۇناسلىرىمىز ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن نۇقتىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىدا نوقۇل ئەدەپلىك بولۇش، ياخشى مىجەز ـ خۇلق تىكلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشتىكى تۆۋەن مەنزىل بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىگە ئېتىبار بەرگەندىن سىرت، يەنە باشقىلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەش، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ياخشىلىقنى قەلبىدە ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىش زۆرۈر، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇنداق ياخشىلىق شەخسىيەتچىلىك خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. دېمەكچىمىزكى، ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدە ياخشى بولۇش (ئەخلاقلىق بولۇش) بىلەن ياخشىلىق قىلىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلىدۇ.

«يامانلىقنى توسۇش»، «ياخشىلىققا بۇيرۇش» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ناۋادا «يامانلىقتىن توسۇش ۋە چەكلىنىش» بولمايدىكەن، «ياخشىلىققا بۇيرۇش» نى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە «يامانلىقتىن توسۇش ۋە چەكلىنىش» — «ياخشىلىققا بۇيرۇش» نىڭ مۇھىم شەرتىدۇر. ئەخلاق سىستېمىسىدا يامانلىقنى توسۇشتا تۈزىتىش، تەنقىد قىلىش ۋە نەپرەتلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل قورال ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە ھەرىكەت ـ قىلىقىدىكى يامانلىقلار ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇلار: ئىقتىدارمۇ بار، ھوقۇقمۇ بار ئەھۋالدا قانۇن ئارقىلىق چەكلەش ياكى بۇيرۇق قىلىش يولى بىلەن ئىجرا قىلىش؛ ئىقتىدار بار، ئەمما ھوقۇق يوق ئەھۋالدا نەسىھەت، مۇنازىرە ۋە تەنقىد ئارقىلىق ئىجرا قىلىش؛ ئىقتىدارمۇ، ھوقۇقمۇ بار بولمىغان ئەھۋالدا غەزەپ ۋە نەپرەت بىلدۈرۈش يولى بىلەن ئىجرا قىلىشتۇر. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان شارائىتلاردا ئايرىلاش ياكى مۇستەقىل قوللىنىل-

دۇ. ھۆكۈمرانلار پۇقرالارغا، دىندارلار مۇخلىسلارغا، ئائىلە باشلىقلىرى ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئۇستازلار شاگىرتلارغا بۇيرۇق شەكلىنى قوللىنىپ ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى توسىدۇ؛ تونۇش كىشىلەر ئارا ئەخلاق جەھەتتىكى ناچار سۈپەتلەر نەسىھەت، تەنقىد شەكىللىرى ياكى ئەقلىي ئىسپات كەلتۈرۈش، ئىبرەتلىك ھېكايە سۆزلەش شەكىللىرى قوللىنىلىپ تۈزىتىلىدۇ؛ ناتونۇش كىشىلەر ئارا ئەخلاق جەھەتتىكى ناچار سۈپەتلەر نەپرەت، غەزەپ، جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى... شەكىللىرىدە تۈزىتىلىدۇ. دىنىي ئەسەرلەر، دىداكتىك ئەسەرلەر، ئىبرەتلىك ھېكايىلەر ۋە ئەخلاق تەشەببۇسى مەزمۇنىدىكى ماقال - تەمسىللەردە ئۈچ خىل ئۇسۇل ئوخشىمىغان نىسبەتتە قوللىنىلىپ، ياخشىلىق تەشەببۇس قىلىنىدۇ، يامانلىق توسۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقنى چەكلەش تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىلىدۇ:

بىرىنچى، ئۇ ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ تۈپ تەلىپى دەپ قارىلىپ، ئەخلاقىي تەلەپلەردە مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ ھەمدە ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. بۇنداق ئەخلاقىي ئىدىيە «قۇرئان»دا شۇنداق دېيىلگەن: «... (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن! يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن. بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردۇر»①. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ھەم شۇنداق يازغان:

«227 گەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۇرى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.
237 تىرىك ئۆلۈر ئاخىر، تۆشەك بولۇر يەر،
تىرىكتۇر ئېتى، ياخشىلىق بولسا ئەگەر.
240 ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ، ئېتىڭ ماختىلۇر،
ئەي ھوشيار، يامان ئات بولسا سۆكۈلۈر.





241 بىرى ياخشى ئەردى، ئۇنى ماختىدى،
يامان ئەردى بىرى، ئۇنى قارغىدى.»②

نەۋائىيمۇ شۇنداق ئېيتقان: «ياخشىلىق قىلالمىساڭ، يامانلىق قىلما. ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ، ياخشىلارغا قوشۇل، ياخشىلار قاتارىدا بولالمىساڭ، ياخشىلار ئەتراپىدا يۈر»③. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئادەمنىڭ تۈپ پەزىلىتى ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ ماقاللار بار.

ئىككىنچى، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. «قۇرئان»دا شۇنداق دېيىلگەن: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر»④. «قۇتادغۇبىلىك»تە ياخشىلىق قىلىش — ياخشى نام، ماختىلىش، ئالقىش، ھۆرمەت، مەنىلىك ھايات... نىڭ ئاساسى دەپ بايان قىلىنغان. نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا ياخشىلىق قىلىش بىلەن يامانلىق قىلىشنى گوياكى يەرگە گۈل ياكى تىكەن تېرىغانغا ئوخشىتىپ، ئۇلاردىن ئۈنگەن گۈل ۋە تىكەننى ياخشىلىق ياكى يامانلىقنىڭ نەتىجىسىگە تەققاسلىغان. خەلق ئارىسىدىكى «ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا مىڭ قامچا»، «ياخشى بولسا ئېشىنى يەر، يامان بولسا بېشىنى يەر»، «ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات قالىدۇ»، «ياخشىغا مەدەت، يامانغا نەپرەت»، «ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ»... قا ئوخشاش نۇرغۇن ماقال - تەمسىللەردىمۇ ياخشىلىق — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ، يامانلىق — مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئىزاھلانغان.

ئۈچىنچى، ئۇ ئادىمىيلىك ئۆلچىمى دەپ قارىلىدۇ. بۇددا ۋە ئىسلام قاتارلىق دىنلارنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىدا ياخشىلىق — ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلچىمى ۋە پەزىلەت سانالغان. نەۋائىي «ئەگەر سەن ھەقىقىي ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمى بىلەن كارى بولمايدىغانلارنى ئادەم دېمە»⑤ دېيىش ئارقىلىق كى-

شىگە ياخشىلىق قىلىشنى ئادىمىي خىسلەتنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارى-
غان . «ياخشىنىڭ سۆزى قايماق ، ياماننىڭ سۆزى توقماق » ، «يا-
ماننىڭ غەيۋىتى تۈگىمەس ، ياخشىنىڭ سۈپىتى تۈگىمەس » ، «ياخ-
شىدىن ياماندا ، رەڭگى ئوخشار سامانغا » ، «دەرەخ سۈپىتى
ياپراق ، ئادەمنىڭ سۈپىتى ئەخلاق » ، «ئادەمنىڭ كۆركى ئە-
دەپ » ، «ئەدەپ — ئەقىلنىڭ سۈرىتى » ، «چىشىڭنى سەدەپتەك
قىلغۇچە ، ئىشىڭنى ئەدەپلىك قىل » ... دېگەندەك بىر قاتار
ماقال - تەمسىللەردىمۇ ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشى خۇلق يېتىلدۈ-
رۈش — ئادىمىي سۈپەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامىتى سۈپىتىدە
ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

تۆتىنچى ، ئۇ مەرىپەتلىك قوۋم ياكى مىللەتنىڭ ئىپادىسى دەپ
قارىلىدۇ . ياخشىلىق قىلىش ۋە يامانلىقتىن چەكلىنىش يالغۇز
شەخسنىڭ ھەرىكىتى ۋە پەزىلىتىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇ يەنە مەرىپەت-
لىك ، ئىلغار مىللەتنىڭ ئىپادىسى ۋە بەلگىسىدۇر . كىشى ئىچىدى-
كى يامانلىقنى تۈزىتىش ، ھەرىكەت - قىلىقتىكى يامان سۈپەتلەرنى
چەكلەش ۋە ئۇلاردىن چەكلىنىش — بىر مىللەتنىڭ ئەخلاقلاشقان ،
پەزىلەتلىك مىللەتكە ئايلىنىشىدىكى ھالقىلىق ئامىللاردىن بىرى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يۇقىرىقىدەك ئەخلاق كۈچلۈك ئۇيۇشتۇرغۇ-
چى كۈچ ياكى مەنىۋى قۇۋۋەت شەكلىدە مىللەتنىڭ ئويغارلىق
سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ . فارابى ئوتتۇرىغا قويغان پەزىلەتلىك
جەمئىيەت ئەندىزىسىدە ، يۈسۈپ خاس ھاجىب ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى
ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ياخشىلىققا بۇيرۇپ ياما-
لىقتىن توسۇش — ئادىل ، پاراۋان ، بەختلىك جەمئىيەت بەرپا
قىلىشنىڭ ، مىللەتنىڭ دائىمىيلىق مەۋجۇتلۇقىنىڭ ۋە گۈللىنى-
شىنىڭ شەرتلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان .

2 . رەزىللىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇش

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا «ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقنى
توسۇش » تەكىتلەنگەن چاغدا ، يەنە كىشىلەرنىڭ رەزىل كۈچلەر





بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمۇ تەكىتلىنىدۇ . ئۇيغۇر
ئەخلاقى ئىسلام ئەخلاقىنى تۈپ مەزمۇن قىلغان ھالدا ، ئۇنىڭدا
خرىستىئان دىنىدىكى «باشقىلار سېنىڭ سول كاچىتىڭغا ئۇرسا ،
سەن ئۇنىڭغا ئوڭ كاچىتىڭنى تۇتۇپ بەر »⑥ دېگەندەك تەشەببۇسقا
قەتئىي قارشى تۇرۇلىدۇ . رەزىللىك بىلەن كۈرەش قىلىش ئەخلاق-
شۇناسلىق مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا ئادەمنىڭ ئۆز قەلبىدىكى تۇر-
لۇك يامان سۈپەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۇنىڭدىن خالاس بولۇ-
شىنى ، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىز ، يامان ، رەزىل قىلى-
مىشلار بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۇلارنى چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ .
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى نەپسانى-
يەتچىلىك ، بېخىللىق ، تەمەگەرلىك ، ھەسەتخورلۇق ، پىتنىخور-
لۇق ، يالغانچىلىق ، ھاۋايى - ھەۋەس ... قاتارلىق يامان سۈپەتلەر
بىلەن كۈرەش قىلىشى ، ئۇلارنى سەۋر - تاقەت بىلەن يېڭىشى
تەشەببۇس قىلىنغاندىن باشقا ، ھەرخىل رېئال يامانلىقلار ئۈستى-
دىن غالىب كېلىشىمۇ قۇۋۋەتلىنىدۇ .

ئىسلام دىنىدا ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى — شەيتان دەپ
قارىلىدۇ . شەيتان مەلۇم مەنىدە ئىنساننىڭ قەلبىدىكى يامان ئىس-
تەك ، يامان ئارزۇ - ھەۋەس ھەم ئەخلاقىي چىركىنلىكنىڭ ئوب-
رازلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ، ئۇ بارلىق رەزىللىك ۋە ناچار ئەخلاقنىڭ
مەنبەسى ھېسابلىنىپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز قەلبىگە يوشۇرۇنغان ،
توغرىراقى «تېرىسى بىلەن گۆشى ئارىسىغا جايلىشىۋالغان » شەيتان
سۈپەتلىك يامان خۇلق ۋە يامان غەرەزلەر بىلەن كۈرەش قىلىشى
تەشەببۇس قىلىنىدۇ . شۇنداقلا يەنە رېئال جەمئىيەتتىكى ئاشكارا
يامانلىقلارنى بۇيرۇق ، جازا ، نەسىھەت ، تەنبىھ ، پەرھىز شەكىللى-
رىنى قوللىنىپ توسۇش ۋە چەكلەشمۇ تەشەببۇس قىلىنىدۇ . مۇ-
سۇلمان ئۇيغۇرلار يالغۇز شەخسىيىتىدە ياخشى ئەخلاقىي سۈپەتلەر-
نى ھازىرلاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي ، يەنە ھەرخىل يامانلىق-
لارنى توسۇش ۋە چەكلەشنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى ،

ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى ، ئادىمىيلىك مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇيدۇ.
خەلق رەھبەرلىرىنىڭ پۇقرالار ئارىسىدىكى يامانلىقلارنى توسۇشى ،
ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئائىلىدىكىلەرنىڭ يامانلىقلىرىنى چەكلىشى ،
چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى يامان خۇلقلارنى توسۇپ
ئۇلارنى نازارەت قىلىشى — ئۇلار ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەت جۈملى-
سىدىن سانىلىدۇ . بۇنداق ئەخلاقىي پرىنسىپ دەل تارىختىن بۇيان-
قى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تۈزەش مەس-
ئۇلىيەتچانلىقىغا ۋە بىر قاتار ئەخلاقىي ئۈگۈتلەرنى يازما شەكىلدە
قالدۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر .

3 . ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسى بولىدۇ
دېگەن ئەخلاقىي ئىشەنچ

ئۇيغۇرلار ئىشەنگەن ھەممە دىندا ۋە خەلقنىڭ مىللىي ئەخلاقى-
دا دېگۈدەك شۇنداق قارىلىدۇكى ، كىشىلەر ياخشىلىق قىلسا دۇن-
يادا ۋە ئاخىرەتتە ئەجىر (ساۋاب ياكى مۇكاپات ) گە ئېرىشىدۇ ،
يامانلىق قىلسا جازا (ئاخىرەتتىكى دوزاخ ياكى سانسار ) غا دۇچار
بولىدۇ . بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق تىلىدىكى «نېمە تېرىسا ، شۇنى
ئالىدۇ » دېگەندەك ئەھۋالدۇر . ئىسلام دىنىدىكى ياخشىلىق ۋە
يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسى بولىدۇ دېگەن قاراش — بىر تۈپ
دىنىي تەلىمات بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسى — ئومۇمەن ياخشى
ئىش قىلغانلار ياخشى نەتىجىگە ، يەنى جەننەتكە ئېرىشىدۇ ، يامان
ئىش قىلغانلار جازاغا ، يەنى دوزاخ ئازابىغا گىرىپتار بولىدۇ ،
دېگەندىن ئىبارەت . «قۇرئان » دا شۇنداق دېيىلگەن : «كىمكى
(كىشىلەر ئارىسىدا ) ياخشى (ئىش ئۇچۇن ) شاپائەت قىلسا ، ئۇ-
نىڭدىن (يەنى ياخشى ئىشتىن ) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ ؛ كىمكى
بىر يامان (ئىش ئۇچۇن ) شاپائەت قىلسا ، ئۇنىڭدىن (يەنى يامان
ئىشتىن ) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ ... »⑦ . «قۇرئان » دا بۇ خىل
مەزمۇندىكى ئايەتلەر كۆپ بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ، ئوخشىمىغان دەرى-
جىدىكى ياخشىلىققا ياكى يامانلىققا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئەجىر





ياكى جازانىڭ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن كۆرسەتمە بار .
ئىسلام دىنىدىكى ياخشىلىق ۋە ياخشى ئادەم ئومۇمەن «قۇرئان»
ۋە «ھەدىس» لەردە تەشەببۇس قىلىنغان ، دىن ۋە رېئال ھايات
ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بارلىق ئىش - ھەرىكەتنى ھەمدە شۇنداق
ئىش - ھەرىكەتتە بولغۇچىنى كۆرسىتىدۇ ؛ يامان ئىش ۋە يامان
ئادەم بولسا دىنغا شەك كەلتۈرىدىغان ، دىنغا ، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە
زىيانلىق بولغان ھەرقانداق ئىش ھەم شۇ ئىشنى قىلغۇچىنى كۆر-
سىتىدۇ . بۇ يالغۇز ئىسلام دىنىنىڭلا ئەمەس ، يەنە ئۇيغۇر ئەخلاق
پرىنسىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر ئىدىيە - ئەخلاق
تارىخىدا ئىزچىللىققا ئىگە ، تەسىرى زور بىر ئەقىدە ياكى
قاراشتۇر .

ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاخىرەت-
تىكى مۇكاپاتى ۋە جازاسىدىن كۆرە ، ئۇلارنىڭ رېئال ھاياتتىكى
كىشىگە كەلتۈرىدىغان ئەمەلىي تەسىرى كۆپرەك تەكىتلىنىدۇ .
ئەمما ، بۇ ئۇيغۇر ئەخلاق قاراشلىرىدىكى مەزكۇر مەسىلىدە ئاخى-
رەتتىكى مۇكاپات ياكى جازا ئۇقۇمى تاشلىۋېتىلگەن ، دېگەندىن
دېرەك بەرمەيدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ دىداكتىك ئەسەرلىرىدە ، خەلق
ماقال - تەمسىللىرىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ھەم ئۇ ئىككىسى-
نىڭ ئاقىۋىتى دائىملا سېلىشتۇرما ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان . مە-
سىلەن ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك » تە شۇنداق يازغان :
«ئېرۇر ياخشىلىق ئوڭ ، يامانلىق ئۇ سول ، 917
جەھەننەم سولىڭدا ، بېھىش ئوڭدا ئول .
903 ئېرۇر ياخشىلىق ئۆلگەندەك ئېغىر ،
يامان ئىش چۈشۈشتەك ئاساندۇر ئاخىر . »⑧

ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدە ياخشىلىق — ھۆرمەتنىڭ ،
شان - شەرەپنىڭ ، ياخشى نام ۋە ئابرۇينىڭ ، بەختلىك تۇرمۇش-
نىڭ ، ئەزىزلىكنىڭ ئاساسىدۇر ، يامانلىقنىڭ جازاسى —
خارلىق ، ھۆرمىتىنى يوقىتىش ، پۇشايمان ، كۆڭۈلسىز تۇرمۇش ،

كىشىلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىش ھەمدە ئاخىرەتتىكى دوزاخ
ئازابىدۇر . بۇ ھەقتىكى ئەمەلىي مىساللار بەك كۆپ بولۇپ ، سە-
ھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە ئۇلارنى تىزىپ كۆرسەتمەيمىز .
ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئەجرى ياكى جازاسى بولىدۇ دېيىل-
دىغان بۇنداق تۇپ ئەخلاق ئىدىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي
تۇرمۇشىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئەخلا-
قىي ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى بەك كۈچلۈك . بۇنداق تەسىرنىڭ
ئىجابىي تەرىپىمۇ بار ، شۇنداقلا سەلبىي تەرىپىمۇ بار ، يەنى بۇنداق
قاراش مۇئەييەن دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ كۆپرەك ياخشى ئىش قىلى-
شىغا ، ياخشى خۇلق يېتىلدۈرۈشىگە ، يامانلىق ، رەزىللىكتىن
ساقلىنىش ۋە ئۇلارنى دادىل چەكلىشىگە رىغبەت بېرىپ ، جەمئى-
يەت تەرتىپىنى قوغداش ، ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىنى مۇھاپىزەت قى-
لىشتەك ئاكتىۋال رولنى ئۆتەپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدى-
كى ھەربىر ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاخىرەتتىكى
مۇكاپات ياكى جازاغا تاقاشتەك كۆزقاراشنىڭ سەلبىي تەسىرىمۇ
يوق ئەمەس ، يەنى بۇنداق كۆزقاراش كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى
مەۋھۇم بەختىنىلا قوغلىشىپ ، رېئال جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك ناتوغ-
را ، بۇزۇق قىلمىشلارغا تاقەت قىلىپ تۇرۇشى ، تەقدىرگە بويسۇ-
نۇشى ... غا سەۋەبكار بولۇپ قېلىپ ، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي
ھالەتنى ياخشىلاشتىكى رولىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ قويغان .
شۇڭلاشقا ، بىز ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى كۆزەتكەن ۋە تەتقىق
قىلغان چېغىمىزدا ، «ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى ياكى
جازاسى بولىدۇ » دېگەن قاراشقا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ ، ئۇنىڭ-
دىكى ئاكتىۋال ، رېئال تەرەپلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، پاسسىپ
تەرەپلىرىنى تاشلىۋېتىشىمىز ۋە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز
زۆرۈر .





## 2 . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى كاتېگورىيىلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي
قىلىش جەريانىدا ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، مەجبۇرىيەت ، ۋىجدان ،
ئادالەت (ھەققانىيەت ) ۋە شان ـ شەرەپ قاتارلىق ئەخلاق كاتېگو-
رىيىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن . بۇ كاتېگورىيىلەر
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئەخلاق ھەرىكەتلىرىنىڭ
ھەرقايسى ئاساسىي ھالقىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ ئەخ-
لاق كاتېگورىيىلىرى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى
ۋە ئەخلاق غايىسىنى ، شەخسلەرنىڭ ئەخلاق ھەرىكىتى ۋە پەزىلىتى-
نى يەكۈنلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى تۈپ
پرىنسىپلار ھەمدە ئەخلاق نورمىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى
ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى رېئاللىقتا كۆرسىتىشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ . ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى بىر قانچە ئاساسىي كاتېگورىيە
تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

### 1 . ياخشىلىق ۋە يامانلىق

1 . ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە
ياخشىلىق ۋە يامانلىق — ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىللەتنىڭ
ھەربىر ئەزاسىنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ياكى
ئىنكار قىلىپ باھالاشتا قوللىنىلىدىغان ئومۇمىي بىر ئۇقۇمدۇر .
ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا ھەربىر دىن ، ھەربىر ئەخلاقشۇ-
ناس ئەخلاق سىستېمىسىدا ، دىداكتىك ئەسەرلىرىدە توختالماي قال-
مىغان ۋە قالمايدۇ . بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە شۇ نەرسە
ئايان بولىدۇكى ، گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەق-
قىدىكى تونۇشى ئۆزىگە خاس بەزى تەرەپلەرگە ، ئالاھىدىلىكلەرگە

ئىگە بولىسمۇ، ئەمما ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ئىنساننىڭ ئومۇمىي
ئەخلاق سىستېمىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئورتاق ئالاھى-
دىلىكلىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئەخلاقىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن دىنلار، جۈملىدىن
ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق
قارىشى ۋە باشقا مىللەتلەر ئەخلاقىدىكى ياخشىلىق - يامانلىق
قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتې-
گورىيىسىنىڭ ئورتاقلىقىغا دىققەت قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى
تۇغۇلىدۇ.

ئالدى بىلەن، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئەخلاقىي تۇرمۇشتى-
كى ئورنىدىن قارىغاندا، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ زىددىيىتى ئەخ-
لاق ساھەسىدىكى ئەڭ نېگىزلىك ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەخلاق ھادىسىلىرى قاي-
چىلىك مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ئەخلاقلىق
(ئەخلاقىي) ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھادىسىگە
يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولىدىغان كى-
شىلىك ئالاقىلەردە ھەربىر كىشى ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە قوغداي-
دىغان مەنپەئەت ئوخشىمىغاچقا، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ۋە
ئىدىيىسىدە پەرق بولىدىغان بولغاچقا، باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە
پايدىلىق ياكى زىيانلىق ھەرىكەتلەر، يەنى ياخشى ھەرىكەت - قى-
لىق، ياخشى ئىش، ياخشى ئادەم ۋە يامان ھەرىكەت - قىلىق،
يامان ئىش، يامان ئادەملەر ھامان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىجتىمائىي
تۇرمۇشتىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ بۇنداق زىددىيىتى ئىنسان-
لارنىڭ تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق تۇرمۇشىنىڭ
ھەربىر ساھەسىگىمۇ سىڭگەن بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق تۇر-
مۇشىدىن شۇ نەرسىنى بايقاش مۇمكىنكى، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ زىددىيىتى — ئەخلاق





تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى،
ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ زىددىيىتىنى مەزمۇن قىلغان ئىجتى-
مائىي تۇرمۇش ئەخلاق تۇرمۇشىنىڭ باشقا تۇرمۇش شەكىللىرىدىن
پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. كىشىلەر ئېڭى-
دىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق پەقەت ئۇلار ياشاۋاتقان رېئال تۇرمۇشتا
بارلىققا كەلگەن ياخشى ياكى يامان ھادىسىلەرنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا
نەرسە ئەمەس. بارلىق ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش ۋە ئەخلاق تەربىيى-
سىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ياخشىلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يامانلىق-
نى چەكلەش بولۇپ، بۇ ۋەجدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ زىددىيى-
تىنى بىز ئىجتىمائىي ئەخلاق تۇرمۇشىدىكى ئەڭ تۈپ رېئاللىق
ۋە ئەڭ ئاساسىي ئەخلاق ھادىسىسى دەپ ئېيتىمىز. ئېتىكا ئىلمىدە
ياخشىلىق ۋە يامانلىققا بېرىلىدىغان تەبىر مۇنداق: «ياخشىلىق
بولسا ئەخلاق مەقسىتىگە، ئەخلاقنىڭ ئالىي ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن
بولغان ھەرىكەت … يەنى جەمئىيەتنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى
ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەت، ئۆزگىگە ۋە ئۆزىگە پايدىلىق بولغان
قىلىقتۇر. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان
ھەرىكەت - قىلىقتۇر. ئەكسىچە، يامانلىق بولسا ئەخلاق مەقسىتى-
گە، ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلچىمىگە خىلاپ بولغان ھەرىكەت …
يەنى جەمئىيەتنىڭ ۋە ھەربىر شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى ئازايتىۋېتى-
دىغان ھەرىكەت، ئۆزگىگە ۋە ئۆزىگە زىيانلىق بولغان قىلىقتۇر.
تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغان ھەرىكەت-
تۇر»⑨. ياخشىلىق ۋە يامانلىققا بېرىلگەن تەبىرنى تېخىمۇ يىغىن-
چاقلىغاندا، ياخشىلىق — ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ قانداق بولۇشى
كېرەكلىكىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدۇر؛ يامانلىق — ئەخلاقىي
ھەرىكەتنىڭ قانداق بولماسلىقى كېرەكلىكىنىڭ ئومۇمىي پرىنسى-
پىدۇر. ياخشىلىق ۋە يامانلىق تۈپ ئەخلاق كاتېگورىيىسى بولۇش
سۈپىتىدە، دەۋرلەر قانچىلىك ئالماشسۇن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي
مەزمۇنىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. خۇددى ئېنگېلس ئېيت-

قاندەك ، «ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى قاراشلار بىر مىللەتتىن يەنە بىر مىللەتكە ، بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگە بارغۇچە شۇنچىلىك قاتتىق ئۆزگەردىكى ، ھەتتا ئۇلار دائىم ئۆزئارا زىت بولۇپمۇ قالدى . ئەمما ، ياخشىلىق نېمىلا بولمىسۇن يامانلىق ئەمەس ، يامانلىقمۇ ياخشىلىق ئەمەس . ئەگەر ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا بارلىق ئەخلاق يوقالغان ، ھەربىر ئادەم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلسا بولىۋېرىدىغان بولۇپ قالاتتى»⑩ . خۇددى شۇنىڭدەك ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇقۇمى دەۋرلەر قانچىلىك ئالماشسۇن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىدا ئارىلىشىپ كەتمىدى ، بەلكى ئىزچىللىققا ئىگە ئەنئەنىۋى زىددىيەت بولۇپ قالدى . ئەگەر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ زىددىيىتى بولمىسا ، ئۇنداقتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەخلاقمۇ بولمىغان بولاتتى .

يەنە بىر تەرەپتىن ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەخلاق سىستېمىسىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا ، ئۇلار مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ ئاساسىي كاتېگورىيە بولۇپ سانىلىدۇ . ياخشىلىق ۋە يامانلىق قارىشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاساسىي ئەخلاق ھادىسىسى ھەمدە ئەخلاق تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدە زىددىيەت بولغاچقا ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ زىددىيەتلىك ھەرىكىتى پۈتۈن ئەخلاق تەرەققىياتى تارىخىنى تەشكىل قىلغان بولىدۇ . كىشىلەر ئېڭىدە كۆزقارىش شەكلىدە مەۋجۇت بولىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيىسى مۇقەررەر ھالدا ئەخلاق ئىدىيىسىدە ، بولۇپمۇ ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى ئىچىدە مەركىزىي ئورۇندا تۇرغان بولىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن باشقا ، مەجبۇرىيەت ، ۋىجدان ، شەرەپ ، ئادالەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ كاتېگورىيىلەر ئىچىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ زىددىيىتىنى چۈشەنگەندىلا ، ئاندىن باشقا ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنى چۈشەنگىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ .





### 2 . ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ مەزمۇنى

ئۇيغۇرلار ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى قەدىمدىن تارتىپلا كەڭ مەنىدە ھەم تار مەنىدە چۈشىنىپ كەلگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشىلىق ھەم يامانلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى كۆپ مەنىلىك ، كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ تەرەپلىك چۈشەنچە بولۇپ ، ئۇ ياخشىلىق دېگەن نېمە ؟ ياخشىلىقنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە يوللىرى قايسىلار ؟ نېمە ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىنىدۇ ؟ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى نەدە ؟ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق كىشىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە قانداق تەسىر ياكى ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ ؟ دېگەندەك كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ئۇيغۇرلار تارىخ مابەينىدە ئۆزلىرى ئىشەنگەن دىنلارنىڭ دەستۇرلىرىنى ، بولۇپمۇ ئىسلام دەستۇرى «قۇرئان» نى تەپسىر قىلىش ، رىسالە - ئەسەرلەرنى يېزىش ، تەلىمات تىكلەش ۋە پەند - نەسىھەت قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيىلىرىنى تەپسىلىي ئىزاھلىغان ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆلچەملىرىنى بېكىتىشتە ئۆزلىرى ئىشەنگەن دىنلارنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرگەن . ئەخلاقشۇناسلار يۇقىرىقىدەك قىلغاندىن باشقا ، ئەسەرلىرىگە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى خۇسۇسىي پىكىر ھەم قاراشلىرىنىمۇ سىڭدۈرۈشتىن خالىي بولالمىغان . ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيىلىرى جامائەت پىكىرى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇھىت شارائىتى ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ، پسىخىك ساپاسى ... نىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ، ئۇلار ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بىلەن بىرلىشىپ ، روشەن مىللىي

ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇستىدە پى-
كىر يۈرگۈزگەندە، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقى
ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى پىكىرلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەخلاق نەزەرىيىسىدە تۈنجى بولۇپ ئادەمنىڭ تەبىئىتى نۇق-
تىسىدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى شەرھلىگەن كىشىلەر — فارابى
ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر.

فارابى ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىدە ئەخلاقنى تۇغما ھاسىل
بولىدۇ، دېگەن قاراشلارنى ئىنكار قىلىپ، ئەخلاقىي سۈپەتلەر
تۇغما ئەمەس، بەلكى ئېرىشىلگەن ھادىسە؛ ئەخلاقىي سۈپەتلەرنىڭ
ياخشى - يامان بولۇشى تەقدىر - قىسمەتكە باغلىق ئەمەس، بەلكى
سىرتقى مۇھىت، تەربىيە ۋە شەخسنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىگە،
تاللاش ئىرادىسىگە باغلىق؛ بىرخىل ئەخلاقىي سۈپەت ئۆزگەرمەس
ئۆمۈرلۈك نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ سىرتقى مۇھىت ۋە شەخسنىڭ
ئادەتلىنىشىگە يۈلىنىپ ئۆزگىرىدۇ، دېگەن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا
قويغان. ئۇ مۇنداق يازغان: «بىزچە، خۇش تەرتىپ ۋە تەرتىپسىز-
لىككە ئوخشىغان بارلىق ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئېرىشىلگەن بولىد-
دۇ... كىشىنىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە ئېرىشىشى ياكى بىرخىل
ئەخلاقتىن باشقا بىرخىل ئەخلاققا ئۆتۈشى ... ئادەتلىنىش بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ئادەتلىنىش ۋە پىكىر قىلىش تەسىرىدە،
ھەرقانداق بىر پائالىيەتنىڭ ئۇزۇنغىچە تەكرارلىنىشى بىلەن باغ-
لىق ھالدا يۈز بېرىدۇ...»، «ئادەمگە تەبىئەتتىن باشتىلا ئارتۇق-
لۇق ياكى كەملىك تەقسىم قىلىنمىغان»[11]. فارابىنىڭ قارىشىچە،
كىشى ئەخلاقىدىكى ياخشىلىق قىلىش ياكى يامانلىق قىلىش تۇغما
بولماستىن، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بىرقانچە سەۋەبتىن پەيدا
بولىدىغان ھەمدە ئۆزگىرىدىغان ھادىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاق مەسىلىسىدە «ئىنسان تۇغما
ياخشى بولىدۇ»، «ئىنسان تۇغما يامان بولىدۇ» ياكى «ياخشى -





يامان ئەخلاق تۇغما بولىدۇ» دېگەن كۆزقاراشلارغا ئوخشىمىغان
ھالدا، ئەخلاقتىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئىككى خىل مۇمكىن-
چىلىكى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «قۇ-
تادغۇبىلىك» تە «ياخشىلىقمۇ تۇغما ۋە ئېرىشىلگەن ئىككى خىل
بولىدۇ، يامانلىقمۇ تۇغما ۋە ئېرىشىلگەن ئىككى خىل بولىدۇ»
دەيدىغان ئۆزىگە خاس كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «تۇغۇ-
لۇشتىن ياخشى بولۇش ۋە تەسىرلىنىپ ياخشى بولۇش»، «تۇغۇ-
لۇشتىن يامان بولۇش ۋە تەسىرلىنىپ يامان بولۇش» ھەققىدە
توختىلىپ شۇنداق دېگەن:

«873 بىرىدۇر ئانادىن ياخشى تۇغۇلۇپ،
يۈرەر ئۇ دۇرۇس ۋە ياخشى بولۇپ.
874 بىرى دورىماق بىرلە ياخشى بولۇر،
يامانغا قوشۇلسا، يامانلىق قىلۇر.
875 يامانمۇ ئىككى خىل بولۇر دائىما،
ئىككى خىل يامانىنى بىردەك سانىما.
876 يامان بولۇپ تۇغۇلۇر ئۇنىڭدىن بىرى،
بۇ ئەر ئۆلمىگۈنچە ئېرىمەس كىرى.
877 يەنە بىرى دوراپ يامانلىق قىلۇر،
ئىشى ياخشى بولسا، ئۇ ياخشى بولۇر.»[12]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە قانداق ياخشى ياكى
يامان سۈپەتلەرنىڭ تۇغما ياكى ئېرىشىلگەنلىكىنى كۆرسەتمىگەن.
ئەمما كىشىلەرنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ياخشى - يامانلىقىنىڭ ئۆز-
گىرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا دۆلەت بېگى، مۇھىت، ئائىلە ۋە
تەلىم - تەربىيىنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.
مەسىلەن:

«871 بۇ ياخشى كىشىلەر بولۇرمۇ يامان،
يامانلار بولۇرمۇ ياخشى بىر زامان.
884 ئەگەر ياخشىغا بولسا ھەمراھ يامان،

يامان بولغاي قىلىقى يامانلارسىمان.
885 يامانمۇ قوشۇلسا ياخشىغا بىراق،
پۈتۈن ياخشىلىققا تاپار ئۇ چىراغ.
887 بېگى ياخشى بولسا، پۈتۈن خەلقى تۈز
بولۇر ھەم قىلىقى، يۈرۈشلىرى ئۈز.»⑬

يۈسۈپ خاس ھاجىبتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ئادەمنىڭ ئەخلاق سۈپىتىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۇغما ياكى بىر قاتار ئىچكى - تاشقى ئامىللار تەسىرىدە ئۆزگىرىدىغان ئېرىشىلگەن ھادىسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق پىكىر قىلمىغان. ئەمما مەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىب بولسۇن ياكى باشقا ئەخلاقشۇناسلار بولسۇن ۋە ياكى خەلق بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەزكۇر مەسىلىدىكى مەيدانى — ئەخلاقتىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۇغما بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا كۆپرەك مايىل بولۇشتەك قىسمەن زىددىيەتلىك مەۋقەدۇر. بىز بۇ ئەھۋالنى مەلۇم دەرىجىدە ئىسلام دىنىدىكى تەقدىر ۋە ئىنسان ئىرادىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلىق پىكىرنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمىز. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا كىشىنىڭ ئىش - ئەمەلىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى تەقدىر سەۋەبىدىن دەپ چۈشەندۈرۈلگەندىن باشقا، يەنە كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقنى كۆپ قىلىپ يامانلىقتىن چەكلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىبمۇ مەزكۇر مەسىلىدە ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرىقى قاراشقا يانداشقان. بۇ خىلدىكى كۆزقاراش خەلق ئارىسىدىكى ئەخلاقىي قاراشلاردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار»، «يامان كۈنلەر ياخشى بولۇر، يامان ئادەم ياخشى بولماس» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «خۇي» يالغۇز كىشىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە كىشىنىڭ ياخشىلىقنى قىلىش ياكى يامانلىقنى قىلىش مايىللىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر ئەخلاق تارىخىدا





كىشى تەبىئىتىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مۇناسىپ شارائىتلاردا ئۆزگىرىدىغانلىقى كۆپرەك تەكىتلەنگەن. مەسىلەن، نەۋائى شۇنداق دېگەن: «كۆمۈرنى تۇتقان كىشىنىڭ قولىغا قارا يۇقىدەك، يامانلار بىلەن يۈرگەن كىشىگە ئۇنىڭ يامانلىقى يۇقىدۇ»، «تاش قۇياشنىڭ پەرۋىشىگە ئېرىشسە، گۆھەرگە ۋە ياقۇتقا ئايلىنىدۇ»، «پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى يامان ئادەملەرگە ئەگىشىپ دوزاخقا كەتتى، جەننەت ئەھلىگە ئەگەشكەن ئىت ئۇلار يېتىشكەن يەرگە يەتتى»⑭. ئەھمەد يۈكنەكىمۇ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق يازغان: «كىشىنىڭ دوستى ياخشى بولسا، ئۆزىمۇ ياخشى بولىدۇ. كىشى ياخشى دوستىنىڭ ياخشىلىقىدىن كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. يامانلارغا يولىما، يامانلارنىڭ گەپلىرى سېنى تېزدىنلا يامان قىلىقلىق قىلىپ قويىدۇ»⑮. بۇ قاراشلار روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ قارىشىدىن پەرقلەنمەيدۇ. خەلق ئارىسىدىمۇ «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار» دېگەن ماقال باركى، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىۋاتقىنى ئەخلاقتىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ سۈپەت جەھەتتە تەربىيە، مۇھىت تەسىرلىرىدە ئۆزگىرىدىغانلىقىدەك قاراشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت كاتېگورىيىلەر مەۋھۇم، ئابستراكت ئۇقۇم ھالىتىدە تۇرۇپ قالغان ئەمەس. ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەخلاقشۇناسلار دىن، ئەنئەنە نۇقتىسىدىن چىقىپ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئېنىق ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنداق ئۆلچەمنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىدىغان بولساق، شۇنى بايقاش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇرلار جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى ۋە ئەخلاق مىزانلىرىغا مۇۋاپىق ھەرىكەت - قىلمىشلارنى «ياخشىلىق» دەپ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى ۋە ئەخلاق مىزانلىرىغا خىلاپ بولغان ھەرىكەت - قىلمىشلارنى «يامانلىق» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ ئۆلچەم ئۇيغۇر ئەخلاق تە-

رەققىياتى تارىخىدا باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىللىقىنى ساقلىغان بو-
لۇپ ، مۇتلەقلىق خاراكتېرىگە ئىگە . ئۇنداقتا ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى
«ياخشىلىق » ۋە «يامانلىق » نىڭ كونكرېت ئۆلچىمى قايسىلار ؟
جاۋاب شۇكى ، بۇ ئۆلچەم بىردۇر . ئۇ بولسىمۇ «خەلققە ياخشىلىق
قىلىش » تىن ئىبارەت . يۈسۈپ خاس ھاجىب ياخشىلىق ۋە يامانلىق-
تىن ئىبارەت ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى
جەمئىيەتكە مەنپەئەت بېرىش ياكى زىيان سېلىش ، خەلققە مەنپەئەت-
لىك ئىش قىلىپ بېرىش ياكى زىيانلىق ئىش قىلىشتىن ئىبارەت
مەزمۇن بىلەن خاراكتېرلىگەن . ئۇ ئىلمنى سۆيۈش ، تۆۋەن قاتلام
ئاھالىگە خەيرخاھلىق قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەش ئارقىلىق مەز-
كۇر كاتېگورىيىلەرنى مەۋھۇملۇقتىن ساقلاپ قالغان . ئۇ ياخشى-
لىققا مۇنداق تەبىر بەرگەن :

«3270 پۈتۈن ئادەم ئوغلى سۆيەر ياخشىنى ،
بۇ ياخشى نېمە ئۇ ، مەن ماختاي ئۇنى .
3271 خەلققە بېرىش نەپئى ـ ياخشىلىق ئېرۇر ،
بۇ ياخشىلىق بىلەن خەلق تاپقاي ھۇزۇر .
3935 كىشى ياخشى دەر ، كىمدۇر ئۇ ياخشى
كىشى دەردىگە داۋا بولسا ، شۇ ياخشى .
3245 كىشى ياخشىسى ئۇ ئۆز نەپئىن قويۇر ،
باشقىلار نەپئىچۈن مۇشەققەت يۇدۇر . »⑯

يۈسۈپ خاس ھاجىب ياخشىلىقنى كىشى ھاياتىدىكى كۈندىلىك
ۋە ئۆمۈرلۈك زۆرۈرىيەت بولغان يېمەك ـ ئىچمەك ، كېيىم ـ
كېچەكتەك مۇھىم ئورۇنغا ، ھەتتا ئۆمۈر كۆرۈشتىنمۇ مۇھىم
ئورۇنغا قويۇپ مۇنداق دېگەن :

«4465 تىرىكلىك تىلەمە ، ياخشى نام تىلە ،
بولۇر ياخشى نام بۇ تىرىكلىك بىلە .
4465 يامانلىق بىلەكىم ئېتىن داغلىسا ،
ئۇڭا ياخشىراقتۇر تىرىك تۇرمىسا . »⑰





يۈسۈپ خاس ھاجىبتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى-
نىڭ ئەسەرلىرىدە ياخشىلىق ئۇقۇمى ئەرەب تىلىدىكى «ئېھسان »
سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مەزمۇن
دائىرىسى كېڭەيتىلگەن ، يەنى ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىدىكى مەجبۇرى-
يەتلەرنى ئادا قىلىش مەزمۇنى قوشۇلۇپ ، دىنىي تۈسى قويۇقلاش-
تۇرۇلغان . مەسىلەن ، نەۋائى شۇنداق يازغان : «ئەلگە ماقۇل
سۆپەت ۋە ياخشى ئەخلاقلا ئېھسانغا تەۋەدۇر . ئېھسان بارچە ياخشى-
لىقنىڭ جەمئىسى (جۇغلانمىسى ) ، ھەقىقەتەن ھەممە ياخشىلىق
ئۇنىڭ راجىئىسى (تەۋەسىدىكىلىرى ) دۇر » ، «كىشىدىكى ھەممە
ياخشى ئەخلاقنى خۇلاسە قىلىپ ئېھسان دېسە بولىدۇ ··· »⑱ .
نەۋائى بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، ياخشىلىق قىلىشنىڭ سەۋە-
بىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «تەڭرىدىن ساڭا قانداق ياخشىلىق
يەتكەن بولسا ، سەنمۇ شۇنداق ياخشىلىق يەتكۈز » دېگەن بۇيرۇقىنى
دەلىل كەلتۈرۈپ ، ئىلاھىي بۇرچ سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلغان .
ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق پەقەت
خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ياكى زىيانلىق ئىش قىلىشنىلا
كۆرسەتكەن ئەمەس . ئۇ كەڭ مەنىگە ئىگە ، يەنى ياخشىلىق خەلققە
ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىشتىن سىرت ، يەنە كى-
شىلەرگە ۋاستىلىك ھالەتتە ياخشى تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە ئىج-
تىمائىي تەرتىپنى تەڭشەشكە پايدىلىق بولغان ۋاپادارلىق ، ھالال-
لىق ، ئۇيات ، ھۆرمەت ، توغرىلىق ، راستچىللىق ، ئىتتىپاقلىق ،
مېھماندوستلۇق ، سېخىيلىق ، ئاز ۋە ياخشى سۆزلەش ، گەپ ـ
سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتىكى بىردەكلىك (يەكدىللىق ) ، سىي-
لە ـ رەھىم ··· قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەت ـ قىلىقلارنى ،
شۇنداقلا شەخسنىڭ ئېڭى ۋە مىجەزىدىكى سەۋر ـ تاقەت ، راستچىل-
لىق ، توغرا نىيەت ، تەقۋالىق ، پاكىزلىق ، ئەپۇچانلىق ، خۇشخۇي
ۋە مۇلايىملىق ، ھايا ۋە نومۇس ، كەمتەرلىك ، تەمكىنلىك ،
غەيرەت ـ شىجائەت ، ئەمگەكچانلىق ، ئىلىم خۇمارلىق ··· قا ئوخ-

شاش ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يامانلىق بولسا خەلققە
ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن
باشقا ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە ، ئادىتىگە ، جەمئىيەت تۈزۈلمى-
سىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ۋاپاسىزلىق، يالغانچىلىق ، تەپرىقىۋاز-
لىق ، بېخىللىق ، مۇناپىقلىق ، پىتنىخورلۇق ، خىيانەت ، ئىتتىپاق-
سىزلىق ، بىئەدەپلىك قاتارلىق ھەرىكەت ـ قىلىقلارنى ، شۇنداقلا
شەخسنىڭ ئېغىز ۋە مىجەزىدىكى يالغانچىلىق ، قوپاللىق ، نومۇسنى
بىلمەسلىك ، مەغرۇرلۇق ، ھۇرۇنلۇق ، نادانلىق ، شەخسىيەتچى-
لىك ، ئاچ كۆزلۈك ، ھەسەتخورلۇق ··· قا ئوخشاش يامان سۈپەت-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .
ئۇيغۇرلار ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئەخلاق كاتېگو-
رىيىلىرىدە خەلققە مەنپەئەتلىك ياكى زىيانلىق ئىش قىلىشنى مەر-
كىزىي مەزمۇن قىلىپ تۇرۇپ باشقا كونكرېت تەرەپلەرنى قوشقان
هالدا مۇناسىپ ئۆلچەملەرنى شەكىللەندۇرگەن چاغلىرىدا ، يۇقىرى-
قى ئۆلچەملەرگە كۈچلۈك ئىسلام ئەخلاقى تەسىرىنى سىڭدۈرۈش-
تىن خالىي بولالمىغان . مەيلى تارىخىمىزدىكى ئەخلاقشۇناسلار بول-
سۇن ياكى خەلق بولسۇن ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئىزاھلىغاندا
ئۇلارنى ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ياكى جازاغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش
بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇ ئۆلچەملەرنى «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» كە
ئوخشاش ئىسلام دەستۇرلىرىدىن ئالاقىدار نەقىللەرنى ئېلىپ قۇۋ-
ۋەتلىگەن . ئەلۋەتتە ، بىز ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدىكى ياخشىلىق
ۋە يامانلىق كاتېگورىيىلىرى تەۋەسىدىكى ئۆلچەملەرنىڭ ئوخشىمى-
غان دەۋرلەردە ، ھەتتا ھازىرقى دەۋردىمۇ مەلۇم جانلىقلىقتا ، ئۆز-
گىرىشچانلىقتا ئىگە بولغانلىقىنى ۋە بولۇۋاتقانلىقىنى چەتكە قاقماي-
مىز . مىسالەن ، ھاراق ئىچىش ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋردە
باشقىلار مەنپەئىتىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا يامان دەپ ئۆل-
چەنمەيتتى . ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇ يامانلىق تەرزىدە ئۆلچەندى .
ھازىرقى دەۋردە بۇ قىلىقنى بەزى كىشىلەر يامانلىق دەپ قارىسا ،





يەنە بەزى كىشىلەر ئەخلاققا مۇناسىۋەتسىز مەسىلە سۈپىتىدە تونۇ-
ماقتا . ئۇنىڭدىن سىرت ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى مەزكۇر
كاتېگورىيىلەردىكى ئۆلچەملەردە ئاياللارغا قارىتىلغان بەزى سەلبىي
ئۆلچەملەرمۇ يوق ئەمەس . ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ،
ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق تۈپ كاتېگورىيە بولۇش
سۈپىتىدە بىر قەدەر مۇقىم ، ئېنىق ، كونكرېت بولۇشتەك خۇسۇ-
سىيەتلەرگە ئىگە .

## 2 . مەجبۇرىيەت

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىدا ، مەجبۇرىيەت مۇھىم كا-
تېگورىيىلەرنىڭ بىرىدۇر . مەجبۇرىيەت — شەخسنىڭ باشقىلارغا ،
جەمئىيەتكە قارىتا ئارتقۇزۇشى لازىم بولغان ۋەزىپىسى ۋە بۇرچىنى
كۆرسىتىدۇ . ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت بولسا كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن
ئىچكى ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە
باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى-
نى ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەر
خۇددى باشقا جەمئىيەت كىشىلىرىگە ئوخشاش كۆپ تەرەپلىمە مەج-
بۇرىيەتلەرنى ، جۈملىدىن كەسپىي مەجبۇرىيەت ، دىنىي مەجبۇرى-
يەت ، قانۇن مەجبۇرىيىتى ، سىياسىي مەجبۇرىيەت ، ئەخلاقىي
مەجبۇرىيەت ··· لەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ . بۇلار ئىچىدە
مۇھىملىرى قانۇنىي مەجبۇرىيەت ، دىنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئەخلاقىي
مەجبۇرىيەتلەردۇر . بۇ مەجبۇرىيەتلەر مەيلى ئۇقۇم شەكلىدە بول-
سۇن ، تەرەققىيات يۈزلىنىشى جەھەتتە بولسۇن ، رول ئويناشتا
تايىنىدىغان كۈچ جەھەتتە بولسۇن ، رول ئويناش شەكلى ياكى رول
ئويناش دائىرىسى جەھەتتە بولسۇن بىر ـ بىرىدىن روشەن ئالاھىدى-
لىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ . بىرقانچە خىل مەجبۇرىيەتلەر ئورتاق
هالدا جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى
ۋە ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش جەھەتلەردە مۇھىم روللارنى

ئۆتەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى ئوخشاش بولۇپ، مەلۇم
مەجبۇرىيەت ئۆز نۆۋىتىدە ھەم قانۇنىي مەجبۇرىيەت، ھەم ئەخلاقىي
مەجبۇرىيەت، شۇنداقلا ھەم دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ سانىلىدۇ.
بۇنداق خۇسۇسىيەتنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى شۇكى، مۇئەييەن
شارائىتتىكى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت ئۆز نۆۋىتىدە قانۇنىي مەجبۇرى-
يەت ۋە دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، قانۇنىي مەجبۇ-
رىيەت ۋە دىنىي مەجبۇرىيەت ئىچىدە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت تەر-
كىبلىرى تېخىمۇ كۆپ بولغان بولىدۇ.

ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنىڭ باشقا مەجبۇرىيەت شەكىللىرى ئى-
چىگە سىڭىپ كەتكەنلىكى — ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مەجبۇرىيەت
كاتېگورىيىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەخلاقلاش-
قان جەمئىيەت تۈسىگە ئىگە بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولۇپ، ئۇنى
ئەخلاقلاشقان ۋە ئىجتىمائىيلاشقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە دەپ ئېي-
تىش مۇمكىن. ئەمما، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت بەربىر سىياسىي،
قانۇنىي، كەسپىي ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇ
ئىجتىمائىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن كىشىلىك
مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەخلاقىي مۇناسىۋەت شەكلىدىكى ئىنكاسى بو-
لۇپ، ئەخلاقىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدە بىرخىل شەكلى، شۇنداقلا
كىشىلەرنىڭ ئەخلاق پائالىيەتلىرىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ
يىغىندىسىدۇر. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت ئۇي-
غۇر جەمئىيىتىدىكى بىرقانچە خىل مەجبۇرىيەتلەر ئىچىدە مۇھىم
ئورۇندا تۇرىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى
مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسى كىشىلەر سۇبيېكتىپ خىيالىغا ئاسا-
سەن توقۇپ چىقىرىۋالغان نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ
فىزىئولوگىيىلىك تەلەپ - ئارزۇلىرى ئىچىدىن پەيدا بولۇپ قال-
غانمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

ئىجتىمائىي، ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرىدا كىشىلىك مۇناسىۋەت-
لەردىن پەيدا بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى
ۋە ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى مەنبە قىلغان، ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدىكى ماددىي، ئىجتىمائىي مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە
ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى مەنبە قىلغان
ھالدا شەكىللەنگەن بىر كاتېگورىيىدۇر. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يا-
شاپ كەلگەن ھەربىر كىشى بىر تەرەپتىن جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە
قويغان ھەرىكەت - قىلىق جەھەتتىكى بىر قاتار تەلەپلىرىنى قوبۇل
قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلار ۋە جەمئىيەتكە ھەرىكەت -
قىلىق جەھەتتىكى بىرقاتار تەلەپلەرنى قويىدۇ. جەمئىيەتتە بۇنداق
ۋەزىپە ۋە بۇرچلار مۇئەييەن ئۇقۇم شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ،
مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسى شەكىللىنىدۇ. شۇڭا ئېيتىشقا بولىدۇ-
كى، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئەخلا-
قىي مەجبۇرىيەت ئېڭىنىڭ رېئاللىقتىكى ئەمەلگە ئېشىشىدۇر.
ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسى باشقا جەمئىيەتلەر
ئەخلاقىدىكى مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسىگە بەزى جەھەتلەردە ئوخ-
شىسىمۇ، ئەمما ئۇ ھامان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ماددىي ئىش-
لەپچىقىرىش شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسى ئۆز ئىچىگە
ئالغان كونكرېت مەزمۇنلار ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ
ئۇيغۇرلار ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپ ۋە ئەخلاق نورمىلىرى تەرى-
پىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز. ئۇيغۇر ئەخلاقىدى-
كى مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسىنىڭ مەزمۇنى مول. كونكرېت قى-
لىپ ئېيتقاندا، شەخسنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن مەجبۇرىيىتى جە-
ھەتتە، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارنى بېقىش
مەجبۇرىيىتى بولىدۇ؛ ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى بېقىش ۋە
تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ؛ قوشنىلارنىڭ بىر - بىرى
بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق، ئۆزئارا

ياردەمدە بولۇش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ ؛ بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنى
ئىقتىساد جەھەتتىن يۆلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ ؛ ئەر ـ خوتۇنلار
ئارا بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ ؛
كىشىلەرنىڭ يېتىم ـ يېسىرلارغا شەپقەت كۆرسىتىش مەجبۇرىيەـ
تى بولىدۇ ۋەھاكازا . شەخسلەرنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەجبۇـ
رىيەتلىرى جەھەتتە ، پۇقرالارنىڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ پەرمانىغا
بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى ۋە ئاللانىڭ ئىرادىسىگە تائەت قىلىش
مەجبۇرىيىتى بولىدۇ ؛ ئېزىشكە ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ،
كۈرەش قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ ؛ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەـ
ئەتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ ؛ دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە ھەسـ
سە قوشۇش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ . شەخسنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن
مەجبۇرىيىتى جەھەتتە ، شەخسىي ۋە ئائىلىۋى تازىلىققا ئەھمىيەت
بېرىش مەجبۇرىيىتى ، يامان قىلىقلاردىن يىراق تۇرۇش مەجبۇرىـ
يىتى ، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق ، تېجەشلىك بولۇش مەجبۇرىيەـ
تى ، ئۆز ھاياتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى ··· بولىدۇ . بۇ يالغۇز
شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن ، يەنە ئوـ
مۇمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشتۇر .

ئۇيغۇر ئەخلاقىدا مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسى ياخشىلىق ۋە
يامانلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، كىشىـ
لەر مۇئەييەن ھەرىكەت ـ قىلىقنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئۆلچەم
قىلىپ ئەخلاقىي باھا بەرگەندە ، ئۇنىڭ ئىچىگە ھامان مەجبۇرىيەت
ئامىلى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ ، يەنى مەلۇم ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتـ
نى ئادا قىلىش ـ قىلالماسلىق ئۇيغۇر ئەخلاقىدا ياخشىلىق ياكى
يامانلىققا ھۆكۈم قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىدۇ . ئومۇمەن ،
ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش — ياخشىلىق ، ئادا قىلالـ
ماسلىق ياكى قىلماسلىق — يامانلىق دەپ قارىلىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسىگە قارىتا چۈشىنىش
كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ ، كىشىلەر مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغاندا





ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي تەرىپى بىلەن ئاڭلىقلىق (ئىختىيارلىق ) تەرەـ
پىنى بىردەك ئېتىبارغا ئالىدۇ .

ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ۋە ئاۋام خەلق نەزىرىدە جەمئىيەتتىـ
كى بارلىق قانۇنلار ئومۇمنىڭ ھەم شەخسنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەـ
تىنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ ، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئادەمگە قارىتا
تۈزگەن قانۇن بەلگىلىمىلىرى مەجبۇرىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ،
بويسۇنۇش — شەخسنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . خۇددى شۇنىڭدەك ، ئەخلاق مەجبۇرىيەتلىرىـ
نى ئادا قىلىشمۇ شەخسلەرنىڭ ئەخلاق تۇرمۇشىدا جەزمەن ئىجرا
قىلىشى لازىم بولغان مەجبۇرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەجبۇرىـ
يەتنىڭ مەجبۇرىيلىق ئامىللىرى ئەمەلىيەتتە مەجبۇرىيەتنى جەمـ
ئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى دەپ قاراشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئۇ
شەخسنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە
خۇسۇسىيەتتۇر .

ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنىڭ «مەجبۇرىيلىق » سىياسىي ۋە قاـ
نۇندىكى مەجبۇرىيلىققا دېگەندەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ . كىشىلەرنىڭ
ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى ئەخلاق ئەقىدىسىنىڭ ۋە
ئەخلاق جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ تىكلىنىشىنى ئالدىنـ
قى شەرت قىلىدۇ ، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنىڭ
قىممىتىنى چوڭقۇر تونۇش مۇھىم ئاساس بولۇپ سانىلىدۇ . ئۇيـ
غۇر مەدەنىيەت تارىخىدا نۇرغۇن ئەخلاقشۇناسلار كىشىلەرنىڭ تۇرـ
لۇك ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشىنى مەجبۇرىيلىق خۇـ
سۇسىيىتىگە ئىگە ئىش دەپ بايان قىلغان چېغىدا ، بۇنداق مەجبۇـ
رىيەتنى سىياسىي ، قانۇنىي مەجبۇرىيەت دەپ چۈشىنىشتىن كۆرە ،
كۆپرەك دىنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئىنسانلىق مەجبۇرىيەت دەپ تونۇـ
غان . مەجبۇرىيەتنى «بۇيرۇق » قا ئوخشاش ئېغىر كىشەن قىلىپ
قويۇشتىن ساقلىنىپ ، ئۇنى ھەربىر كىشىنىڭ ئىچكى تەلىپى (ياـ
شاش ئېھتىياجى ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادەت شەرتى ) بىلەن

بىرلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلغان.

ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مەجبۇرىيەت كاتېگورىيىسىدە يەنە كىشى-
لەرنىڭ تۇرلۇك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغاندىكى «ئىختىيارلىقى»
غا دىققەت قىلىنىدۇ. بۇنداق «ئىختىيارلىق» ئەمەلىيەتتە ئاڭلىق-
لىق ياكى «ۋىجدان قانۇنى» دۇر. ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرىنىڭ
دىداكتىك ئەسەرلىرىدە ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئەخلاقىي ئۆگۈت -
نەسىھەتلەردە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئەقىدە، ئىشەنچ، ئادەت،
چوڭقۇر تونۇش، رېئال تۇرمۇش ۋە ئاخىرەتتىكى سائادەت بىلەن
بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانكى، ھەرگىزمۇ نوقۇل
شەكىلدىلا ئوتتۇرىغا تاشلىنىش بىلەن كۇپايىلەنگەن ئەمەس. ھەر-
خىل مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ ئەنئەنىگە، ئادەتكە ئايلىنىشى
يالغۇز ئاڭلىق پائالىيەت دەرىجىسىدە توختاپ قالغان ئەمەس، بەلكى
ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ ۋىجدانى، تونۇشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.
فارابى كۆزقارىشىدا «پەزىلەتلىك دۆلەت» تىكى كىشىلەر تۇرلۇك
ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولۇشى كېرەك
بولغان؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزىرىدە پەزىلەتلىك جەمئىيەتتە
ياخشىلىق (ۋە ئۇنىڭ بارلىق تۇرلىرى) پادىشاھلارنىڭ ۋە ئاۋامنىڭ
ئادىتى، سۈپىتى بولۇپ كېتىشى كېرەك بولغان؛ نەۋائى، مۇھەم-
مەد سادىق قەشقەرى ۋە خاراباتىلار كۆزقارىشىدا ئەخلاقىي مەجبۇرى-
يەتلەرنىڭ تۇرمۇش يوسۇنى ۋە ئادىتى بىلەن بىرلىشىشى زۆرۈر
بولغاندىن باشقا، ئەخلاق مەجبۇرىيەتلىرى شەخس ئۈچۈن ئەقەللىي
ياشاش شەرتى بولغان. يۇقىرىقىلاردىن ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى
ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇم بولىدۇكى، جەمئىيەت
ئەزالىرىنىڭ ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى ئاڭلىق پائالى-
يەتكە ئايلانغان، بۇنداق ئاڭلىقلىقنىڭ شەخسلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭى-
دىكى تىزگىنلەش رولى چوڭ بولۇپ، ئۇ ئەخلاقنىڭ قىممىتىنى
قوغداش، مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ ئىچكى قۇۋۋىتىگە ئايلانغان. دەل
مۇشۇنداق ئىچكى قۇۋۋەت سەۋەبىدىن قانۇنىي ۋە سىياسىي بۇيرۇق-





لارنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر جەمئىيىتى
تەرتىپلىك ھالەتتە بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، مەرىپەت تۇ-
سىنى يوقىتىپ قويمىغان. ھەربىر كىشى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى
ئاڭلىق ئىجرا قىلىش — ئىجتىمائىي ھاياتتىكى يوسۇنغا، ئادەتكە،
نىزامغا ئايلانغان.

## 3. ۋىجدان

ئۇيغۇر تىلىدا ھازىر ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «ۋىجدان» ئاتال-
مىسى ئەرەب تىلىدىن ئۆزلىشىپ كىرگەن «ماھىيەت، يوشۇرۇن
ئاڭ، بىۋاسىتە سېزىم» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە «كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى،
يۈرۈش - تۇرۇشى ھەققىدە جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇ-
لىيەت تۇيغۇسى»[19] دېگەندەك مەنىنى بېرىدۇ. ۋىجدان — ئۇيغۇر
ئەخلاق سىستېمىسىدىكى مۇھىم كاتېگورىيىلەردىن بىرى بولۇپ،
ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرىنىڭ دىداكتىك ئەسەرلىرىدە، خەلق ئەدەبى-
ياتىدا ۋە خەلق تىلىدا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋىجدان
ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاپ ئىپادىلەش
مۇمكىن:

1. ۋىجدان — شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى
ۋە مەسئۇلىيىتىگە قارىتا تونۇشى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىدۇر. ئۇيغۇر
ئەخلاق ئەنئەنىسىدە شۇنداق قارىلىدۇكى، ئىنسان قەلبىدىكى ئا-
دىللىق تۇيغۇسى سۈپىتىدىكى ۋىجدان بويىچە قارىغاندا، ھەر قانداق
ئادەمنىڭ «ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقتىن ساقلىنىش» تەك ئەخلا-
قىي مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئادەم ئەگەر ۋىجدان-
لىق بولغىنىدا، ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى
ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. ۋىجدان يەنە مۇئەييەن
ئۆرپ - ئادەت بىلەن باغلىق بولىدۇ. «ۋىجدان نىگىزىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا ئۆرپ - ئادەت بىلەن ئوبيېكتىپ ئەخلاقنىڭ كىشىلەر

ئېڭىدىكى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ماھىيەتتە ئادەتتىكى قائىدىلەردىن چەتنەش ئىرادىسىنى توسىدىغان نەرسە سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ ... ئۇ ئالدى بىلەن مىللەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەخلاقى ئىچىدىن بىر خىل غايىگە ئېرىشىدۇ»[20]. ئەخلاق غايىسى كىشىلەرنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش داۋامىدا تەدرىجىي رەۋىشتە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ھالبۇكى «مەجبۇرىيەت» ھامان «ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقتىن چەكلىنىش» نى يېتەكچى قىلىدۇ. بۇ تۈپ ئەخلاق پرىنسىپى پۈتۈن ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ بېشىدىن - ئاخىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى بارچە كاتېگورىيىلەرنىڭ نېگىزىدۇر. ئۇيغۇرلار چۈشىنىپ كېلىۋاتقان ۋىجدان دەل ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ئىبارەت.

2. ۋىجدان — ئىچكى ئاڭدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ۋىجدان تۇيغۇسى بار كىشىنىڭ ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقتىن چەكلىنىش مەجبۇرىيىتى بار، شۇنداقلا ئۇ ياخشىلىق قىلىپ، يامانلىقتىن چەكلىنىش ئېڭىغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

3. ۋىجدان — شەخسنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىدۇر. ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادەمدە ئىگىلىۋېلىش ھەۋىسى، غىزالىنىش ھەۋىسى ۋە جىنسىي ھەۋەس بولىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆزىنىلا مەركەز قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەۋەس سەۋەبىدىن بارچە يامانلىقنى قىلىشى مۇمكىن. ئەمما باشقا ھايۋانغا ئوخشىمىغان ھالدا، ئادەمدە ۋىجدان شەكىللەنگەن بولىدۇ. ۋىجداننىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامىتى دەل ئادەمنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىدۇر. ئۆزىنى تىزگىنلەش ئادەتتە كىشىلەرنىڭ توغرا ئەخلاق ئېڭىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىدىكى يامان غەرەز، يامان نىيەتلەرنى تىزگىنلىشى، ئۆزىدىكى يامان غەرەزلەر بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئۆزىنى نازارەت قىلىپ، قەلبىدە ياخشى غەرەز، ياخشى نىيەت تىكلىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ۋىجدان — كىشىلەرنىڭ ئۆز ئېڭى، ھەرىكەت - قىلىقىنى باھالاش، كۆزىتىش، تىزگىنلەش ۋە ياخشىلاشتا زۆرۈر بولىدىغان ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدلەش ئىقتىدارىدۇر.





4. ۋىجداننىڭ شەكىللىنىشى مۇھىت ۋە تەلىم - تەربىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. خۇددى ماركس «ۋىجدان — ئادەمنىڭ بىلىمى ۋە بارلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ»[21] دېگىنىدەك، ئادەمنىڭ ئاتا - ئانا تەربىيىسىنى، بىلىم تەربىيىسىنى، جەمئىيەتنىڭ نازارىتىنى ھەم تەسىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭدا ئەخلاق تۇيغۇسى ھەم ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى شەكىللىنىدۇ. مىللەتلەردىكى تەلىم - تەربىيە، مۇھىت، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، ۋىجدان سۈپىتىدىكى ئەخلاق ئېڭىمۇ مەلۇم مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇر ئەخلاقىدا ۋىجدان مۇھىم كاتېگورىيە بولۇش سۈپىتىدە، ئۇ ئەخلاق ھەرىكىتىنى چەكلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە قانۇن ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى «سۈنئىي قانۇن»، يەنە بىرى «ۋىجدان قانۇنى» دۇر. سۈنئىي قانۇن جەمئىيەتتە تۈزۈلگەن ھەرخىل پەرمان ۋە چەكلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەخلاق نورمىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋىجدان قانۇنى بولسا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى چەكلەش قابىلىيىتى، ياخشىلىق قىلىپ يامانلىقتىن چەكلىنىش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەخلاق تۇرمۇشىدا مەزكۇر ئىككى قانۇننىڭ رولى پەرقلىق بولۇپ، سۈنئىي قانۇن كىشىلەرنىڭ تاشقى جەھەتتىكى كونكرېت ھەرىكەت - قىلىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭ ئېنىق بەلگىلىمىلىرى بولىدۇ. كىمكى سۈنئىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇ دۆلەت قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ۋە جامائەت پىكرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇ پەقەت ئادەمنىڭ تاشقى ھەرىكىتىنىلا چەكلىيەلەيدۇ. ھالبۇكى، ۋىجدان

قانۇنى بولسا كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە روھىنى چەكلىيەلەيدۇ. بۇنداق ئىچكى چەكلەش كۈچى ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنىڭ تاشقى ھەرىكەت ـ قىلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەمنى يامانلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ياكى يامانلىق قىلىشقا رايى بارمايدىغان ھالەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ۋىجداننىڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىشى، تەكىتلىنىشى دەل ئەخلاقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى چەكلەش كۈچىگە، بىر خىل ئاڭلىقلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدەك ئەھۋالنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ۋىجدان ئادەمنىڭ نېمىلەرنى قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى، يەنە نېمىلەرنى قىلسا مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان كۈچ سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەربىر كىشى ۋىجداننىڭ رولىنى تەكىتلىگەن چېغىدا، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە مەلۇم ھەرىكەت ـ قىلىقنى قىلىش ياكى قىلماسلىقنى تاللاش پەيتىدە ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكلىدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى كۆپرەك ئېتىبارغا ئالىدۇ. جۈملىدىن، ھەربىر كىشى بىرەر يامان ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ نازارىتى بولمىغان شارائىتتىمۇ شۇ يامانلىقنى قىلماسلىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. بۇيەردە ۋىجدان ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ياكى قوغدىغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك.

ئۇيغۇرلار ئەخلاقىدىكى ۋىجدان چۈشەنچىسى مەلۇم دەرىجىدە ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىدا گەرچە ۋىجدان مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، ئەمما ھەربىر مۇسۇلماننىڭ باشقا كىشىلەر كۆرمىگەن ۋە بىلمىگەن ئەھۋالدىمۇ ئاللاغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە قورقۇشى سەۋەبىدىن كۆڭۈلنى يامانلىقتىن نېرى قىلىشى، مەخپىي ھالەتتە بىر يامانلىقنى قىلغاندىن كېيىن-





مۇ، ئۇنى تەڭرى بىلىپ تۇرىدۇ دەپ قاراپ، شۇ قىلمىشىغا چىن نىيىتىدىن تۆۋا قىلىشى — دىنىي پەرھىزلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە مەجبۇرىيەتنىڭ كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلاردا ھەم ياخشى نىيەت، تەۋبە شەكلىدە، ھەم «ۋىجدانىي تاللاش» ياكى «ۋىجدان ئازابى» شەكلىدە ئىپادىلىنىپ كەلگەن.

### 4. ئادالەت

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كۆنى»، «كۆنتۈلمەك» ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن «ئادالەت» ياكى «ئادىللىق» — ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر بولۇپ، ئۇ دۇرۇسلۇق، توغرىلىق، ئوتتۇراھاللىق (ياكى ئوتتۇرا مەۋقەلىك)، لىللالىق، ھەقلىق ۋە ھەققانىيەت سۈپەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان بىر ئەخلاقىي كاتېگورىيىدۇر. ئادالەت — ئىنسان ئەخلاقىدىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مۇھىم كاتېگورىيىلەرنىڭ بىرى. «ئادالەت» ئەسلىدىنلا كۆپ خىل مەنىگە ئىگە ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكىمۇ، قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. ئەخلاقشۇناسلىق مەنىسىدىكى ئادالەت، ئادىللىق، ھەققانىيەتلەر بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەخلاقشۇناسلار قەدىمدىن ئېتىبارەن ئوخشىمىغان تەبىرلەرنى بېرىپ كەلگەن. ھەممە تەبىرلەرنى يىغىپ ئېيتقاندا، ئادالەت — مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ ئۆز مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئىجتىمائىي مەنپەئەتنى ۋە بايلىقلارنى كىشىلەر ئارىسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق تەقسىملىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادالەت ۋە ئادىللىق ئىبارىلىرى يۇقىرىقى مەنىلەردە ئىشلىتىلگەندىن سىرت، «ھەققانىيەت» ئىبارىسى «ھەق»، يەنى «توغرىلىق»، «راستچىللىق»، «ئاللا» غا ئوخشاش مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ ۋە بەزى ئەھۋاللاردا ئىجتىمائىي مۇئامىلە ۋە تەقسىماتنىڭ ئاللا ئۈچۈن خالىس

بولۇشىدەك مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. «لىللا» ئىبارىسى ئەرەبچە «ئاللا ئۈچۈن» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ شەخسىي ئېغىشتىن ساقلىنىپ، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە باراۋەر بولۇشتەك سۈپەت ياكى تەشەببۇسنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئادالەت كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولغان، شۇنداقلا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «ئىنساپ» ئۇقۇمى بار بولۇپ، ئۇ ئادىللىقنىڭ بىرخىل ئىپادىسىدۇر. «ئىنساپ» دېگەن سۆز ئەرەبچە «انساب» دىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «بىر نەرسىنى باشقىلارغىمۇ تەۋە قىلىش، مەلۇم نەرسىدە باشقىلارنىڭ نېسىۋىسى، ھەققى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىبارىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرىدە ئوخشىمىغان ئەھۋاللار ۋە شارائىتلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى ئادالەت كاتېگورىيىسىنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىپلىرىنى ئايرىپ بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئوخشىمىغان ئەخلاقىي باھا دائىرىسى ۋە ئوخشىمىغان ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرگە ئاساسەن ئادالەتنى ئۈچ تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، كىشىلىك ئالاقىدىكى ئادالەت ياكى ئادىللىق، يەنى كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئادىللىق. بۇنداق ئادالەت ياكى ئادىللىقتا شەخسلەرنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقىغا باھا بېرىش ئارقىلىق، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتلەر تەڭشىلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە كىشى بىلەن كىشىنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىدىكى باراۋەرلىكىگە قارىتىلغان تەلەپتۇر؛ يەنە بىرى ئىجتىمائىي ئادالەت. بۇ خىلدىكى ئادالەتتە مۇئەييەن جەمئىيەت گەۋدىسىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەت ـ قىلىقىغا باھا بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەڭشىلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ جەمئىيەت گەۋدىسىدىن كۈتىدىغان تەلىپى ياكى جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاغا نىسبەتەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىدۇر؛ ئۈچىنچى بىرى بولسا دۆلەت ئادالىتى بولۇپ، بۇ خىل ئادالەتتە دۆلەت ياكى دۆلەت ئاپپاراتىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى





ئالاقىلىرى ۋە پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە باھا بېرىش ئارقىلىق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەڭشىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا ئادالەتكە بولغان ئورتاق تونۇشىنى پەيدا قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ باراۋەرلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەخلاقىدا يۇقىرىدىكى ئادالەت تۈرلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئىككى خىل ئادالەت ھەققىدىكى پىكىرلەر بىر قەدەر ئىزچىللىققا ئىگە. بىرىنچىسى شەخسلەر ئارا ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇئامىلىلەردىكى ئادىللىق، راستچىللىق، لىللالىق، ئىنساپ، ھەققانىيەت شەكلىدە ئىپادىلەنسە، ئىككىنچىسى جەمئىيەتنىڭ ياكى دۆلەت ھەم ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغا قارىتىلغان ئادالەتلىك مۇئامىلىسى ۋە ئادىل سىياسىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئەخلاقىدا يۇقىرىقى ھەر ئىككى ئادالەت كۈچلۈك ئەنئەنە سۈپىتىدە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا قەدىمدىن تارتىپلا ئىزچىل تەكىتلىنىپ كەلگەن. ئادالەتنىڭ قارشى تەرىپى ناھەقچىلىك ۋە ئادالەتسىزلىك شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ناھەقچىلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ تۈپ سەۋەبى دەل كىشى خاراكتېرى ۋە جەمئىيەتتىكى شەخسىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈكلەردىن ئىبارەت. ئادالەت ۋە شەخسىيەتچىلىك بىلەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىردەك بولۇپ، ئەخلاقىي باھادا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق كونكرېت ئىپادىلەنگەندە ئادىللىق بىلەن شەخسىيەتچىلىك ئۇلار ئىچىدىكى بىر تۈرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادالەت — ياخشىلىقتۇر، شەخسىيەتچىلىك — يامانلىقتۇر. شۇڭلاشقا، ئادالەت بىلەن شەخسىيەتچىلىك ھەم ئەخلاقىي باھاغا مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق ھەرىكەت ـ قىلىقلارغا ئەخلاقىي باھا بېرىلىدۇ. يەنە ئادالەت، ئادىللىق ۋە ئۇنىڭ باشقىچە ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بولغان «ئىنساپ»، «ھەققانىيەت» قاتارلىقلار ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە ئەخلاقىي باھا بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى ئادالەت ياكى ئادىللىق ئەڭ كۆرۈنەرلىك
ھالدا ئىجتىمائىي غايە سۈپىتىدە دۆلەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئاۋام
خەلققە بولغان ئادالىتى شەكلىدە ئىپادىلىنىپ كەلگەن. بۇنداق
ئەنئەنىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ فارابىدىن، ئېنىقراقى يۇ-
سۇپ خاس ھاجىبتىن باشلاپ بىر قاتار ئەخلاقشۇناسلار، ئەدىبلەر
تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلەردە تەكرار قەيت قىلىنغان. يۇسۇپ
خاس ھاجىب ئادالەتنى پەزىلەتلىك، بەخت - سائادەتلىك جەمئىيەت-
نىڭ ئۇل - ئاساسلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئۇنى قانۇن، ئەقىل،
سائادەت ۋە قانائەت بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: «بۇ
ئەزىز كىتاب تۆت ئۇلۇغ (ۋە) مۇھىم ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلىن-
غان: بىرى ئەدىل (ئادالەت)، ئىككىنچىسى دۆلەت (بەخت)،
ئۈچىنچىسى ئەقىل، تۆتىنچىسى قانائەت. يەنە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە
ئۆزگىچە بىر ئات قويۇلغان ...»㉒. مۇئەللىپ يەنە ئەسەرنىڭ
ئىچىدە «ئادالەت — پادىشاھنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى، ئەڭ مۇھىم ئەخلا-
قىي سۈپىتى» دېگەن پىكرىنى ئالغا سۇرگەن. نەۋائىمۇ ئۆزىنىڭ
«خەمسە» سىدىكى داستانلىرىدا ئادىل شاھ، ئادىل رەھبەر غايىسى-
نى كۆپ تەشەببۇس قىلغان. خاراباتىمۇ «مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ
«پادىشاھى ئادىل ۋە زالىملارنى ئەيتۇر» دېگەن بابىدا ئادىل پاد-
شاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۆتكۈر، ئەمما ئىخچام
بايان قىلغان. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىدىكى ئىجتىمائىي
ئادالەت ئاساسەن پادىشاھلارنىڭ خەلققە ئادىل سىياسەت قوللىنىپ
زۇلۇم قىلماسلىقى، كەڭ قول، مەرد، سېخىي بولۇشى ھەققىدىكى
پىكرىگە مەركەزلەشكەن.

يۇقىرىقىدىن باشقا، ئۇيغۇر ئەخلاقىدا ئادالەت كاتېگورىيىسى-
نىڭ مەزمۇنى يەنە تۆۋەندىكى ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

1. سودا - تىجارەت ۋە ئېلىم - بېرىمدە ئادىل بولۇش.
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا ئىسلام دىنىدىكى مۇناسىپ بەلگىلىمى-
لەر سەۋەبىدىن، ئادىللىق سودا - تىجارەت ۋە ئېلىم - بېرىم





ئىشلىرىدا كۆپ تەكىتلىنىدۇ. ئومۇمەن تارازا ۋە جىڭدا كەم بې-
رىش، زىيادە پايدا قوغلىشىش، جازانىخورلۇق بىلەن باشقىلارنىڭ
پۇل - مېلىنى ناھەق ئېلىۋېلىش — ئادالەتسىزلىك دەپ قارىلىپ
چەكلەنگەندىن باشقا، كىشىلەرنىڭ مېلىغا قىممىتىگە يارىشا باھا
قويۇش، ئېلىم - بېرىمدە ساختىلىق قىلماسلىق، ھەتتاكى ئىش-
لەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا تولۇق بېرىش ... تەك كىچىك
ئىشلاردىمۇ باراۋەرلىك تەكىتلىنىدۇ.

2. ھەقتە چىڭ تۇرۇش. ئۇيغۇر ئەخلاقىدا «ھەق» ياكى
«ھەققانىيەت» چۈشەنچىلىرى «ئادالەت» كاتېگورىيىسىنىڭ يەنە
بىر مەزمۇنىدۇر. «ھەق» گەرچە «ئىلاھ» مەنىسىنى بەرسىمۇ،
ئەمما ئۇ دېيىشكە تېگىشلىك سۆزنى دېيىش، قىلىشقا تېگىشلىك
ئىشنى قىلىش، شەخسىي زىيان بىلەن ھېسابلاشماسلىق، قىلىشقا
ۋە سۆزلەشكە تېگىشلىك بولغان ياكى بولمىغان ئىش ۋە سۆزلەرنى
ئېنىق ئايرىش، ئالا كۆڭۈللۈك قىلماسلىق، يامانلىقنى يوشۇرماس-
لىق، قوغدىماسلىق ... دېگەندەك ئەخلاقىي باھا مەنىلىرىگە ئىگە.
ئۇيغۇر ئەخلاقىدا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ھەق يولىدا ھەتتا جېنى-
نى قۇربان قىلىشلار ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي باراۋەرلىك غايىسى-
نىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدۇر.

3. دىيانەتلىك ۋە ئىنساپلىق بولۇش. دىيانەت ۋە
ئىنساپ — ئادالەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇيغۇر
ئەخلاقىدا شەخسنىڭ ھەرىكىتىدە، ئېلىم - بېرىم ئالاقىسىدە دىيا-
نەت ۋە ئىنساپ بىلەن ھۆكۈم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. دىيانەت
ۋە ئىنساپنىڭ ئاساسى — ھەربىر كىشىنىڭ ياشاش ھوقۇقى بولىدۇ
دېگەندەك ئومۇمىيلىق غايىسى بولۇپ، بۇ غايە تۇرتكىسىدە، شۇن-
داقلا ئىسلام دىنىدىكى كىشىلەرنى ئادىللىققا بۇيرۇش مەزمۇنىدىكى
بۇيرۇقلارنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرلار سودا - سېتىقتا، ئېلىم -
بېرىمدە، مال - مۈلۈك تەقسىماتىدا، ھەتتاكى كىشىلىك ئالاقى-
لەردىمۇ ئوتتۇرىچە، توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلق ئارىسى-

دىكى «ئىنساپ — ئىماندىن ئۇلۇغ» ، «ئىنساپلىقنىڭ دىلى ساپ»
قاتارلىق ماقال ـ لار ئەنە شۇ پىكىرلەرنىڭ مېغىزلىق ئىپادىلىرى-
دىندۇر .

4 . هالاللىق . ئۇيغۇر ئەخلاقىدا هالاللىق مۇهىم مەزمۇنلار-
نىڭ بىرىدۇر . هالاللىق گەرچە ئىسلام دىنىدىكى «شەرىئەت قانۇنى-
غا ئۇيغۇن هەرىكەتنى قىلماق ، سۆزنى سۆزلىمەك ، نەرسىنى يې-
مەك» مەنىسىدىكى سۆز بولسىمۇ ، ئەمما ئۇيغۇرلاردا بۇ سۆز يەنە
كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە تاجاۋۇز قىلماي ، ئۆزى قول-
غا كەلتۈرگەن ماددىي بايلىقلارنى ئىشلىتىش هەرىكىتىنى ، شۇ-
داقلا نەپسانىيەتچىلىك ، ئاچ كۆزلۈكتىن ساقلىنىشىدەك مەنىلەر-
نىمۇ بىلدۈرىدۇ . ئۇيغۇر ئەخلاقىدا كىشىلەرنىڭ مۇناسىپ ئەمگەك
قىلىشى ، ئەمگىكىگە يارىشا قولغا كەلتۈرگەن ماددىي بايلىقلارنى
ئوتتۇرىچە ئىشلىتىشى ، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە يامان غەرەز-
لەردە بولماسلىقى ، هەربىر ئىشتا ئوتتۇرىچە مەۋقەدە بولۇشى —
«هالاللىق» دېيىلىپ ، ئۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىققا ، هەق بىلەن
ناهەقلىككە ، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىككە هۆكۈم قىلىشنىڭ بىر
ئۆلچىمى سۈپىتىدە قارىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

قىسقىسى ، ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى ئادالەت ئۇقۇمىنىڭ ئۇيغۇر
جەمئىيىتىگە تارىختىن بۇيان كۆرسىتىپ كەلگەن تەسىرى چوڭ
بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي غايىسىگە ئايلىنىپ ، خەلق
ئىچىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتىكى كەم بولسا بول-
مايدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالغان . تارىختىكى نۇرغۇن ئەدىبلەر ،
مۇتەپەككۇرلار ئادالەت هەققىدە خاتىرە قالدۇرماي قالمىغان ؛ نۇر-
غۇن پادىشاهلار ئادىللىقنى دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ تۈپ پرىنسىپى
قىلغان ؛ سانسىز خەلق قەهرىمانلىرى ئادالەت ، هەققانىيەت تۇيغۇ-
سىنىڭ تۈرتكىسىدە ، ئادالەتسىز سىياسىي تۈزۈملەرگە قارشى كۈ-
رەش قىلغان ، هەتتا هاياتىنى قۇربان قىلغان ؛ كىشىلىك ئالاقىلەر-
مۇ ئادالەت پرىنسىپى بويىچە يۈرۈشۈپ ، ئۇيغۇنلىشىپ ، تەڭشىلىپ





كەلگەن .

## 5 . شان ـ شەرەپ

ئۇيغۇر ئەخلاق تارىخىدا شان ـ شەرەپ گەرچە ئەخلاقشۇناسلار-
نىڭ ئەسەرلىرىدە بىۋاستە تىلغا ئېلىنمىسىمۇ ، ئەمما ئۇ باشقىچە
شەكىللەردە ، جۈملىدىن «هۆرمەت» (شەخسنىڭ هۆرمىتى) ،
«ئىززەت» ، «ئابرۇي» شەكىللىرىدە ، شۇنداقلا «نومۇس» ، «ها-
يا» ، «مەردلىك» ، «كەمتەرلىك» ، «سېخىيلىق» ... قاتارلىق
كونكرېت تارماق شەكىللەردە ئىپادىلىنىپ كەلگەن . ئەخلاقشۇناس-
لىق ئىلمى بويىچە قارىغاندا ، شان ـ شەرەپ ئادەمدىكى ئۆزىنى
قوغداش ئېڭى بولۇپ ، ئوبيېكتىپ جەهەتتىن قارىغاندا ئۇ ئەتراپتى-
كى كىشىلەرنىڭ بىر كىشىگە بەرگەن باهاسىنى كۆرسىتىدۇ .
ئەگەر ۋىجداننى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئىچكى باهاسى دەپ
ئېيتساق ، ئۇنداقتا شان ـ شەرەپنى كىشىلەر ئارا بىر ـ بىرىگە
بېرىلىدىغان تاشقى باها دېيىشكە بولىدۇ . كىشىلەردىكى شان ـ
شەرەپ تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇلارنىڭ جامائەت پىكرىنىڭ
ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىشى ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ هەرى-
كەت ـ قىلىقىغا قارىتا نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلىك-
تە ، باشقىلار (ئىجتىمائىي كوللېكتىپ) نەزەرىدىكى هەرىكەت ـ
قىلىقنى تۈزەش ئارقىلىق جامائەتچىلىك نەزىرىدە ئۆزىنىڭ ئەخلا-
قىي ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئارزۇسى مۇهىم سەۋەب بولۇپ
هېسابلىنىدۇ . شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى كىشىنىڭ ئەخلاقىي هەرى-
كىتىدە شۇنداق مۇهىم رول ئوينايدۇكى ، بىر كىشى يەنە بىر
كىشىنىڭ ئەخلاقلىق ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى-
نى كۆتۈرىدۇ ، شۇنداقلا ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش
قىلىپ شان ـ شەرەپ ئىزدەيدۇ . مۇشۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇ
كىشى ئۆزىدىكى يالغانچىلىق ، ئالدامچىلىق ، نومۇسسىزلىق ، بې-
خىللىق ... قا ئوخشاش يامان سۈپەتلەردىن ۋاز كېچىپ ، راستچىل-

لىق ، سەمىمىيلىك ، هايا ، سېخىيلىق ، ئادىللىق ... قا ئوخشاش
ياخشى سۈپەتلەرنى هازىرلاش ئارقىلىق شان ـ شەرەپ ئىزدەيدۇ .
ئۇيغۇر ئەخلاقىدا «شان ـ شەرەپ» تىن ئىبارەت بۇ كاتېگورد-
يە كۆپىنچە «نام» ، «ئاتاق» ياكى «ياخشى نام» ، «ياخشى ئاتاق»
شەكىللىرىدە تەكرار قەيت قىلىنىدۇ . هەربىر دىداكتىك ئەسەردە
ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇكاپاتى — ياخشى نامى قېلىش دەپ بايان
قىلىنسا ، يامانلىق قىلىشنىڭ جازاسى — جامائەت پىكرىنىڭ زەر-
بىسىدە نام ـ ئابرۇيدىن مەھرۇم بولۇش ياكى يامان نامى قېلىش
دەپ بايان قىلىنىدۇ . ياخشىلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان
ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋە ئاخىرەتتىكى «جەننەت» لەر ئىككىلەمچى
ۋە ئۈچلەمچى ئورۇندىكى نەتىجە تەرزىدە تونۇلىدۇ .

ئۇيغۇر ئەخلاقىدا «شان ـ شەرەپ» ئۇقۇمى دائىملا «نومۇس»
ياكى «هايا» ئۇقۇمى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ياكى
ئىككىسى بىرلىشىپ كېتىدۇ . «نومۇس» مۇنداق ئىككى ياقلىما
مەزمۇنغا ئىگە : بىرى ، شەخسنىڭ ئۆزىدىكى ئەخلاقسىز قىلمىش
ياكى سۈپەتلەردىن ئۇيىلىشى . ئۇ «ئۆزىنى قەدىرلەش» ياكى «ئۆ-
زىنى هۆرمەتلەش» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . يەنە بىرى ، بىر شەخس-
نىڭ جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ ياكى دىنىي ئەقىدە
سەۋەبىدىن نومۇسلۇق ئىشلاردىن ياكى ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان
ئەخلاقسىز ئىشلاردىن نېرى بولۇشى . ئۇيغۇر ئەخلاقىدا هەر ئىككى
خىل نومۇس شەخسنىڭ ئۆز ۋىجدانى ، جامائەت پىكرى ۋە تەڭرى
ئالدىدىكى بۇرچى تەرزىدە تونۇلىدۇ ، نومۇسنى بىلىش — گۈزەل
ئەخلاق ، نومۇسنى بىلمەسلىك — ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدۇ .
ئىسلام دىنىدا نومۇس (هايا) نىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئىچىدىكى
ئورنى تولىمۇ يۇقىرى . مەسىلەن ، مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ هەدىس-
لىرىدە مۇنداق بايانلار بار : «هايا بىلەن ئىمان بىر ـ بىرىگە
تولۇق باغلانغان . بىرى كۆتۈرۈلسە ، يەنە بىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتى-
دۇ» ، «هايا ياخشىلىق بىلەن قولغا كېلىدۇ» ، «هايا پۈتۈنلەي





ياخشىلىقتۇر» ، «هايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» ، «هەربىر
دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بولىدۇ . ئىسلامنىڭ ئەخلاقى —
هايادۇر»[23] . مۇناسىپ هالدا ئۇيغۇرلارمۇ كىشىلىك ئالاقىنىڭ
هەرقايسى ساهەلىرىدە ، جۈملىدىن ئەر بىلەن ئاياللار ، چوڭ بىلەن
كىچىكلەر ، رەهبەرلەر بىلەن پۇقرالار ، ئۇستاز بىلەن شاگىرتلار ،
جامائەت بىلەن جامائەت ئارىسىدىكى بارچە مۇناسىۋەتلەردە هايا ـ
نومۇسنى تەكىتلەش ئارقىلىق شەخسنىڭ قىممىتى ، ئابرۇيىنى
ساقلاپ قېلىشنى بەك تەكىتلەيدۇ . قىسقىسى ، ئۇيغۇر ئەخلاقىدا
شۇنداق قارىلىدۇكى ، نومۇسنى بىلمەسلىك شان ـ شەرەپنى ،
ئابرۇينى نابۇت قىلىدۇ ، شۇنىڭلىق بىلەن ياخشىلىقنىڭ ئەجرىمۇ
بىكار بولۇپ كېتىدۇ .

ئۇيغۇر ئەخلاقىدا شان ـ شەرەپ ۋە ئابرۇي مەسىلىسى تىلغا
ئېلىنغاندا تەكەببۇرلۇققا بولغان كۈچلۈك قارشىلىق تەكىتلىنىدۇ .
ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرىمۇ تەكەببۇرلۇق (مەنمەنلىك ، كىبىر ،
چوڭچىلىق ) نى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەنقىد قىلغان ، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئىككى نەرسىگە —
دۇنيادىكى خارلىق ۋە ئاخىرەتتىكى دوزاخقا يەكۈنلىگەن . تەكەببۇر-
لۇقنىڭ ئەكس ئۇقۇمى بولغان كەمتەرلىكنى كۆپ ماختىغان ۋە
تەشەببۇس قىلغان . ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى كەمتەرلىك ( «كەمتەر»
پارسچە سۆز بولۇپ ، ئەخلاقشۇناسلىق جەھەتتە «ئۆزىنى تۆۋەن
تۇتۇش» دېگەنلىك بولىدۇ ) شەخسنىڭ ئۆزىنى توغرا مۆلچەرلىشى
بولۇپ ، هەرگىزمۇ تۆۋەن كۆرۈشى ئەمەس . «قۇتادغۇبىلىك» ،
«مەهبۇبۇلقۇلۇب» ، «مەسنەۋى خاراباتى» ، «سىدىقنامە» ، «ئەدە-
بۇسسالىهىين» ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» لاردا تەكەببۇرلۇق سۆكۈل-
گەن ، كەمتەرلىك مەدھىيىلەنگەن سەھىپىلەر بار . مەزكۇر ئەسەر-
لەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كەمتەرلىك ياخشىلىق بىلەن ، تەكەب-
بۇرلۇق يامانلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن . تەكەببۇرلۇق — بارچە
يامانلىقنىڭ مەنبەسى ، «شەيتاننىڭ سۈپىتى» ، ئۇ زۇلۇم ، ھە-

سەت، پىتنە، شەخسىيەتچىلىك ۋە چېقىمچىلىقنىڭ ئاساسى دەپ قارالغان. كەمتەرلىك بولسا ئۆزىنى توغرا باھالاپ ۋە مۆلچەرلەپ، توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇق ئارقىلىق مۇناسىپ ئابرۇيغا ئېرىشىشكە تىرىشىش دەپ قارالغان. نۇرغۇن ماقال - تەمسىللەردە ۋە ئىبرەتلىك ھېكايىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېنىق ئەخلاقىي قاراشلىرى بەك روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

مەردلىك — ئۇيغۇر ئەخلاقىدا كۈچلۈك تەكىتلىنىدىغان بىر ئۇقۇم ياكى ئەخلاقىي تەشەببۇستۇر. «مەردلىك» پارسچە «ئەركەكلىك» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» تە «ئەر»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا «ئاقى ئەر» دېگەن ئاتالغۇلار بىلدۈرگەن ئۇقۇم كېيىنكى دىداكتىك مىراسلاردا «مەردلىك» ئىبارىسى ئارقىلىق بىلدۈرۈلۈپ كېلىنگەن. مەردلىك — ئەرلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەردىن سېخىيلىق، قورقماسلىق، ۋىجدانلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇش سۈپىتىدە، ئۆزىدە فېئودال دەۋرلەرنىڭ ئاياللارنى پەس كۆرۈش قارىشىنى ئاز - تولا سىڭدۈرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان شان - شەرەپ ۋە ئابرۇينىڭ مۇھىم ئاساسى دەپ قارىلىپ كەلگەن. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تىكى «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ۋە ئادەتلىرىنىڭ ئەيىبسىزى — مەردلىكتۇر... خەلق ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئادەم — مەرد ئادەمدۇر. مەردلىك شەرەپ، ئىقبال ۋە جامالنى ئاشۇرىدۇ»㉔ دېگەن جۈملىلەر ۋە باشقا ئەخلاقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بايانلاردا يۇقىرىقى پىكىر ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدە ئىنساننىڭ شان - شۆھرىتى، ئابرۇيى، ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ياكى بارچە ياخشىلىقلارنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇنداق ئەخلاق ئېڭى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ياخشى بولۇش، ياخشىلىق قىلىش يوللىرى ئارقىلىق ياخشى نام، ئابرۇي ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، شۇنىڭ





تۈرتكىسىدە ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ قەدىرلەيدىغان، ئىززەتلەيدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئىجتىھات كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇ يەردە شان - شەرەپنى ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى كاتېگورىيە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشىمىز دەل يۇقىرىقى سەۋەبلەردىندۇر.

ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدىكى تۈپ كاتېگورىيىلەرنىڭ يۇقىرىقى بەش تۈرگە يىغىنچاقلىنىشى ئۇنىڭدا يەنە باشقا كاتېگورىيىلەرنىڭ بولماسلىقىدىن دېرەك بېرىشى ناتايىن. ئەمما، ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى بارچە ئىدىيە، تەشەببۇس، چەكلىمە، ئۆلچەم، نورما ... لارغا نەزەر سېلىپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ھەممە ئەخلاقىي باھا ۋە ئۆلچەملەرنىڭ يۇقىرىقى بەش كاتېگورىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا شەكىللىنىدىغانلىقىنى، تۈرلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى بايقاشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خالىغان بىر ئەخلاق نورمىسىنى ئۇلارنىڭ خالىغان بىرىگە مەلۇم نۇقتىدا تەئەللۇق قىلىش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار بولىدۇ. بۇ كاتېگورىيىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ئەخلاق نورمىلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاممىۋى مۇناسىۋەت، ئائىلە - نىكاھ مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي مۇناسىۋەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ۋە كۆلەمدە ئىپادىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەت ئەخلاقى، ئائىلە - نىكاھ ئەخلاقى ۋە كەسپىي ئەخلاقىنى شۇنداقلا ھەربىر ساھەدىكى ئەدەپلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

**ئىزاھلار:**

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە لوقمان، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 17 - ئايەت.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 91 - بەتلەر.

③ نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،

1989 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 228 ـ بەت.

④ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئال ئىمران، 104 ـ ئايەت.

⑤ نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 228 ـ بەت.

⑥ «ئىنجىل مۇقەددەس»، يۇنان تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا، 1939 ـ يىلى باسمىسى.

⑦ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە نىسا، ئۇيغۇرچە، 85 ـ بەت.

⑧ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 227~231 ـ بەتلەر.

⑨ ۋاڭ خەيمىڭ: «ئېتىكا پرىنسىپلىرى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 166~167 ـ بەتلەر.

⑩ «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەلق نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 132 ـ بەت.

⑪ فارابى: «ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي رىسالىلەر»، ئالمۇتا، 1975 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 11 ـ بەت؛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 373 ـ بېتىگە ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

⑫ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

⑬ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

⑭ نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 215 ـ بەت.

⑮ ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

⑯⑰ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك».

⑱ نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 144 ـ، 210 ـ بەتلەر.





⑲ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 6 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 50 ـ بەت.

⑳ فرېدرىخ پاۋلسېن: «ئېتىكا سىستېمىسى»، خې خۇەيخۇڭ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 315 ـ بەت.

㉑ «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 6 ـ توم، خەلق نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 152 ـ بەت.

㉒ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 7 ـ بەت.

㉓ ھاكىم، بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەدلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر، «مىشكاتۇل مەسابىيھ»، 332~333 ـ بەتلەر.

㉔ ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 37 ـ، 39 ـ بەتلەر.

# 4 - بۆلۈم

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى جامائەت ئەخلاقى

جامائەت ئەخلاقى — بىر جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىدە ۋە ئورتاق تۇرمۇشىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەخلاقىي ھەرىكەت مىزانلىرى بولۇپ، ئۇ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدىكى تۇرلۇك ئەخلاق نورمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ دائىرىسى كەڭرى، شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول بولىدۇ. جەمئىيەت ئەخلاقى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، ئاممىۋى تەرتىپنى ساقلاش ۋە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا زور رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە بىر جەمئىيەتنىڭ ياكى شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە مەرىپەت دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە ۋە ئىپادە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشقان، جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلىشىپ بارغان، دائىرىسى كېڭىيىپ بارغان، تەركىبىمۇ دەۋرلەرگە قاراپ پەرقلىنىپ تۇرغان. شۇنىڭغا مۇناسىپ رەۋىشتە، ئۇيغۇرلار مەرىپەتلىك مىللەت بولۇش سۈپىتىدە ئۆز جەمئىيىتى ئىچىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان بىر قاتار ئەخلاق مىزانلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇن، تەرتىپلىك،





ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان ئاڭلىق جەمئىيەت تەشكىلىدە ياشاپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى جامائەت ئەخلاقىنىڭ بەزى ساھەلىرىنى ناھايىتى بۇرۇنلا ئەخلاقشۇناسلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ دىداكتىك ئەسەرلىرىدە يەكۈنلەپ، نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ سىستېمىلاشتۇرۇپ بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇرلاردىكى جامائەت ئەخلاقىنى بىرقانچە نۇقتا بويىچە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقىدىكى توپ ئۆلچەم باشقىلارغا دوستانە، ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردە ياردەم قىلىش بولۇپ، بۇ ساھەدىكى ئەخلاق مەسىلىلىرىنى يېتىم - يېسىرلەرگە شەپقەت كۆرسىتىش، مېھمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، كەمبەغەللەرنى يۆلەش، قوشنا - قولۇم ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈش، سالام - سەھەت قاتارلىق ساھەلەر بويىچە يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن.

باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە دوستانە، ئىتتىپاق بولۇش كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە مۇئامىلە قىلىش ھەرىكىتىگە ئالاقىدار ئەخلاق مىزانى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مۇھىم، شۇنداقلا ئاساسىي ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنىڭ ئالدى - كەينىدە ھەرخىل دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئاۋامنىڭ بەختىگە، شەخس بىلەن جامائەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۇيغۇنلۇققا تولىمۇ ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆزىنىڭ دىداكتىك ئەسەرلىرىدە، خەلق ئۆزىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋەز - تەبلىغلىرىدە ئۇخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ شەخس

بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆپ تەرەپتىن شەرھلىگەن .
بۇنداق شەرھلەرنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى باشتىن - ئاخىر شەخس-
نىڭ جەمئىيەتنىڭ بىر ھۇجەيرىسى بولۇش سۈپىتىدە جەمئىيەتكە
قارىتا ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن
ئىبارەت بولدى . ۋەھالەنكى بۇنداق مەسئۇلىيەت دەل شەخسلەرنىڭ
ئاۋامغا قولىدىن كېلىشىچە ھەرخىل ياردەملەرنى قىلىش ، پۈتۈن
جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بەخت - سائادىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بول-
دى . ئۇنداقتا جەمئىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى قانداق ئەمەلگە
ئاشىدۇ ؟ جاۋاب شۇكى ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە بىردەك كۈچ چىقى-
رىپ ، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ۋە
گۈللىنىشنىڭ تۈپ شەرتى سۈپىتىدە تونۇش ، ھەربىر كىشى مېھ-
رىبانلىق ، دوستلۇق ، قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى ، ئىن-
سانىنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى ياشاش ئۇسۇلى قىلىپ ، بىر - بىرى
بىلەن بولغان ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلەردە ياخشىلىق قىلىش ، ياخشى
مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك . ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىن-
داشلىقى ھەققىدىكى پىكىر كۆپ تەكىتلىنىدۇ . «قۇرئان» دىمۇ
«مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر ، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئا-
رىسىنى تۈزەڭلار »① دېيىلىدۇ . ئۇيغۇرلاردا «دىنداشلار قېرىن-
داشلاردۇر » دېگەن قاراشتىن باشقا ، يۇرتداشلار ، مىللەتداشلار ،
قانداشلارمۇ ھەم قېرىنداشلاردۇر دېگەندەك ئەخلاقىي پىكىرنىڭ
يىلتىزى چوڭقۇر . بۇنداق دىنداشلىق ، مىللەتداشلىق ، يۇرتداشلىق
ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلانغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە
ئالاقىلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت قاراشلىرى قۇ-
رۇق ئۇقۇم سۈپىتىدە توختاپ قالغان بولماستىن ، بەلكى ئۇ كىشى-
لەرنىڭ باشقىلار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈش ، كەمبەغەل ،
يېتىم - يېسىرلەرگە شەپقەت قولىنى سۇنۇش ، قوشنىلار ۋە مېھ-
مانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ياخشى
سالام - سەھەت قاتارلىق رېئال ئەخلاقىي ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئۆز





ئىچىگە ئالغان . مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولسۇن ،
يۇرتداشلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولسۇن ياكى قانداشلارنىڭ ئىتتىپاق-
لىقى بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ھەربىر كىشىنىڭ باشقى-
لارغا سۆز - ھەرىكەتتە ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەپلەردە ياخ-
شى مۇئامىلىدە بولۇشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان ، شەخسنىڭ
شان - شەرىپىنى ، قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئەخلاق نورمى-
سىدۇر . ھەربىر كىشىدە باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتەك
ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت ھەمدە باشقىلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە
ئېرىشىشتەك ھوقۇق بولىدۇ . بۇنداق مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇق-
نىڭ بىرلىكى ئىدىيىسى تەبىئىيلا باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا ياردەم
قىلىشتەك روھىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ . ئۇيغۇر-
لاردا باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش تەكىتلەنگەن چاغدا ، كى-
شىلەرنىڭ كۈچلۈكلەر مەۋقەسىدە تۇرۇپ كەمبەغەل ، يېتىم -
يېسىرلەرگە ياردەم قىلىش ، سالام - سەھەت قىلىش ، قولۇم -
قوشنا ۋە مېھمانلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىشىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزد-
نىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەم باشقىلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى
ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى تەكىتلىنىدۇ .
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا يۇقىرىقى مەسىلە (يەنى باشقىلارغا
ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ) دىنىي ، ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت ھەم
ئىجتىمائىي گۈللىنىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە مۇھىم ئەخلاق نورمى-
لىرىنىڭ بىر دىگە ئايلىنىپ ، ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى مۇھىم ئەخ-
لاق يوسۇنى ۋە ئەندىزىسىگە ئايلانغان . تۆۋەندە ئۇيغۇرلاردىكى كى-
شىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشتەك ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىسى
بىرقانچە ساھە بويىچە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ .

### 1 . كەمبەغەل ، يېتىم - يېسىرلەرگە ياردەم بېرىش

ئۇيغۇرلار جەمئىيەتتىكى باي - نامراتلىق پەرقىنىڭ زورىيىپ
كېتىشىگە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا ، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز قۇدرى-

تىگە يارىشا ئۆزىدىن كەمبەغەلرەك بولغان كىشىلەرگە ۋە ئىگە ـ
چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلەر ، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش مەجبۇرد ـ
يىتى بار ، دەپ قارايدۇ . بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەربىر كىشىنىڭ
دىنىي مەجبۇرىيىتىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى
دەپ تونۇلىدۇ . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەزەلدىن بۇيان بايلارنىڭ ،
ھال كۈنى ياخشى كىشىلەرنىڭ كەمبەغەللەرگە ئىقتىسادىي جە ـ
ھەتتىن ياردەم قىلىش ، يېتىم ـ يېسىرلەرگە ۋە ئاجىز ،
ئىگە ـ چاقىسىزلارغا سىيلە ـ رەھىم قىلىشى ئەڭ چوڭ ياخشىلىق
دەپ تونۇلغان . بۇنداق تونۇش ئىسلام دىنى شارائىتىدا تېخىمۇ
كۈچىيىپ ، دىنىي مەجبۇرىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن . ئىسلام
دىنىدا كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشىنىڭ ئاشكارا بو ـ
لۇشتىن مەخپىي بولۇشى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەنگەندىن سىرت ، كىشى ـ
لەرنىڭ ئېشىنچا مال ـ مۈلكىدىن زاكات ، ئۆشرە ۋە سەدىقە
بېرىشى — پەرھىز ، يەنى دىنىي مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتىلگەن .
مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆتكەن دەۋرلەردە بايلار ئۆز مال ـ مۈلكىنىڭ
يۈزدىن ئىككى يېرىم ئۈلۈشى (يەنى ئىككى يېرىم پىرسەنتى ) نى
زاكات ئورنىدا ، دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ ئوندىن بىر
قىسمى (يەنى ئون پىرسەنتى ) نى ئۆشرە ئورنىدا كەمبەغەل ،
يېتىم ـ يېسىرلەرگە بېرىش شەكلىدە ياخشىلىق قىلىشنى ئادەت
قىلغاندىن باشقا ، مەخسۇس دىنىي خىزمەت ئورۇنلىرىدىن بولغان
مەسچىت ، خانىقا ۋە مەھكىمە شەرئىيلەر مەزكۇر زاكات ۋە ئۆشرى ـ
نى بىر تۇتاش توپلاپ ، كەمبەغەللەرگە ۋە قىيىنچىلىقى بارلارغا
تەقسىم قىلىدىغان ئادەتمۇ كەڭ ئومۇملاشقان . بۇنداق ياردەملەرنىڭ
ئوبيېكتلىرى ئومۇمەن كەمبەغەللەر ، مىسكىنلەر ، زاكات خىزمى ـ
تىنى ئىشلىگۈچىلەر ، دىلى ئىسلامغا مايىل بولغانلار ، قۇللار ،
قەرزدارلار ، مۇساپىرلار ، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ۋە ئاممىۋى ئەسلى ـ
ھەلەر قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت توققۇز خىل ئادەم ياكى ساھە بول ـ
غان . يەنە «پىتىر زاكات» دەپ ئاتىلىدىغان زاكات ياكى سەدىقىنى ـ





مۇ ئاۋام خەلق رامزان ئېيىدا يۇقىرىقى ئوبيېكتلارغا ھەدىيە قى ـ
لىش ئارقىلىق ياخشىلىقنى ئىپادىلەپ كەلگەن . ئۇيغۇرلار ئادەتتى ـ
كى چاغلاردا بېرىدىغان سەدىقىمۇ دىنىي قائىدە بويىچە پىتىر زاكات ـ
نىڭ بىرخىل شەكلى بولۇپ ، ئۇ كىشىلەر (مەيلى مۇسۇلمان
ئۇيغۇر بولسۇن ياكى غەيرىي مۇسۇلمان ئۇيغۇر بولسۇن ) ئارىسىدا
كەڭ ئومۇملاشقان بىرخىل ياخشىلىق قىلىش ئۇسۇلى ھېسابلىنى ـ
دۇ . زاكات ، ئۆشرە ۋە سەدىقە كۈچلۈك دىنىي مەجبۇرىيەت تۈسىگە
ئىگە پائالىيەت بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي خۇسۇسىيەت ـ
نىڭ چوڭقۇرلۇقى سەۋەبىدىن ، ئۇلار دىن كاتېگورىيىسىدىن ھال ـ
قىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان
ھادىسىدۇر .

ئۇيغۇرلاردا كەمبەغەللەرگە يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللاردا ياخشى ـ
لىق قىلىشتىن باشقا ، جەمئىيەتتە ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن
يېتىم باللارنى ، ئەمگەك ئىقتىدارى يوق تۇل ئاياللار ۋە مەجرۇھ
كىشىلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلەش ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ··· لار ھەم ئېسىل ئەخلاق جۈملىسىدىن ـ
دۇر . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېتىملار كۆپىنچە باشقىلارنىڭ شەپقىتى
بىلەن چوڭ بولىدۇ ۋە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدۇ ، تۇل ئاياللار ،
ئاجىزلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدۇ ،
ئۆيسىزلەرگە ئۆي سېلىپ بېرىلىدۇ ، ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇسا ـ
پىرلار ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىپ شۇ جايلاردا يەرلىشىپ قالىدۇ ،
بىرەر يۇرتتا ئاپەت ۋە قىيىنچىلىق بولسا كىشىلەر ئىمكانىيىتىنىڭ
يېتىشىچە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ ، بىمارلار يوقلىنىپ تۇرىدۇ ···

ئۇيغۇرلار كەمبەغەل ۋە يېتىم ـ يېسىرلەرگە ياردەم بېرىشنى
ئەخلاق سۈپىتىدە تونۇغاندا ئۇنى كۆپىنچە سېخىيلىق ، ئىنساپ ،
ئېھسان قاتارلىق ياخشى خۇلق ھەمدە ئاچ كۆزلۈك ، رىياكارلىق ،
نائىنساپلىق ، بېخىللىق قاتارلىق ناچار خۇلق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
چۈشىنىدۇ . خەلق ئارىسىدا مەرد ، كەڭ قول ، سېخىي كىشىلەر

ماختىلىدۇ . بېخىل ، ئاچ كۆز ، مورۇۋۋەتسىز كىشىلەر ئەخلاق
جەھەتتىن قامچىلىنىدۇ . سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ھەققىدە ئەدىبلى-
رىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپ توختالغان . مەسىلەن ، يۈسۈپ خاس
ھاجىب «قۇتادغۇبىلىك» تە شۇنداق يازغان :

«948 خىزمەت قىلما ، قىلساڭ سېخىيلەرگە قىل ،
سېخىي ئۆيى ئالتۇن ، كۈمۈش ئىشىكى بىل .
949 بېخىل خىزمىتىن قىلما ھېچ زامان ،
ھاياتىڭ كېتەر بوش ، بولۇرسەن يامان .
3036 ئىككى نەرسە زىت ، بىر - بىرىدىن قاچار ،
بېخىللىققا باقماس ئەر ، سېخىينى قۇچار .
3039 بۇ بەگلىك سېخىيلىق بىلەن ساقلىنۇر ،
ئەي ئىلىگ ، سېخىيلىقلە بەگ چوڭ بولۇر .
3037 بېخىلدىن قاچارلەر پەزىلەتلىك ئەر ،
سېخىيگە بولۇپ جەم ، تىلەككە يېتەر . »②

بۇ مىسرالاردا يۈسۈپ خاس ھاجىب سېخىيلىقنى يالغۇز ئىنى-
سانىي پەزىلەتلا ئەمەس ، بەلكى يەنە ئەل بېشىنىڭ روناق تېپىشىدى-
كى مۇھىم شەرت سۈپىتىدە تونۇغان . نەۋائىمۇ «ساخاۋەتسىز ئەر
يېغىنسىز باھار بولۇتىدۇر . مېۋىسىز دەرەخ ھامانە ئوتۇندۇر ،
يېغىنسىز بۇلۇت ھامانە تۇتۇندۇر ، ساخاۋەتسىز كىشىنى گۆھەر-
سىز سەدەپ دېسە بولىدۇ» ، «كىشىدىن ھەممە ئەخلاقنى خۇلاسە
قىلىپ ‹ئېھسان› دېسە بولىدۇ . يەنە سېخىيلىق ۋە مورۇۋۋەت
بولمىسا ، ئىنساندا ئېھسانمۇ بولمايدۇ» ، «سېخىيلىق ھۈنەر بىلەن
تېپىش ۋە يېگۈزۈشتۇر ، ئەيىبلەرنى يېپىش ۋە كۆيدۈرۈشتۇر »③
دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەردە سېخىيلىقنى ياخشىلىقنىڭ ئۇل -
ئاساسى سۈپىتىدە تونۇغان . ئەھمەد يۈكنەكىمۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي
ئۈگۈتلىرىدە «بېخىل ھارامدىن كۆپلەپ ئالتۇن - كۈمۈش يىغدى ،
ئۆزىگە گۇناھ ۋە قارغىش يۈكلەپ كەتتى . (ئۇنىڭ ) مال - دۇنيا-
سى كىشىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىندى . بۇنىڭدىن بېخىلغا تەگكى-





نى پۇشايماندىن ئىبارەت بولدى . ئەي مال ئىگىسى — مەرد ،
ياخشى ئادەم ، تەڭرى ساڭا بەرگەندىكىن سەنمۇ بەرگىن » ④
دېگەن . باشقا ئەدىبلەرمۇ سېخىيلىقنى ياخشىلىقنىڭ بېشى سۈپىتى-
دە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، بېخىللىقنى قەبىھ يامانلىق سۈپىتى-
دە ئىنكار قىلغان . ئىسلام دىنىدا سېخىيلىق (ساخاۋەت ) يۈكسەك
پەزىلەت سۈپىتىدە تونۇلغان . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە
«ئاللا سېخىيدۇر ھەم سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە گۈزەل
ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ ، ناچار ئەخلاقنى ياقتۇرمايدۇ » ⑤
دېگەندەك بايانلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ .

ئىسلام دىنىدا ۋە ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ دىداكتىك ئەسەرلىرىدە
نېمە ئۈچۈن سېخىيلىق كۆپ تەشەببۇس قىلىنىدۇ ؟ بۇنىڭدىكى
سەۋەب شۇكى ، «قۇرئان » دا كىشىنىڭ ئۆز مال - مۈلكىدىن
باشقىلارغا (كەمبەغەل ، يېتىم - يېسىرلەرگە ) ھەدىيە ، سەدىقە ،
زاكات بېرىشى — ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىدىكى مۇھىم ئەمەلى
سۈپىتىدە بايان قىلىنغان . يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىب :

«1192 كىشىگە ئۈلەشتۈر مال ، يېدۈر ، ئىچۈر ،
سېنى مال كەچۈرگەي ، ئۇنى سەن كەچۈر . »⑥

دەپ ئېيتقاندەك ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە قولىدىكى
مال - مۈلۈكتىن ئۆزىگە يېتىپ ئاشقان قىسمىنى شۇ مالنى ئېلىش-
قا ئەڭ لايىق كېلىدىغان كىشىلەرگە ساخاۋەت قىلىپ بېرىۋې-
تىش — ئەڭ ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىدىن بولۇپ ، ئۇ مۇسۇلمان-
نى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول دەپ قارالغان ، خەلق ئارىسىدى-
كى «سېخىي جەننەتى ، خۇدا رەھمىتى » ئىبارىسى ، «سېخىي-
لىق — سائادەت ، بېخىللىق — ئاداۋەت » قاتارلىق ماقالالار يۇقى-
رىقى پىكىرنىڭ دەلىلىدۇر . يۇقىرىقى قاراشلاردا سېخىيلىقنىڭ
مۇكاپاتى يالغۇز جەننەت دەپلا تەرىپلىنىپ قالماستىن ، بەلكى يەنە
شەخسنىڭ ئەل ئارىسىدىكى شۆھرىتىنىڭ ، قىممىتىنىڭ ئېشىشى
دەپمۇ تەرىپلەنگەن . بۇ پىكىر ئەخلاقشۇناسلىق ئىلمىدىكى ياخشى-

لىقىنىڭ شەخسكە ئېلىپ كېلىدىغان شۆھرىتى ھەققىدىكى قاراشلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگىدۇر.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلاردىكى ئىقتىساد ساھەسىدىكى پەزىلەت سانىلىدىغان ۋە ئادەتكە ئايلانغان ئىقتىسادىي ياردەمنىڭ ئوبيېكتى يالغۇز كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلەر بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. ئومۇمەن، بىز يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن توققۇز تۈرلۈك كىشى ۋە ساھەدىن باشقا، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلقلەر، بىمارلار، نامرات ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردەملىرىگە ئېرىشىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە تۆگىتىپ، ئىناق - ئىجىل جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ رول ئوينىغاندىن باشقا، ئۇ يالغۇز ئەخلاق ھەرىكىتى دەرىجىسىدىلا توختاپ قالماي، ئومۇمىي خەلقنىڭ چوڭقۇر يىلتىزلىق ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن، ھازىر بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىزمۇ ئەنە شۇنداق ئىقتىسادىي ياردەمدىن ئىبارەت ياخشى ئەخلاق ئەندىزىسىنى يوقاتمىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بولماقتا.

## 2 . مېھمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش

ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى — مېھمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتۇر. ئۇيغۇرلار مېھماندوست خەلق. ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇق ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتى، مەرد، ياخشىلىقنى كۆزلەيدىغان مىللىي خاراكتېرى، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ۋە ھەرقايسى دەۋردىكى ئەخلاقشۇناسلارنىڭ مېھماندوستلۇقنى ئۈستۈن پەزىلەت ئورنىدا تەشەببۇس قىلىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى بار. ئىسلام دىنىدا ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى مۇۋاپىق قىلىش — مۇھىم ئەخلاقىي





مەجبۇرىيەت تەرزىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: «ئاللا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن»⑦. مېھماندوستلۇق ئەخلاقى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇھىم تۈرمۇش مىزانى بولغان. مېھمان ئۆيگە كەلسە قۇت - بەخت دەپ قارالغان. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەپ قالدۇرغان «مېھمان كەلسە قۇت كېلەر»، «كۆركەم، چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزۈڭ كىي، تاتلىق ئېشىڭنى باشقىلارغا بەر، مېھماننى ئىززەتلە، شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن»⑧ قاتارلىق ماقالىلار شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مېھماننى ياخشى كۈتۈش ھەققىدىكى ئەخلاقىي قاراشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈشتۇر.

قەدىمدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ئەخلاقشۇناسلىرى مېھماننى ياخشى كۈتۈش مەسىلىسىنى چوڭ ئەخلاق سۈپىتىدە ئۆز ئەسەرلىرىدە مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ بايان قىلغان. ئۇ ئەسەرلەردە مېھماننى ياخشى كۈتۈش پەزىلىتى، مېھمان كۈتۈش ۋە مېھمان بولۇش ئەدەپلىرى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مېھماننى ياخشى كۈتۈش ھەققىدە «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە چاقىرىش قائىدىلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى» دېگەن بابتا مۇنداق تەكلىپلەرنى بەرگەن:

«4644 قىچقىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچىر، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى.
4645 سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك - ئىچمىكىڭنى ئوبدان خىللىغىل.
4646 غىزانى ياسا پاك ھەم تاتلىق قىلىپ،
يېسۇن زەۋقى بىرلە قولىنى سېلىپ.
4652 دىققەت قىل يېتىشسۇن تاماق ھەممىگە،
يەنە تارت غىزانى كىچىككەنلەرگە.

4660 غىزادىن كېيىن تارت شىرنىلىك يېمىش،
قۇرۇق - ھۆل يېمىش قوي ۋە ئازراق سىمىش.
4656 تىلىسە فۇقا بەر، تىلىسە مىزاپ،
ھەسەل - گۈل شاراب بەر، تىلىسە جۇلاپ».

مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى ئۆز ئەسىرى «مەسنەۋى خاراباتى»دا مەخسۇس بىر باب ئىچىدە مېھماننىڭ پەزىلىتى، مېھماننى ياخشى كۈتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە توختىلىپ شۇنداق يازغان:

«ئەي ئوغۇل، تەن جانغە مېھمانخانەدۇر،
بولمىسە مېھمان، بۇل ئۆي ۋەيرانەدۇر.
بولسە مېھمان ئۆيدە مەمۇرلۇق بولۇر،
كەتسە مېھمان ئۆيدە زەنجۇرلۇق بولۇر.
ھەر نېمە ئالەمدە ھەق پەيدا قىلۇر،
ئۇشبۇ مېھمان ۋەجىدىن پەيدا قىلۇر.
بىل بۇ مېھمان قەدرىن، ئەي ئابدۇل ئەزىز.
تاكى مېھمان ئۆيدەدۇر، تۇتقىل ئەزىز.
بىل بۇ مېھمان قەدرىنى ئەي خاسۇ - ئام،
باش كۆتۈرمەي سەجدە قىل ھەر سۇبھى - شام.
ئۇشبۇ ئۆيدىن بىر كۈنى مېھمان كېتەر،
بارچە ئەفرادىڭ ئۇ كۈن ئەفغان ئېتەر.»⑨

يەنە 18 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىبى مۇھەممەد سىدىق رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق 44 بابلىق دىداكتىك ئەسىرىنىڭ بىر بابىدا مەخسۇس مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈشنىڭ تەرتىپ - مىزانلىرى بايان قىلىنغان. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ يەتتە بابلىق «ئەدەبۇسسالىھىين» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر بابىدىمۇ مەخسۇس مېھمان كۈتۈش ۋە مېھماندارچىلىقتا رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەپلەر ھەققىدە تەپسىلىي كۆرسەتمىلەر بېرىلگەن. يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىكى مېھمان كۈتۈش ئەدەپلىرى ئومۇمەن يۇسۇپ خاس





ھاجىب تەشەببۇس قىلغان ئەخلاق بىلەن ھەمدە ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شۇ خىلدىكى ئەخلاق نورمىلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆيىگە بىرى كەلسە ئۇنىڭ تونۇش ياكى ناتونۇشلۇقى، كىچىك ياكى چوڭلۇقىدىن قەتئىينەزەر ئالدى بىلەن بىردەك ئوچۇق چىراي بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ سالام - سەھەت قىلىپ ئۆيگە باشلاپ تۆردىن ئورۇن كۆرسىتىدۇ. مېھمانلارنىڭ قايسى خىلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ئۆيىدىكى ياخشى يېمەك - ئىچمەك، راھەت مۇھىت ۋە قىزغىن مۇئامىلە بىلەن كۈتۈپ، تاكى ئۆيدىن ئايرىلغۇچە ئۇلارغا ھەمراھ بولىدۇ. مېھمانلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە دەرىجىسىگە قاراپ ئۇلارغا ھەرخىل شەكىلدىكى زىياپەت ياكى داستىخان ھازىرلاپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر قونۇپ قالىدىغان مېھمانلار بولسا ئۇلارغا ياخشى ئورۇن - كۆرپە ھازىرلايدۇ. ئائىلىلەردە مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان يېمەك - ئىچمەكلەر ساقلىنىدۇ، يېڭى يوتقان - كۆرپىلەر تەييار قىلىنغان بولىدۇ. قىسقىسى، مېھمانغا ئۆزىدە بار بولغان ئەڭ ياخشى يېمەك - ئىچمەك، گەپ - سۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەھۋالى ياخشىراق ئائىلىلەر مېھمانلارغا قوي سويۇپ غىزا راسلايدۇ. خەلق ئىچىدىكى «چاقىرغاننىڭ ئىتى ئۇلۇغ»، «بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن»، «مېھمان ساھىبخانغا ئەزىز، ساھىبخان مېھمانغا ئەزىز»، «مېھماننى تۆرگە باشلا»غا ئوخشاش ماقاللار ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈشتەك ئەخلاق قاراشلىرىنى ئىنچام كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئەينەك بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە شۇنداق قاراشمۇ باركى، ئەگەر بىر ئۆيگە قىرىق كۈنگىچە مېھمان كەلمىسە شۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىش لازىم، دېيىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مېھماننى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ خەلق ئىشەنچىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى ئائىلىلەر بىر يىل ئىچىدە تۈرلۈك

ھېيت - بايرام ، نەزىر - چىراغ ، توي - مەرىكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پۇرسەتلەردە ئۆيلىرىگە مېھمان چاقىرىپ كۈتۈش ياكى تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان كىشىلەرنى مېھمان ئورنىدا كۆرۈپ ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان . ئومۇمەن ، ئۇيغۇرلار مېھمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى يالغۇز ئادەتلا ئەمەس ، بەلكى يەنە «ئادەمگەرچىلىك» سۈپىتىدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى دەپ قاراپ ، ئۇنى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇھىم ساھەسىگە ئايلاندۇرغان . بۇنداق پەزىلەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى ئاشۇرۇپ ، كۆيۈمچانلىق ئاساسىدىكى جەمئىيەت ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن .

### 3 . قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىدا قوشنىدارچىلىقنى قەدىرلەش ، قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش ۋە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشلار ئېسىل پەزىلەت جۈملىسىدىن سانىلىدۇ . ئۇيغۇرلاردا «قوشنا ھەققى» دېگەن ئەقىدە بولۇپ ، بۇ ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز قوشنىسىغا ياردەم قىلىش ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ، ھەرخىل ئىش - پائالىيەتلەردە ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتى بار ، دېگەنلىك بولىدۇ . مۇشۇنداق ئەقىدە ياكى ئەخلاق ئېڭى ئاساسىدا ئۇيغۇرلار كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى قوشنىدىن باشلايدۇ ، قوشنىلارغا ھەرقانداق ئىشتا يېقىندىن ياردەملىشىدۇ ، ھەر ۋاقىت ھال - ئەھۋال سورىشىپ ، تاماق سۇنۇشۇپ تۇرىدۇ . ناۋادا ۋاقىتلىق بىر يەرگە بېرىشقا توغرا كەلسە ، ئۆي ۋە مال - مۈلكىنى قوشنىلارغا تاپشۇرىدۇ . بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە ئۆزئارا تەكلىپ قىلىشىدۇ . «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەخلاقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . قوشنىلار بىر - بىرىگە نىسبەتەن قوغداش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇكى ، بىر - بىرىنىڭ مال - مۈلكىگە بىھۇدە تاجاۋۇز قىلمايدۇ . ناۋادا ھەرخىل زۆرۈر-





يەت سەۋەبىدىن قوشنىلار كۆچۈپ كەتسە ياكى كۆچۈپ كەلسە ، ئۆزئارا خوشلىشىش چېيى ئۆتكۈزۈپ كۆڭۈل ئېيتىشىدۇ ، كىرىپ ھاردۇق سورايدۇ ۋە ئۆزئارا تونۇشۇش چېيى ئۆتكۈزىدۇ . قوشنىلار كىچىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر - بىرىگە زىيانلىق ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزدە بولمايدۇ . ئەگەر كىمكى قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىكەن ، ئۇ جامائەتنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ . شۇڭا ، «قوشناڭ قارىغۇ بولسا كۆزۈڭنى قىس» دېگەن ماقالدا كەلگەندەك ، بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ . بىرەرىدىن سەۋەنلىك ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ، قوشنىلار ئەپۇچانلىق پرىنسىپى بويىچە ياخشى مۇئامىلىسىنى داۋام قىلىدۇ . بۇ ئەخلاق خەلق ماقالى «قوشناڭ ساڭا باقمىسا ، سەن ئۇنىڭغا باق» تا ئېنىق ئىپادىلەنگەن . قوشنىلار «قوشناڭ يىغلىغاندا سەن كۈلمە» دېگەن ماقالدا كەلگەندەك ، بىر - بىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنى ، مۇسىبەتلەرنى ، كېلىشمەسلىكلەرنى تەڭ كۆتۈرۈشۈپ ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى لاپقۇتلىشىش شەكلىدە تەڭ ئىشلىتىپ ، ئىناق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ .

ئۇيغۇرلاردىكى قوشنىدارچىلىقتا ئىپادىلىنىدىغان ئەخلاق يالغۇز تام قوشنا بىلەنلا چەكلەنمىگەن . ئومۇمەن بىر مەھەللىدىكى كىشىلەر بىر - بىرىنى قوشنا ساناپ ، ئۇلارغا ھەرقايسى تەرەپتە ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ، قانداشلىق تۈسىگە ئىگە يۇرتداشلىق ، مەھەللىداشلىق كۆلىمىدە ياخشى مۇئامىلە ، ياخشى پوزىتسىيىدە بولۇپ ، جامائەت ئەخلاقىنى جارى قىلىپ كەلگەن .

### 4 . چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، كىچىكلەرنى ئاسراش

ئىنساننى سۆيۈش — ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ نېگىزىدۇر . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشەنگەن ۋە ئىشىنىپ كېلىۋاتقان چوڭ دىنلاردىن بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئىنسانغا ، ھەتتا جانلىقلارغا مېھرىبانلىق قىلىشنى

تەرغىب قىلىدىغان دىنلار بولۇپ ، بۇ دىنلاردىكى ھەربىر كىشىنىڭ
باشقا كىشىلەرگە ۋە ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش مەجبۇرىيىتى بار ، ھەتتا
ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كۆيۈنۈش مەجبۇرىيىتى بار ، دېگەن
ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن .
جۇملىدىن ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ، بالىلار-
غا ، قېرىنداشلار - ھەمشىرىلەرگە ، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ، ئاياللار-
نىڭ ئەرلەرگە ، شۇنداقلا تۇغقانلارغا ، قوشنىلارغا ۋە ئومۇمەن
بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى بۇيرۇلغاندىن
باشقا ، باشقىلارغا سالام قىلىش ، چۈشكۈرگەندە جاۋاب بېرىش ،
كېسەل بولسا يوقلاش ، ۋاپات بولسا مېيىت نامىزىغا قاتنىشىش ،
قەسەمى ۋە ۋەدىسىنى ئىجرا قىلىش ، نەسىھەت قىلىپ يول كۆرسى-
تىش ، ئۆزىگە لايىق كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ لايىق كۆرۈش ، يار-
دەمگە موھتاج بولغاندا قوللاش ، يامانلىق يەتكۈزمەسلىك ، كەمتەر
بولۇپ چوڭچىلىق قىلماسلىق ، بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى
ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلاپ قويماسلىق ، ئۆزئارا غەيۋەت قىلماس-
لىق ۋە كەمسىتمەسلىك ، ئۆلگەن ياكى ھايات كىشى بولسۇن ئۇنى
تىللىماسلىق ، ھەسەت ۋە گۇمان قىلماسلىق ، ئالدىماسلىق ۋە كۆز
بويامچىلىق قىلماسلىق ، ۋاپاسىزلىق ۋە خىيانەت قىلماسلىق ، ياخ-
شىلىق قىلىپ ئەرزىيەتنى توسۇش ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىك-
لەرگە كۆيۈنۈش ، ھەققانىي بولۇش ، ئەپۇچان بولۇش ، باشقىلار-
نىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ، پاناھلىق تىلىگەنلەرگە پاناھلىق بېرىش
قاتارلىق 22 خىل ھەققى (مەجبۇرىيىتى) نىڭ ، شۇنداقلا مۇسۇل-
مان بولمىغانلارغا قارىتا ئادىل ، ھەققانىي بولۇش ، كۆيۈنۈش ،
مېلى ، جېنى ۋە ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك ... قا ئوخشاش
مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان[10] ، ھەتتا ھايۋانلارغا كۆيۈ-
نۈشمۇ ئادىمىيلىك بۇرچ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان . مۇشۇ سەۋەب
تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلاردا كىشىلەرگە كۆيۈنۈش — ئەخلاقىي مەجبۇ-
رىيەتلا ئەمەس ، مۇھىمى ئادىمىيلىك بۇرچ دەپ تونۇلىدۇ .





مانا مۇشۇ ئەخلاقنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە چوڭلارنى ھۆر-
مەتلەش ، كىچىكلەرنى ئاسراش — ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلى-
رىدىن ، شۇنىڭدەك ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن
بىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئەخلاق تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادى-
لىنىدۇ :

1 . ئاتا - ئانىغا سادىق بولۇش . ئاتا - ئانىغا سادىق
بولۇش — ھەممە مىللەتكە ئورتاق بىر ئەنئەنە . ئۇيغۇرلار ئاتا -
ئانىنى ئۆينىڭ تۈۋرۈكى ، بەرىكىتى ، چىرىغى ھېسابلاپ قەدىرلەي-
دۇ ، گېپىدىن چىقمايدۇ ، ھەرقانداق ئەھۋالدا گەپ ياندۇرمايدۇ .
ئائىلە ئەزالىرى ئاتا - ئانىغا ھەر ۋاقىت ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ ،
ئۆزلىرى نامراتلىقتا ئۆتسىمۇ ئاتا - ئانىسىنى ياخشى باقىدۇ ،
ھەرقانداق نەرسىنىڭ باش - بۇرنىنى ئاتا - ئانىسىغا ئاتاي-
دۇ ، ئاتا - ئانىنى ئۆزلىرىگە قانات ھېسابلاپ ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقى-
نى قەدىرلەيدۇ . ئۇيغۇرلاردىكى ئاتا - ئانىغا سادىق بولۇش شەپقەت
قىلغانلارغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشتەك ئىدىيىنى ئاساس قىلغان
بولۇپ ، بۇنداق ئىدىيە ئىسلام دىنى تەرىپىدىن تېخىمۇ يۈكسەلدۈ-
رۈلگەن . ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق
قىلىشى بۇيرۇلىدۇ . بۇ ئاتا - ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ياكى بالا ئۈچۈن
تەقدىم قىلغىنىنىڭ قايتۇرۇلۇشى ئۈچۈنلا بولماستىن ، مۇھىمى
«قۇرئان» دىكى ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق-
لار سەۋەبىدىندۇر . «قۇرئان» دا شۇنداق دېيىلگەن : «پەرۋەردىگا-
رىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭ-
لارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى . ئۇلارنىڭ بىرى
ياكى ئىككىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا ئۇلارغا
تەگمىگىن ، ئۇلارنى دۆشكەللىمىگىن ، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە يۇمشاق
سۆز قىلغىن»[11] ، «ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا
بۇيرۇدۇق»[12] . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ «ئاللاتا-

ئالا سىلەرگە ئاتا ـ ئانىلىرىڭلارغا ئاسىي بولـۇشنى هـارام قىلـدى» ، «ئەڭ چوڭ گۇناهـلار — ئالـلاغا شېرىك كەلـتۈرۈش ،
ئاتا ـ ئانىـغا ئـاسىي بولـۇشتۇر » ، «بالا ئاتا ـ ئانىسىغا پەقەت
ئاتا ـ ئانىسى قۇل بولسا ئۇلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق جاۋاب
قايتۇرالايدۇ» ، «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى — ئاتا ـ ئانىغا
ياخشىلىق قىلىش »⑬ دېگەندەك بايانلار بولغاندىن سىرت ، ئاتا ـ
ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ نەپلە نامازدىنمۇ ئارتۇق ئىش ئىكەنلىكى هەققىدە مەزمۇنلار بار . ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرىقى
بۇيرۇق ۋە كۆرسەتمىلەرگە لايىق هالدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتىن باشلاشنى تەرغىب قىلغاندىن سىرت ، ئۇنى ئىلاهىي دەرىجىگە كۆتۈرگەن . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلاردا پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشى دۇئاسىنى
ئېلىش ئەڭ چوڭ بەخت ، بەددۇئا (قارغىش) ئېلىش ئەڭ چوڭ
گۇناھ دەپ قارىلىدۇ . بۇ ئەخلاقىي ئەقىدە «يەر سۇ بىلەن كۆكىرەر ، ئادەم ئاتا ـ ئانا دۇئاسى بىلەن كۆكىرەر» ، «ئاتا قارغىشى
ئوق ، ئانا قارغىشى دوق » ، «ئانىسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى
باسماس » ، «ئانا ئايىغىدا جەننەت بار» ، «ئاتىدىن هىممەت ،
ئوغۇلدىن خىزمەت» ، «ئاتا رازى ، خۇدا رازى» ، «ئاتا ـ
ئانا دۇئاسى ئوتقا ، سۇغا پاتۇرماس» ··· دېگەندەك ماقالىلاردا
ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن . بۇنداق ئادەت ـ ئەنئەنىلەرگە خىلاپلىق
قىلغانلار جامائەت تەرىپىدىن «كۆيۈمسىز» ، «ۋاپاسىز» ، «ئەدەپسىز» ، «قارغىش قېپى» دېيىلىپ نەپرەتكە دۇچار بولىدۇ . شۇ
سەۋەبتىن هەربىر كىشى ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار ۋە سادىق بولۇشنى ،
ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى بەجا كەلتۈرۈشنى ئەخلاقىي ، ئىنسانىي ، دىنىي مەجبۇرىيەت دەرىجىسىدە تونۇيدۇ ھەمدە ئۇنى ئەمەلدە
كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ . نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تىمۇ
شۇنداق يازغان : «ئاتا ـ ئانىنى هۆرمەتلەش پەرزەنتلەرنىڭ باش
تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر» ، «پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسى





نىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر دىنىي ۋەزىپە بىلىپ ،
ئاتا ـ ئانىسى هەرقانچە كايىسىمۇ ئىتائەت بىلەن تىڭشىشى
كېرەك » ، «ئاتا ـ ئانىنىڭ هۆرمىتىنى قىلىپ ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان پەرزەنت ئەنە شۇ ياخشى ئەخلاقى ۋە خىزمىتى
بەدىلىگە ئۆمۈرۋايەت بەخت ـ سائادەتلىك بولىدۇ »⑭ .

مۇھەممەد سىدىق رەشىدى «سىدىقنامە» ئەسىرىنىڭ بىر بابىنى ئاتا ـ ئانىنىڭ هەققىنى تونۇشتەك ئەخلاقنى بايان قىلىشقا
بېغىشلىغان بولۇپ ، ئۇ بۇ هەقتە مۇنداق يازغان : «··· ئەي ئوغۇل ، بىلگىنكى ، سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سەۋەبى بىلەن دۇنياغا
ئاپىرىدە بولدۇڭ ··· ئاتا ـ ئانىنىڭ هەققىنى بەجا كەلتۈرمەك
پەرزەنت ئۈچۈن ۋاجىپتۇر ··· ئاتا ـ ئاناڭ سېنى پەرۋىش قىلىپ
ساڭا ياخشىلىق ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆگەتتى . ئەي ئوغۇل ،
ئاتا ـ ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن ساقلان ··· »⑮

باشقا ئەخلاقشۇناسلار ۋە ئەدىبلەرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاتا ـ
ئانىغا ۋاپادار ، سادىق بولۇشنى كۆپ تەرغىب قىلغان هەم ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن شەرھلىگەن . ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق
قىلىش — خەلق ئەدەبىياتىدىكى مۇهىم ، مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ
بىرى بولۇپ ، نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى ، چۆچەكلەر ، داستانلاردا
شۇ تەشەببۇس بىر قەدەر ئىزچىللىقتا ئىگە .

ئۇيغۇرلاردا پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى
يالغۇز ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى قامداش ، ئۇلار قېرىغاندا بېقىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . ئومۇمەن هەربىر ئىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ
مەسلىھىتىنى ئېلىش ، ئۇلارغا راست سۆزلەش ، مۇئامىلىدە سىلىق
ۋە كۆيۈمچان بولۇش ، هايالىق بولۇش ، ئۇلارنىڭ گېپى ياخشى
ياكى يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تولۇق ئاڭلاش ، قالايمىقان
ئىنكار قىلماسلىق ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىنى چىڭ ئەستە ساقلاپ
ئۇنى هاياتلىق مىزانىغا ئايلاندۇرۇش ، ئۇلارغا ياخشى نەرسىلەرنى
هەدىيە قىلىش ۋە پات ـ پات كۆڭۈل سوراپ تۇرۇش ··· لار

ئۇيغۇرلاردىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان ئەخلاقىي
ھەرىكەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئىبارەت .

2 . چوڭـلارنى ھۆرمەتـلەش . ئۇيـغۇرلاردا كىشىلەرنىڭ
ئـۆز ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى
لازىم دەپ قارالغاندىن باشقا ، يەنە ئۆزىدىن چوڭ ياشتىكى ھەرقاند۔
داق كىشىنى ھۆرمەتلىشى ھەم زۆرۈر دەپ تونۇلىدۇ . ئەمەلىيەتتى۔
مۇ بۇنداق قىلىش ئۇيغۇرلاردا ئادەتكە ، مىللىي ئەخلاقنىڭ مۇھىم
مەزمۇنىغا ئايلىنىپ بولغان .

ئەخلاق — ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى
سۈپىتىدە ، جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ، ئەيىبلىشى ، ماختىشى ،
مۇئەييەنلەشتۇرۇشى ۋە ئىنكار قىلىشى قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقى۔
لىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى تەڭشىشى ، جەمئى۔
يەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ ھەم شۇ شەكىللەردە
رول ئوينايدۇ . بىر جەمئىيەتتە جامائەت پىكرى ھەرقايسى تەبىقە ،
ياش ـ قۇرام ، جىنس ··· قا تەۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئوخشاپ
كەتسىمۇ ، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ . بۇ شۇنداق دېگەن۔
لىككى ، ھەربىر جەمئىيەتتە چوڭ ياشلىق كىشىلەر كۆپىنچە ئەنئە۔
نىلەرنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ، ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ئەخلاق
نورمىلىرىنىڭ كۈچ كۆرسىتىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئىجتىما۔
ئىي گەۋدە سۈپىتىدە ، ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەخلاقىنى نازارەت قىلى۔
دۇ ، تەنقىد ـ تەربىيە ئارقىلىق تۈزەيدۇ ، ئۈلگە بولىدۇ . شۇ
سەۋەبتىن ، جەمئىيەتتە كىشىلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى ، ھەربىر
ۋاقىت ۋە ئورۇنـدا ئۇلارغـا تېـگىشلىك يـاخشى مۇئـامىلە قى۔
لىشنى ئادەت قىلىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا كىشىلەر مەيلى نامرات ياكى باي بولسۇن ، ئەر
ياكى ئايال بولسۇن ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ئېسىل ئەخلاق جۈملىسى۔
دىن بىرى دەپ ھېسابلىنىدۇ . ياشلار مەيلى ئۆيىدە ياكى سىرتتا
بولسۇن چوڭلارنىڭ ، مۆتىۋەرلەرنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدۇ ،





ئۇلارنىڭ يېنىدا چاقچاق قىلىشتىن ساقلىنىدۇ ، چوڭلارنى ھەربىر
سورۇندا تۆرگە باشلاپ يېمەك ـ ئىچمەكنى ئالدى بىلەن شۇلارغا
تارتىدۇ ، چوڭلار بار سورۇندا كەيپ قىلىشتىن ، بىمەنە ھەرىكەت۔
لەردىن ساقلىنىدۇ . ناۋادا ناتونۇش چوڭ كىشىلەر بولۇپ ، ئۇلار
ھەرخىل ئۇششاق قىيىنچىلىققا يولۇقسا ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن
يارەدەم قولىنى سۇنۇپ ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ .
يېزىلاردا ياشلار ئەمـگەكتە ئاجـىز چوڭ يـاشلىق كىشىلەرگـە
ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا ئاكتىپ ياردەم قىلىدۇ . شەھەرلەردە
چوڭلارغا يول كۆرسىتىپ قويۇش ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈ۔
رۈشۈپ بېرىش ، ئاپتوبۇسلاردا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش قاتارلىق
ئىشلاردا ياشلار خالىس پوزىتسىيىسىنى ھەرقاچان ئىپادىلەپ تۇرى۔
دۇ . چوڭلار ئالدىدىكى ھاياسىزلىق ، تەكەببۇرلۇق ، ھۇرۇنلۇق ،
مىشچانلىق ··· لار بىر دەك جامائەت پىكرىنىڭ كۈچلۈك رەددىيىسى۔
گە ، ئەيىبلىشىگە دۇچار بولىدۇ . ئەلۋەتتە ، قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە
تېگىشلىكى شۇكى ، ئۇيغۇرلاردىكى چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ
دائىرىسى مىللەت ئەزالىرى دائىرىسىدىلا چەكلەنمەستىن ، ھەربىر
مىللەت ، قوۋم ، دىن ، دۆلەتتىكى چوڭ كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ
مەزكۇر ئەخلاقىنىڭ ئوبيېكتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

3 . كىچىكلەرنى ئىززەتلەش ۋە ئاسراش . ئۇيغۇرلاردا چوڭلار
كىچىكلەرنى ئاسراش ، ئىززەتلەش ، ھەر تەرەپتە كۆيۈنۈشنى ئۆزى۔
دىكى ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت دەپ تو۔
نۇيدۇ ، كىچىكلەرنى «يۇشتىمىز » ، «تىرىكچىلىكىمىزنىڭ ئەرمى۔
كى » ، «چىرىغىـمىزنى ئۆچـۈرمەيدۇ » دەپ ، ھـەر دائـىم
«ياشناپ ـ كۆكلەپ ياشاشىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىل۔
غاي» ، «ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي » ، «ئىنساپلىق بولغاي» دەپ دۇئا
قىلىدۇ . ئائىلىلەردە ۋە ئىجتىمائىي سورۇنلاردا ھەممە جەھەتتە
ئاۋۋال كىچىكلەرنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ ، ئىجتىمائىي ئالاقى۔
لەردە كىشىلەر كىچىكلەرنى ئىززەتلەشنى نەزەردىن ساقىت قىلماي۔

دۇ ، چوڭلار ھەر قانداق سورۇندا باللارنى تونۇش ياكى تونۇش
ئەمەسلىكىگە قارىماي «بالام» ، «قىزىم» ، «ئوكام» ، «سىڭلىم»
دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان ئىززىتىنى ئىپادىلەيدۇ . قىس-
قىسى ، ئۇيغۇرلاردا چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ئارا ھۆرمەت تەڭ
نىسبەتتە بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە بولغان
ھۆرمىتى نوقۇل ئىززەت قىلىش سەۋىيىسىدىلا توختاپ قالغان
بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنى ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلەشتەك مەس-
ئۇلىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر خىل ئەخلاق ھەرىكىتى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ .

### 5 . سالام ـ سەھەت قىلىش

سالام ـ سەھەت قىلىش — ئىنسان جەمئىيىتىدىكى شەخسلەر-
نىڭ تۇرلۇك مەجبۇرىيەت ۋە ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ ، ئۆزئارا
ئۇچراشقاندا بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمىتى ، يېقىنلىق ھېسسىيا-
تى ، ئىنسانىي تۇيغۇسى ... نى ئاساس قىلغان ھالدا ئۆزئارا قىلى-
شىدىغان ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھەرىكىتى ياكى شۇنىڭغا ئالاقىدار
گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ ، ئۇ شەخسنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئېتىراپ
قىلىش ، باراۋەرلىكنى ئىپادىلەش ، دوستلۇق ، سەمىمىيلىك ،
كەمتەرلىك ھېسسىياتىنى ئايان قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدىغان ئەخلاقىي ھەرىكەت بولۇش سۈپىتىدە ، ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشتا زور رول ئوينايدۇ . سالام ـ سەھەتنىڭ يوسۇنى ،
ئۇسۇلىنى مىللىي ئەنئەنە ، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ، تارىخىي كە-
چۈرمىش ، دىن قاتارلىق ئامىللار بەلگىلىشى مۇمكىن .

ئۇيغۇرلار قىزغىن ، سەمىمىي سالام قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە
مىللەت . بىز «سالام » دېگەن ئەرەبچە ئىبارە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ
ئۆزلەشكەن دەۋرلەر ، يەنى 10 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردى-
كى ئۇيغۇرلارنىڭ سالام قىلىش ئۇسۇلىنىڭ قانداقلىقىدىن بىخە-
ۋەرمىز . ئەمما جەزم قىلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلار مەلۇم شەكىل-





لەردىكى قول ئىشارىسى ، ئامانلىق سوراش مەنىسىدىكى گەپ ـ
سۆزلەر ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراشقان
ھەم ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن . ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئىسلام دىنى-
دىكى ، جۈملىدىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدىكى سالام-
لىشىش ھەققىدىكى تەۋسىيە ۋە بۇيرۇقلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتى-
دە ، ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئۇسلۇبتىكى سالاملىشىش بىلەن ئىسلامىي
رەۋىشتىكى سالاملىشىش ئۇسۇللىرى قوشۇلۇپ ، ئۇيغۇرچە سالام-
نىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بولۇپ قالغان .

ئىسلام دىنىدا سالام قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ، ئېيتىلىدىغان سۆز
ۋە ئۇنىڭ تەرزى ھەققىدە ئېنىق كۆرسەتمە بار . «قۇرئان» دا
شۇنداق دېيىلگەن : «سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە ، ئۇنىڭغا
تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمى-
نى ئەينەن قايتۇرۇڭلار»[16] . بۇنىڭدىن سالام قىلىش ۋە ئۆزىگە
قىلىنغان سالامغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ پەرھىز (مەج-
بۇرىيەت ) ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ . مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ سا-
لام قىلىشنى مۇسۇلمانلار ئۇچۇن سۈننەت تەرىقىسىدە كۆپ تىلغا
ئالغان ۋە بۇيرۇغان . بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىسلەر بار : «مۇسۇلمان-
نىڭ مۇسۇلماندىكى ھەققى بەشتۇر : سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش ،
كېسەل بولسا يوقلاش ، مېيىت نامىزىغا قاتنىشىش ، چاقىرغان
يېرىگە بېرىش ۋە چۈشكۈرگەنلەرگە جاۋاب قايتۇرۇش » . پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن : «ئۇلاغلىق پىيادىگە ، پى-
يادە ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا ، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام
قىلسۇن »[17] . يەنە ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئەخلاقشۇناسلىرىمۇ ئۆزلىرى-
نىڭ دىداكتىك ئەسەرلىرىدە سالام قىلىشنىڭ ئەدەپلىرىنى مەخ-
سۇس باب ياكى سەھىپە ئاجرىتىپ بايان قىلغان . تۇنجى قېتىم
يۈسۈپ خاس ھاجىب «قۇتادغۇبىلىك» تە سالام ـ سەھەت قىلىش
توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان . مە-
سىلەن :

«5055 سالامدۇر كىشىگە ئىپسەنلىك يولى ،
سالامىلە قويۇلۇر ئىپسەنلىك ئۇلى .
5056 سالامدۇر كىشىگە ئەمىنلىك ـ ئامان ،
قىلىنسا سالام ، ساق بولۇر ئۇشبۇ جان .
5058 ئامان بەردى ئەلگە سالام بەرگۈچى ،
سالامەت بولۇر ئۇ ئىلىك ئالغۇچى .
5059 سالام ساقلار ئامان كىشى شەررىدىن ،
سالامەتلىك ئالدى جاۋاب ئالغۇچى .
5060 كىچىككە ئۇلۇغدىن كېرەكتۇر سالام ،
شۇ بىرلە جىمى ئىش بولۇرلەر تامام .»

يۇسۇپ خاس هاجىبنىڭ چۈشەنچىسىدىكى سالام ئەسلىي ئىس-
لامىي مەنىدىكى سالام بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئامانلىق ، سالامەت-
لىك» تۇر . ئىسلامىي قاراشتا سالام قىلغۇچى سالام قىلىنغۇچىغا
سالام ئارقىلىق ئامانلىق تىلەيدۇ ، ئاللا بۇ سالام ئارقىلىق سالام
قىلىنغۇچىنى سالامەت قىلىدۇ . بۇ قاراش دەل «قۇتادغۇبىلىك»
تىكى سالام هەققىدىكى بايانلارنىڭ روهىي مەزمۇنىدۇر . بۇنىڭدىن
باشقا مۇهەممەد سىدىق رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە» سىدە ، مۇهەممەد
سادىق قەشقەرىنىڭ «ئەدەبۇسسالىهىين» ناملىق ئەسىرىدە تۇرمۇش
ئەدەپلىرىگە ئائىت بايانلار ئىچىدە سالام ـ سەھەت هەققىدىكى
مەزمۇنلارمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ .

ئۇيغۇرلار سالام ـ سەھەتنى ئەخلاقىي هەرىكەتنىڭ ئەقەللىي
ئۆلچىمى دەپ قاراپ ، هەممە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ سالام
قىلىشتىن باشلىنىشىنى تەكىتلەيدۇ . ئۇيغۇرلار سالام قىلغاندا
باشقىلارغا نوقۇل تەرزدە قول ئىشارىسى قىلىپ قويۇش ياكى باش
لىڭشىتىپ قويۇش ۋە ياكى چاقىرىپ قويۇشتەك ئاددىي سۆز ـ
هەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلەنمەي ، ئەكسىچە قارشى تەرەپنىڭ ۋە ئۇ-
نىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ، مال ـ مۈلكىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەش ،
يېقىنلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىگە مايىللىقىنى ئىپادە-





لەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىدۇ ، شۇنداقلا
سەممىيلىكنى ، چوڭقۇر دوستلۇقنى ۋە هۆرمەتنى ئىپادىلەشتەك
مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشارىلەرنى ئىشلىتىدۇ . بۇنداق
قىلىش ئادەتلا ئەمەس ، بەلكى ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ مۇهىم تەركى-
بىي قىسمىغا ئايلىنىپ هازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

ئۇيغۇرلار باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارغا بولغان ياخشى
مۇئامىلىسى ۋە هۆرمىتىنى ئىپادىلەش تۈپەيلىدىن «ئەسسالامۇ ئە-
لەيكۇم» («سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» مەنىسىدە) ، «سالام» ،
«ئەسسالام» قاتارلىق ئەرەبچە ئىبارىلەرنى ، «تىنچلىقمۇ» ، ئوبدان
تۇردىلىمۇ» ، «ئەهۋاللىرى قانداق» ، «ئۆيئىچى تىنچلىقتۇ» ،
«ياخشىمۇسىز» ... غا ئوخشاش ئۇيغۇرچە ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ ،
ئەرلەر ئەرلەر بىلەن ئوڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپ ، ئەرلەر
بىلەن ئاياللار ئېگىلىپ ياكى ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە ئېلىپ ،
ئاياللار ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ ياكى ئوڭ قولىنى كۆكسى
ئۈستىگە قويۇپ ئۆزىنىڭ سالىمىنى ئىپادىلەيدۇ . سالام ـ سەھەتتە
تەبىقە ، مىللەت ، جىنس چەكلىمىلىرىگە ئۇچرىمىغان هالدا قىز-
غىن ، سەمىمىي سالام قىلىشنى ئەخلاق جۈملىسىدىن دەپ قاراپ
ئۇنى ئىمكانقەدەر تولۇق بەجا كەلتۈرىدۇ ، هەتتا بۇنداق سالام ـ
سەھەت ئۆزئارا تونۇشمايدىغان كىشىلەر ئارىسىدىمۇ داۋاملىق ئىجرا
قىلىنىدۇ . ئۇيغۇرلار پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپلا كىشىلەر-
گە سالام قىلىشنى ئائىلىدىكى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇهىم مەز-
مۇنلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرغان . ئۇيغۇرلار كەمتەرلىك ، ئىنسا-
نىيلىق ، سەمىمىيلىكنى سالام ـ سەھەتنىڭ ئاساسى دەپ بىلگەنلى-
كى ئۈچۈن ، ناۋادا بىرەر كىشى سالام ـ سەھەتنى بىلمىسە ياكى
پوزىتسىيىسى قىزغىنراق بولماي قالسا ، ئۇنداق كىشىنى «تەربى-
يىسىز» ، «تەكەببۇر» دەپ ئەيىبلەيدۇ ، قىزغىن ۋە تولۇق
سالام ـ سەھەت قىلىشنى ئادەت قىلغان كىشىلەرنى ماختايدۇ ،
ئۇنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرىدۇ . «سالامچى بولساڭ تۆرگە ئۆت» دې-

گەن خەلق ماقالى ئەنە شۇنداق مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن .
قىسقىسى ، ئۇيغۇرلاردا سالام ـ سەھەت بىر كىشىنىڭ ئەخلا-
قىي تەربىيىلىنىشى ، پەزىلىتى ، كەمتەرلىكىنىڭ ئۆلچىمى ، شۇن-
داقلا ئەقەللىي ئەخلاق ئۆلچىمى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ . بۇ سەۋەبتىن
ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە بىر ـ بىرىگە قىزغىن سالام ئارقىلىق
يېقىنچىلىق ، ھۆرمەت ياكى ئىززەت تۇيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىپ ،
ئۆملۈكنى ئادەتكە ، ئەنئەنىگە ، مۇھىمى مىللىي ئەخلاقنىڭ مۇھىم
مەزمۇنىغا ئايلاندۇرغان .

## 6 . ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق

ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق — ئەخلاقتىكى ۋاستە ھەم مەقسەت-
تۇر ، يەنى جەمئىيەتتە كىشىلەر ئىتتىپاقلىق ۋە دوستانىلىك ئار-
قىلىق ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ ،
شۇنداقلا ئۇيغۇن ، تەڭشەلگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ھامان ئىت-
تىپاقلىق ۋە دوستلۇق شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇيغۇر-
لارنىڭ نەزىرىدە دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق مەۋھۇم ئۇقۇملار بول-
ماستىن ، بەلكى ئۇ مەھەللە ، ئائىلە ۋە شەخسلەر بويىچە
بېرىش ـ كېلىش ، ئۆزئارا چۈشىنىش ، ھەمكارلىشىش ، دوستلى-
شىش ، مېھماندارچىلىق ، قوشنىدارچىلىق ، لاپقۇتلىشىش قاتارلىق
شەكىللەردە داۋاملىشىدىغان ، مەۋجۇتلۇق ھەم كۈچىيىشىنىڭ
ئۇل ـ ئاساسلىرىدىن بولغان بىرخىل پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ .
دوستلۇق ھەققىدە سۆز ئاچساق ، ئۇيغۇرلار دوستلۇققا ئېتىبار
بېرىپ ، دوستلۇقنى مۇھىم تۇرمۇش مىزانى سۈپىتىدە كۆرىدۇ ،
دوستلۇقنى ياشاشنىڭ تەقەززاسى دەپ تونۇيدۇ ، شۇڭلاشقا دوست-
لۇقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ ، ئۇنى ئىمكانقەدەر كەڭرەك بەجا كەل-
تۈرۈشكە تىرىشىدۇ . بۇنداق ئەنئەنە مۇنۇ جەھەتلەردە گەۋدىلىك
ئىپادىلىنىدۇ :





1 . كىچىكىدىن دوست تۇتۇش . ئۇيغۇرلاردا دوست تۇتۇش
بالىلىق دەۋرىدىلا باشلىنىدۇ ، بالىلارنىڭ دوستلۇقى ئۆزلىرىگە
خاس ۋەدە ـ ئەھدە ئاساسىغا ئورنىتىلغان بولىدۇ . بالىلار مەھەل-
لە ، مەكتەپ ، سىنىپ ، ھۈنەر ئۆگىنىش سورۇنلىرىنى بىرلىك
قىلىپ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ دوست تېپىپ ، لايىق شەكىللەر بىلەن
«قەسەمياد» قىلىپ دوستلۇق ئورنىتىدۇ . مۇشۇنداق دوستلۇق
ئاساسىدا ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىدا ، كۆپىنچە ئۆمۈرلۈك دوست-
لاردىن بولۇپ قالىدۇ .
2 . چوڭلار ئۈلگە بولۇش . ئۇيغۇرلاردا چوڭ كىشىلەر بالىلا-
رنى دوست تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ، ئۇلاردا دوستلۇق تۇيغۇسى-
نىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بالىلى-
رىنىڭ دوستلىرى ۋە تەڭتۇشلىرىنى كۆزىتىپ ، ئۇلارغا ئوبدان
بالىلار بىلەن ئۇرۇشماي ، تالاشماي ئويناشنى تاپىلايدۇ . بالىلارنى
دوستلىرى بىلەن غىزا ـ تاماقتا بىللە بولغۇزىدۇ ۋە بىللە ئوينىتى-
دۇ . چوڭلارنىڭ مۇنداق يېتەكلىشى ۋە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دوست-
لۇقنى قەدىرلەش ئەمەلىيىتى ئارقىسىدا ، بالىلارنىڭ دوستلۇق
چۈشەنچىسى ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەش ئېڭى تەدرىجىي يېتىلىدۇ ،
چوڭقۇرلىشىدۇ .
3 . دوستلۇقنى قەدىرلەش : ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئالاھىدىلىك
دوستلار ئارا سەمىمىي ، سادىق ، ۋاپادار بولۇش ، ئۆزئارا كۆيۈ-
نۈش ، بىر ـ بىرىدىن مال ـ دۇنيا ئايىماسلىق ، زۆرۈرىيەت
تېپىلسا جانلىرىنى بىر ـ بىرىگە پىدا قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنى-
دۇ . چوڭلار دوستلۇق مېھرىنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى ئۈچۈن بىر ـ
بىرى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئالاقە قىلىپ تۇرۇش ، مېھماندارچى-
لىق قىلىش ، ئۆزئارا دوستلۇقنى سىناش (مەسىلەن ، ئۆزئارا
دوستلۇقنى سىناش مەقسىتىدە قەدىمدىن تارتىپ «توپوق ئاداش»
دېگەندەك ئويۇنلار ئوينىلاتتى ) ئارقىلىق دوستلۇق مېھرىنى چوڭ-

قۇرلاشتۇرۇپ ماڭغاندىن باشقا ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىچىك ۋاقتى-
دىلا دوست قىلىپ قويىدۇ ، ھەتتا پەرزەنتلەر ئوغۇل - قىزلاردىن
بولۇپ قالسا ، ئۇلارنى كەلگۈسىدە چېتىپ قويۇشقا ۋەدىلىشىدۇ .
قىسقىسى ، ئۇيغۇرلار دوستلۇقنى بەك ئەزىزلەپ ، ۋاپادارلىق ، سې-
خىيلىق ، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشنى دوستلۇقنىڭ شەرت-
لىرى دەپ تونۇپ ، مەزكۇر ئەخلاقىي تەلەپلەرگە ھەرقاچان رىئايە
قىلىدۇ . كلاسسىكلىرىمىزمۇ دوستلۇق ھەققىدە مەنىلىك ھېكمەت-
لەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن . مەسىلەن ، ئەلىشىر نەۋائىي دوستلۇق
ھەققىدە شۇنداق دېگەن : «دوستنىڭ جاپاسىدىن تويۇپ كەتمە ،
دۈشمەننىڭ زۇلمىنى ئۇنتۇپ قالما » ، «دوستلارنىڭ قەدرىنى
بىل ، مەرتىۋەڭ كۆككە تاقاشقان بولسىمۇ ، دوستلىرىڭ بولمىسا
مەرتىۋەڭنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ » ، «دوستلارنىڭ خىزمىتىنى
قىل ، لېكىن ھەرگىزمۇ پايدا كېلەرمىكىن دەپ تەمەدە بولما » ،
«ياخشى دوست ياكى مەھبۇبە بىباھا گۆھەردۇركى ، ئۇنىڭغا پادى-
شاھلارمۇ ۋە كەمبەغەللەرمۇ موھتاجدۇر »[18] . ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىدىمۇ دوستلۇقنى قەدىرلەش ، دوستلار ئارا مۇئامىلە قى-
لىش قائىدىلىرىگە چېتىلىدىغان ياكى دوستلۇقنى تەرغىب قىلىدى-
غان نۇرغۇن تەركىبلەر بار . خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە دوست-
لۇقنىڭ پايدىسى ، دوست تۇتۇشنىڭ قائىدە - شەرتلىرى ھەققىدە
ئېسىل ئەخلاقىي ئۈگۈتلەر يەكۈنلەنگەن . مەسىلەن ، «ئاز قايغۇنى
ئاش باسار ، كۆپ قايغۇنى دوست باسار » ، «ئالتۇنغا توپا قونماس ،
دوستلۇق ئۇنتۇلماس » ، «ئەقلى يوق دوستتىن يامانلايدۇ ، قورسى-
قى توق تاماقتىن يامانلايدۇ » ، «بەختىڭگە خۇشال بولغان —
دوست » ، «دوست زىيانغا تەۋرىمەس ، تاغ قىيانغا تەۋرىمەس » ،
«دوستۇڭغا راست سۆزلە ، دۈشمىنىڭگە ماختان » ، «مېلىڭ مىڭغا
يەتكۈچە ، دوستۇڭ ئونغا يەتسۇن » ··· دېگەندەك ماقاللار ئۇيغۇرلار-
دىكى دوستلۇق ئەخلاقى مەزمۇنىدىكى ماقاللاردۇر .





ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆملۈك ھەققىدە گەپ ئاچساق ، بۇلار ئۇيغۇر
خەلقى قەدىرلەيدىغان ، ئىزدەيدىغان ، ئىنتىلىدىغان بىرخىل ئىج-
تىمائىي ئۇيۇشۇش شەكلىدۇر . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كەمبە-
غەل ، يېتىم - يېسىرلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتە يار - يۆلەك
بولۇش ، مېھماننى ياخشى كۈتۈش ، قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش ،
سالام - سەھەت قىلىشىش ، دوستلىشىش ··· قاتارلىق پەزىلەتلەر
ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆملىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن
ئېلىپ بارغان كونكرېت تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا
نەرسە ئەمەس . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆملۈك ، ئىتتىپاقلىق ئېڭى ۋە پەزى-
لىتى ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلەردە كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر-
يەت بولغانلىقى ياكى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان بەلگىلىمىلەر بول-
غانلىقىدىن شەكىللەنگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ئۇيغۇر جەم-
ئىيىتىنىڭ ئۆزىدىكى رېئال تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ بىۋاستە مەھ-
سۇلى ياكى نەتىجىسىدۇر . مەڭگۈ تاشلاردا ئىناقلىق ، ئىتتىپاق-
لىق ، ئۆملۈكنىڭ قۇدرىتى ، ئۇنداق بولماسلىقلارنىڭ زىيىنى كۆپ
تىلغا ئېلىنغان . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تىمۇ مەزكۇر تەشەببۇس-
نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «سۈرەن چىقسا ئۇرۇق - تۇغقان جەملى-
شەر ، دۈشمەن كەلسە خەلق توپى تەۋرىشەر »[19] دېگەندەك بىرقانچە
ماقال - تەمسىل خاتىرىلەنگەن .

ئىتتىپاقلىق — بىر مىللەت ياكى قوۋمنىڭ روناق تېپىشى ،
داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ، يات مىللەت تاجاۋۇزچىلىرىغا
ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ ، ئۆز زېمىنى ، ئابرۇيى ، مەدەنىيىتىنى
ساقلاپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي كۈچتۇر . تەپرىقە ، ئىختى-
لاپ ۋە چېچىلاڭغۇلۇق — بارلىق ئىجتىمائىي ئاپەت ياكى مىللىي
يوقىلىشنىڭ مەنبەسىدۇر . ئابدۇقادىر داموللا ئۆزىنىڭ كاتتا ئەسى-
رى «ئەقائىد زۆرۈرىيە » ( «زۆرۈر قائىدىلەر » ) دېگەن كىتابىدا :
«سوئال : مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغە بائىس نىمىدۇر ؟

جاۋاب : ئىككى نەرسىدۇر ، بىرى جەھىل ۋە نادانلىق ، ئىككىنچىـ
سى تەپرىقە ۋە ئىختىلاپتۇر . ھەر قوۋم ۋە ھەر مىللەتنىڭ خار
ۋە زەبۇن بولمىقىغە بائىس (سەۋەب ) نادانلىق ۋە نائىتتىپاقلىقـ
تۇر » ، «سوئال : ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر ؟
جاۋاب : ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر »[20] دەپ
يېزىش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنىڭ ئىنسان ئۈچۈن خۇددى بىلىمدەك
مۇھىم سۈپەت ياكى شەرت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان . ئۇيغۇرلار يۇرتـ
داشلىق ، قوشنىدارچىلىق ، مىللەتداشلىق ، كەسىپداشلىق ئۆلـ
چەملىرى ۋە ساھەلىرى بويىچە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى ، ئىناقلىقنى
ساقلاشقا ئېتىبار بېرىپ ، تەپرىقە ، ئىختىلاپ قىلىشتىن ئىمكانقەـ
دەر ساقلىنىدۇ . مەسىلىلەر كۆپىنچە قورال كۈچى ياكى زوراۋانلىق
ۋاستىسى بىلەن ئەمەس ، بەلكى مەسلىھەت ، كېلىشىش ، يول
قويۇش ئاساسىدا ھەل قىلىنىدۇ . «ئاغا ـ ئىنى ئىناق بولسا ئاش
تولا » ، «ئەمگەك قىلماي ھالاۋەت بولماس ، ئىناق بولماي كۈچ
بولماس» ، «تۆت كىشى بىر بولسا تاشتىن گۈل ئۈندۈرەر » ،
«كۆپچىلىك بىرلەشسە تاغنىمۇ يىقىتار » ، «كۆپ ياققان ئوتنىڭ
شولىسى كۆككە يېتەر» ، «يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس» ...
قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقلىق ، ئىـ
ناقلىق ھەققىدىكى ئەخلاقىي قاراشلىرى روشەن ئەكس ئېـ
تىپ تۇرىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىق قاتارلىق ئەخلاقىي تەـ
لەپلەر تەكىتلەنگەن ۋاقىتتا ، ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر
يۇرۇش تەلەپلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن ، ئاچ كۆز ،
ھەسەتخور بولماسلىق ، مەغرۇر ۋە ۋاپاسىز بولماسلىق ، پىتنىخورـ
لۇق ۋە ئىغۋاگەرچىلىك قىلماسلىق ، ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېـ
تىش ، باشقىلارنىڭ ھەققى (مال ـ مۈلكى ۋە ئابرۇيى ) گە چېقىلـ
ماسلىق ، سەۋر ـ تاقەتلىك ، قانائەتچان بولۇش ... دېگەندەك .





«قۇتادغۇبىلىك » تە يۇقىرىقى يامانلىقلار ھەققىدە شۇنداق
يېزىلغان :

«2002 بۇ ئاچ كۆزلۈك ئاغرىق ، داۋا يوق ئاڭا ،
جاھاندا ھېچكىم چارە تاپالماس بۇڭا .

2613 ھېرىستۇر تەمەخور ، تەمەخور يامان ،
تەمەخور ئاتالغاي قەلەندەر ھامان .

4212 قوشۇلما پىتنىخورغا ، بارما يېقىن ،
ئۇنىڭكىم تىلىدىن چىقار ئوت ـ چېقىن .

4247 بۇ دەرگاھتا كۆپرەك ھەسەتچى بولۇر ،
ھەسەت قايدا بولسا ئۇرۇش قوزغىلۇر .

4253 ھەسەت بىر كېسەلدۇر ، داۋاسى ئۇزاق ،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ ، سېزەر ئۇ ئاداق .

4414 پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل ،
پاسات نەدە بولسا خارلىق شۇندا ، بىل . »

ئەلىشىر نەۋائىمۇ «مەھبۇبۇلقۇلۇب » ناملىق ئەسىرىدە
پىتنە ـ پاسات ، ھەسەت ، بېخىللىق ، ئىغۋا ... لارنىڭ خارلىق ،
نابۇتلۇق ، ئابرۇيسىزلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېسىل
پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئىسلام دىنىدا كىشىلەر ئارا ھەسەتـ
خورلۇقنىڭ قەبىھ ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە «ئاللا بەندىلىرىگە
بايلىقلارنى ئۆزى خالىغانچە تەقسىم قىلىدۇ » دېگەن ئەقىدە ئاساسىـ
دا كەسكىن چەكلىمە ئوتتۇرىغا قويۇلغان . مۇھەممەد پەيغەمبەر
ھەسەتتىن ساقلىنىش ھەققىدە شۇنداق دېگەن : «ئۆزئارا دۈشمەنـ
لەشمەڭلار ، ھەسەت قىلىشماڭلار ، يۈز ئۆرۈشمەڭلار ، سىلەر رەـ
ھىمنى ئۇزۇپ قويماڭلار ، بەلكى ئاللانىڭ قېرىنداش بەندىلىرى
بولۇڭلار . مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىـ
شى توغرا ئەمەس »[21] . «قۇرئان » ۋە «ھەدىس» تە ئۇمۇمەن
كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، ئۆملۈكىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدىغان
ھەسەت ، رىيا ، ئالدامچىلىق ، زۇلۇم (بوزەك قىلىش ) ، پىتنە ـ

ئىغۋا ، خىيانەتكارلىق ... قا ئوخشاش سەلبىي ھەرىكەت ـ قىلمىشلار
قاتتىق چەكلەنگەن . بۇنداق چەكلىمە ۋە تەلەپلەر ئۇيغۇر ئەخلاقشۇ-
ناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ۋە
ئادەت ـ يوسۇنلىرىدىمۇ بەلگىلىك ئىزچىللىققا ئىگە .

خۇلاسە قىلغاندا ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقى-
دا بىر ـ بىرىگە بولغان ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، سىياسىي ،
مەدەنىي مۇئامىلىلىرىدە ئادىللىق ، توغرىلىق ، ئوتتۇرا ھاللىق ،
شەپقەت ، كەڭ قورساقلىق پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ
ھەرخىل مۇئامىلىسى ۋە مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ ، يۇقىرىدا ئېيتىل-
غان ھەرخىل سەلبىي خۇلقلارنى چەكلەپ ، ئۇيغۇن ، چىقىشقاق
خاراكتېرىنى ، ئۆم ، ئىناق ، ئىتتىپاق جەمئىيەت ئەندىزىسىنى
تەشكىل قىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە .

## 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاقە ئەخلاقى

تىل ئالاقىسى ئىنسانلارغا خاس بىر خىل ئىقتىدار ، شۇنداقلا
ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي
پائالىيەتلىرى جەريانىدا شەكىللىنىدىغانلىقى ، تەرەققىي قىلىدىغان-
لىقى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئەخلاقتىن ئىبارەت
ئىجتىمائىي ھادىسە بىلەن مۇقەررەر مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى
بەلگىلىگەن . تىل ئىشلىتىش ئىنساننىڭ بىرخىل ئارتۇقچىلىقى
بولسىمۇ ، ئەمما ھەرقانداق سۆزنى ئېيتىۋېرىش ئارتۇقچىلىق ھې-
سابلانمايدۇ . بۇ ، تىل ئالاقىسىدە ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە مىزانلىرى-
نىڭ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . ئالدىنقى پاراگرافتا تەھلىل
قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقى مۇقەررەر
رەۋىشتە ئاشۇ ساھەلەردىكى تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئامىللارنىد-
مۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، يەنى ماددىي جەھەتتە ياخشىلىق قىلىش ،
دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق ، قوشنىلارنى ، چوڭلارنى ۋە كىچىكلەرنى
ھۆرمەتلەش ، سالام ـ سەھەت جەھەتلەردىكى ئەخلاق مىزانلىرى شۇ





ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان تىللارغىمۇ قارىتىلغان بولىدۇ . بۇ يەر-
دە ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاقە ئەخلاقىنى ئايرىم تۈر قىلىپ بايان
قىلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى ، خۇددى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»
دە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر ماقالى «ئەدەپنىڭ بېشى — تىل»
(شۇ كىتاب ، 1 ـ توم ، 145 ـ بەت ) دا كەلگەندەك ، ئۇيغۇرلار
ئۇنى ئەخلاق تەشەببۇسلىرىدا بەكرەك تەكىتلەيدۇ ، كلاسسىك ئە-
دىبلەر ۋە ئەخلاقشۇناسلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە سۆز ئەخلا-
قىنى مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ بايان قىلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئىجتىمائىي ئالاقە تىلنى زۆرۈر ۋاستە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ،
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەڭشىلىشى مەسىلىسىدە تىل ئەخلا-
قى جەزمەن ئالدىن ئويلىشىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغان .

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى ، جۈملىدىن ھەرقايسى دىداك-
تىك ئەسەرلەر ، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ئەخلاق مەزمۇنىغا
باي ئۆرپ ـ ئادەتلەردىكى تىل ئالاقە ئەخلاقىدىكى نۇقتىلىق مەسى-
لىلەر ياخشى سۆزلەش ، تىلنى تىزگىنلەش ۋە كەم سۆزلۈك بو-
لۇش ، راست سۆزلەش ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ . تۆۋەندە تىل ئالاقە ئەخلاقىدىكى ئۆلچەملەر ۋە تەشەببۇس-
لارنى مۇلاھىزە قىلىمىز .

### 1 . ياخشى سۆزلەش

خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىب ئېيتقاندەك ، «تىل —
تەپەككۇر ، ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ تەرجىمانى» (162 ـ بېيىت ) ،
«ئەگەر تىل بىلەن سۆزلىمىسە ، ئالىمنىڭ بىلىمى زاھىر
بولماس» ، «ئۆلگەنلەردىن بىلىم مىراسىمۇ سۆز ئارقىلىق كېيىن-
كىلەرگە قالىدۇ» (270 ـ بېيىت ) . ئەخلاق — ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشنىڭ نورمىسى ، ھالبۇكى ئىجتىمائىي مۇنا-
سىۋەتلەر كۆپىنچە تىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ . تىلنىڭ قانداق
بولۇشى (يەنى سۆزنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ) ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتلەرگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ . دەل شۇ سەۋەبتىن ،

ھەربىر جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقىغا قارىتا مۇئەييەن ئەخلاقىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، تىل ئالاقىسىگە ئالاقىدار تەلەپلەرمۇ مۇقەررەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار سۆزنىڭ تۈرىنىڭ كۆپ خىل بولىدىغانلىقىدەك ئەمەلىيەت ئاساسىدا، سۆزلەرنىڭ ياخشى ياكى يامان بولىدىغانلىقىنى، ياخشى سۆزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلايدىغانلىقى ۋە شەخسكە شەرەپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ، كىشىلەرنى ياخشى سۆزلەرنى قىلىشقا، يامان سۆزلەرنى سۆزلىمەسلىككە چاقىرىدۇ. ئەخلاقشۇناسلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە ياخشى سۆز قىلىش، يامان سۆزدىن يىراقلىشىش ھەققىدە كۆپ تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە دەسلەپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە بىر قەدەر ئەتراپلىق تىل ئەخلاقى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ مۇلاھىزە قىلغان. مەزكۇر ئەسەردە تىل ئەخلاقى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، «تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى بايانىدا»، «ئايتولدىنىڭ ئېلىگكە تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە سۆزنىڭ پايدىلىرىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا» دېگەن خاس ئىككى باب ئىچىدە مەركەزلىك بايان قىلىنغان. مۇئەللىپ ئەسەردە ياخشى سۆزنىڭ نۇرغۇن مەنپەئەتى، يامان سۆزنىڭ نۇرغۇن زىيىنى بارلىقى توغرىسىدا ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى بارلىق پىكىرلەرگە ئۈلگە بولغۇدەك باياننى بەرگەن. مەسىلەن:

«163 قەدىرلىك قىلار تىل، تاپار بەخت كىشى،
قىلار ئەرنى تىل خار، كېتەر ھەم بېشى.
180 تۇغۇلغان ئۆلەر، كۆر، قالۇر بەلگىسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگىسىز.
181 ئەر ئىككى نېمەدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى ئىش، بىرى ياخشى سۆزى.
183 ئۆلۈمسىز ھاياتنى تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
قىل ياخشى، ئەي ھېكىم، خۇلقۇڭ ھەم سۆزۈڭ.





272 كىشى كۆركى سۆزدۇر، كۆپتۇر سۆز تۈرى،
تىلىم، ماختا خۇش سۆز كىشىنى، يۈرى!
274 ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.
1002 بۇ سۆز نەپىي بىرلە قوڭۇر يەردىكى
يېشىل كۆككە ئۆرلەپ، بولۇر تۆردىكى.
1311 ھەر ئىشتا شېرىن تىل بولۇش يولىن تۇت،
تىلىڭ بولسا شېرىن ساڭا كېلۇر قۇت.
2692 قىزىل تىل ـ قارا باشقا دۈشمەن يامان،
ئۇنىڭدىن ھەزەر قىل، ياشارسەن ئامان.
5221 يىرىك سۆزلىمە سەن، ئۆزنى چىڭ تۇتۇپ،
يىرىك سۆز قويۇر خەلق دىلىن توڭلۇتۇپ.»

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىدا شېرىن، ياخشى سۆز كىشىنى قەدىر ـ قىممەتلىك قىلىدۇ، ئۆرلىتىدۇ، بەخت ـ سائادەتلىك قىلىدۇ، كىشى نامىنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىشىغا ئاساس بولىدۇ؛ يامان سۆز بولسا كىشىنى خار قىلىدۇ، پەسلىتىدۇ، بەختىنى نابۇت قىلىدۇ، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداقتا ياخشى سۆز دېگەن قانداق بولىدۇ؟ يامان سۆز دېگەنچۇ؟ جاۋاش شۇكى، ياخشى سۆز — ئەقىل ـ بىلىم بىلەن ئېيتىلغان، بىلىپ تۇرۇش، كۆزىتىش ئاساسىدا ئېيتىلغان شېرىن، كىشى كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان سۆزلەردۇر. يامان سۆز بولسا بىلمەي، كۆزەتمەي تۇرۇپ كەلسە ـ كەلمەس ئېيتىلغان سۆزلەردۇر. ئەلشىر نەۋائىمۇ ياخشى سۆزلۈك بولۇشنىڭ پايدىسى، يامان سۆزنىڭ زىيىنى ھەققىدە شۇنداق دېگەن: «تىل ئوقىنىڭ كۆڭۈلدىكى يارىسى ساقايماس، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەلھەم (داۋا) بولالماس، ھەرقانداق كۆڭۈلگە تىلدىن جاراھەت يېتىدۇ، يۇمشاق سۆز، شېرىن تىلدىن راھەت يېتىدۇ. مۇلايىم سۆز ياۋايىلارنى دوستلۇققا باشلايدۇ، سېھىرگەر يىلاننى ئەپسۇن بىلەن تۆشۈكتىن چىقىرىدۇ»، «كىشى شېرىن سۆزلۈك بولۇپ گەپنى پاساھەتلىك قىلسا، باشقىلارنى ئۆزىگە قارىـ

تالايدۇ » ، «كۆڭۈلگە خاپىلىق كەلتۈرىدىغان قوپال ، راست سۆز-
دىن مۇلايىملىق ئارىلاشقان يالغان سۆز ياخشى » ، «ياخشى سۆز
بىلەن مەست ۋە بىھوش بولغاندا ، كىشى زەھەرنى شەربەت دەپ
ئىچىدۇ » ، «نۇرغۇن مال - دۇنيا سەرپ قىلىپمۇ يېتەلمىگەن
مەقسەتكە دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن بىر ئېغىز ياخشى سۆز بىلەن
يېتىش مۇمكىن »㉒ . يۇقىرىقى بايانىدىن نەۋائىنىڭ نەزىرىدىكى
ياخشى سۆزلەرنىڭ يەنە مۇلايىملىق بىلەن ئېيتىلغان سىلىق سۆز-
لەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ . مۇھەممەد
سىدىق رەشىدى ۋە مۇھەممەد سادىق قەشقەرىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئە-
سەرلىرىدە ياخشى سۆزلەشنى ئايرىم باب ئىچىدە بايان قىلمىغان
بولسىمۇ ، ئەمما تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئەدەپلەرنى
بايان قىلغاندا ياخشى سۆزلۈك بولۇشنى مۇھىم شەرت سۈپىتىدە
ئوتتۇرىغا قويغان . مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «ئەدەبۇسسالى-
ھىين » ئەسىرىدە مۇنداق تەۋسىيىلەر بار : «··· نۇتۇق سۆزلىگۈچى
گۈزەل ، قىسقا ، ئىخچام سۆز قىلىشى لازىم »㉓ .

قىسقىسى ، ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ياخشى
سۆزلۈك بولۇش ، يامان ، قەبىھ ، قوپال سۆزلىمەسلىك تەشەببۇسى-
دىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمىگەن بولۇپ ، خەلق ماقال - تەمسىللىرى-
دىن «ئادەم تىلى بىلەن تاش يارار ، تاشتىن ئۆتۈپ باش
يارار » ، «ئادەم ياخشى سۆزگە ئاتتىن چۈشىدۇ » ، «ئاغزى يامان
بالا تاپىدۇ ، ئاغزى يۇمشاق پاناھ تاپىدۇ » ، «توغرا سۆز تۆمۈرنى
تېشەر ، يۇمشاق سۆز قىلىچنى كېسەر » ، «قۇلاققا يەتكەن سوغۇق
گەپ يۈرەككە بېرىپ مۇز بولار » ، «ئىللىق سۆز جانغا ئارا ،
سوغۇق سۆز دىلغا يارا » ، «يامان تاياق تەندىن ئۆتەر ، يامان سۆز
جاندىن ئۆتەر » قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا ياخشى ، يۇمشاق ، شېرىن ،
مۇلايىم سۆزلۈك بولۇش ، قوپال ، سەت ، يامان سۆزدىن ساقلىنىش-
تەك ئەخلاق تەشەببۇسلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . «دىۋانۇ لۇغا-
تىت تۈرك » دە خاتىرىلەنگەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ كۆپى تىل





ئەخلاقىدىغا ئالاقىدار بولۇپ ، «تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىشەر »
(1 - توم ، 558 - بەت ) ، «ياخشى سۆز قەدەھكە ئىگە قىلىدۇ »
(1 - توم ، 615 - بەت ) ، «تىلى يامان ئەردىن تۇللۇق ياخشى »
(3 - توم ، 183 - بەت ) قاتارلىقلار ئەنە شۇلار ئىچىدىكى تىپىك-
رەكلىرىدۇر .

ئۇيغۇرلار ئەخلاق مەسىلىسىدە ياخشى سۆزلۈك بولۇشنى پەزى-
لەت ، يامان سۆزلۈك بولۇشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ . ئادەتتە
كىشىلەر بىر - بىرىگە قوپال ، ھاياسىز ، بىمەززە سۆزلەرنى قى-
لىشتىن ، تىللاش - ھاقارەتلەشتىن چەكلىنىدۇ . سالام - سەھەت-
لەردە ، تۇرمۇشتىكى ئېلىم - بېرىمدە ھامان ئۇيغۇر تىلىدىكى
يېقىملىق ، مەنىدار ، گۈزەل ، سىلىق ۋە شېرىن سۆزلەرنى ئىشلى-
تىپ بىر - بىرى بىلەن ئالاقە قىلىدۇ . گەپ - سۆزدە ئەخلاقسىز-
لىق قىلغان كىشىلەر جامائەت پىكرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا دۇچ
كېلىپ ، يامان سۆزلەش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ .
چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ، ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئارىسىدا ئاممىۋى
سورۇنلاردا ياخشى سۆزلۈك بولۇش — ئالاقە مىزانى قىلىنىدۇ .
ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىگەندە ئالدى بىلەن تىل
ئەخلاقى تەربىيىسى قىلىدۇ . بۇ خىل تەربىيىدە كىچىكلەر چوڭلار-
نىڭ نامىنى ئۇدۇل چاقىرماسلىق ، ھۆرمەت سۆزلىرىنى ئىشلى-
تىش ، «سەن» ئىبارىسىدىن كۆرە «سىز» ، «سىلى » ، «ئۆزلى-
رى » قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ، تەڭتۇشلار ئارا تىللاشماسلىق ،
ھاقارەتتىن ساقلىنىش ، شېرىن گەپ - سۆز بىلەن باشقىلارنى
تەسىرلەندۈرۈش ··· لەر مۇھىم مەزمۇن قىلىنىدۇ . خەلق ئىچىدى-
كى كۆپلىگەن مۇراسىملار ۋە يوسۇنلار كىشىلەر ئارا بولىدىغان
ياخشى سۆزلەر ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدۇ . خەلق ئىشەنچىدە تىل
بىلەن باشقىلارغا ئازار بېرىش ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىپ چەكلىنى-
دۇ . خۇددى ئەھمەد يۈكنەكى ئېيتقان «كىشىنى تىل بىلەن ئازاب-
لىما ، شۇنى بىلگىنكى ، ئوق يارىسى ساقىيىدۇ ، (لېكىن ) تىل

يارىسى ساقايمايدۇ »㉔ دېگەن بۇ ھەقىقەت ۋە خەلق ئىچىدىكى «دىل
ئازارى ، خۇدا بىزارى » دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئىشەنچنى ئەكس
ئەتتۇرىدۇ .

## 2 . تىلنى تىزگىنلەش ۋە كەم سۆزلۈك بولۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاقە ئەخلاقىدا تىلنى تىزگىنلەپ ئېھتى-
يات بىلەن سۆزلەش ۋە كۆپ سۆزلىمەسلىك — ئەخلاقشۇناسلىق-
رىمىز كۆپ تەكىتلىگەن ، خەلق مۇھىم ئەخلاق نورمىسى دەپ
قارايدىغان ھەم دىندا تەشەببۇس قىلىنغان بىر ئەخلاقتۇر . تىل
تىزگىنلەنمىسە ئېغىزغا كەلگەننى سۆزلەش سادىر بولىدۇ . ۋەھا-
لەنكى ، ئېغىزغا كەلگەننى سۆزلەش — ئەقىلسىزلىقنىڭ ئالامىتى ،
شۇنداقلا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان بىر
سەلبىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ . شۇ سەۋەبتىن تىلنى تىزگىنلەش ۋە
ئاز سۆزلەش قەدىمدىن تارتىپ ئېتىبارغا ئېلىنىپ كېلىنگەن
ئەخلاقىي تەلەپتۇر .

ھەرقايسى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەشەب-
بۇسلىرى كۆپ ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق . ئالايلۇق ، يۇسۇپ خاس
ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە شۇنداق تەۋسىيە قىلغان :

«167 سۆزۈڭنى كۆزەتكىن ، بېشىڭ كەتمىسۇن ،
تىلىڭنى كۆزەتكىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن .
169 ھەر ئىشتا تىلەسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ .
164 ئىشىكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل ،
ئەي ئۆيلۈك ھەزەر قىل ، بېشىڭ يەيدۇ بىل .
176 تىلىڭنى كۆزەت بەك ، كۆزىتىلەر باش ،
سۆزۈڭنى قىسقا قىل ، ئۇزىتىلار ياش .
998 بۇ ئايتولدى ئېيتتى ، سۆز ئورنىدۇر سىر ،
سۆز ئون بولسا ، سۆزلەشكە لازىمى بىر .





993 بىرى تىل ، ئۇ بىرى بوغۇز - گال ئېرۇر ،
ئەگەر تۇتسا چىڭ ، نەپئى دەريا ئېرۇر . »

ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق » ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر
بابىنى تىلنى تىزگىنلەش مەسىلىسىگە بېغىشلىغان بولۇپ ، ئۇ
ئېچىمۇ ئېنىق قىلىپ شۇنداق دېگەن : «بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سالغىن ، (ئۇلار) ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت — تىلنى تىزگىن-
لەش دەيدۇ . تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن ، ئەگەر
(ئۇ ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە ، چىشىڭنى چاقىدۇ . ئويلاپ سۆزلى-
گەن كىشىنىڭ سۆزى سۆز جەۋھىرىدۇر ... ئاغزىڭغا كەلگەننى
سۆزلەۋەرمە ، تىلىڭنى يىغىپ تۇت ، ئېغىز بوشلۇقى ئاخىر بېشىڭغا
چىقىدۇ ... كۆپ سۆزلىگەنلەردىن ئۆكۈنگەنلەر كۆپ . تىلنى تىز-
گىنلىگەنلەردىن ئۆكۈنگىنى قېنى ؟ ... تىلىڭنى تىزگىنلە ، ئاز
سۆزلىگىن ، تىلىڭنى تىزگىنلىسەڭ ، ئۆزۈڭ قوغدىلىسەن »㉕ .
ئەلىشىر نەۋائىمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان :
«تىلنى ئىختىيارىڭدا ئاسرىغىن ، سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن دې-
گىن . پەيتى كەلگەندە دەيدىغان سۆزنى دەۋال ، دېمەيدىغان سۆزنىڭ
يېنىغا يولىما » ، «تىلنى باشقۇرالايدىغان ئادەم دانىشمەن ، ئاقىل ؛
تىلغا ئەرك بەرگەن ئادەم ئېتىبارسىز ۋە قەدىرسىزدۇر » ، «دۇنيا
ئىشلىرىدىن ئەپسۇس چەكمەي دېسەڭ ، تىلىڭغا ئېھتىيات قىل ،
ئۇنى ئاسرا »㉖ .

تىلنى تىزگىنلەش ۋە تىلدىن ھەزەر ئەيلەش ھەرگىزمۇ سۆز-
لىمەسلىك دېگەن مەنىدە ئەمەس ، بەلكى كېرەكلىك سۆزنى ئېيى-
تىش ، سۆز قىلىشتا شارائىتقا قاراش ، بىھۇدە ، كۆپ سۆزلىمەس-
لىك ، سۆز قىلغاندا بىلىپ سۆزلەش دېگەنلىكتۇر . بۇ ئەخلاقىي
تەلەپنىڭ نېگىزى — ئاز سۆزلەش دېگەنلىكتۇر . ئاز سۆزلەش
ئىسلام دىندا تەرغىب قىلىنغان ئەخلاق ، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەخلاق-
شۇناسلىرى دائىم توختىلىپ ئۆتكەن مۇھىم مەسىلىدۇر . مۇھەم-
مەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر ھەدىس بار :

«كىشى گەپ ـ سۆزدە پەخەس بولۇشى كېرەك. گەپ ـ سۆزگە
پەخەس بولمىغان كىشى چوڭقۇرلۇقى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلى-
قىدەك كېلىدىغان دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ»[27]. ئىسلام دىنىدا
ئاز سۆزلەشنىڭ تەشەببۇس قىلىنغانلىقى، كۆپ سۆزلەشنىڭ چەك-
لەنگەنلىكى سەۋەبىدىن، شۇنداقلا ئاشۇ قىلمىقلارنىڭ رېئال نەتىجى-
سى ھەققىدىكى تونۇش سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى تىل-
نى تىزگىنلەشنى ئاز سۆزلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆپ تەۋسىيە-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. ئالايلۇق، يۈسۈپ خاس ھاجىب
«قۇتادغۇبىلىك»تە شۇنداق يازغان:
«171 تولا سۆزدە ئارتۇق پايدا كۆرمىدىم،
يەنە سۆزلەيمۇ پايدا ئالمىدىم.
172 تولا سۆزلىمە سۆز، بىرەر سۆزلە ئاز،
تۈمەن سۆز تۈگۈنىن بۇ بىر سۆزدە ياز.
173 كىشى بولغۇسى شاھ ئۆسۈپ سۆز بىلەن،
تولا سۆز بېشىڭنى قىلار يەر تۆۋەن.
176 تىلىڭنى كۆزەت بەك، كۆزىتىلەر باش،
سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ئۇزىتىلار ياش.
4332 تولا سۆزلىمە سۆز، تىلىڭنى كۆزەت،
تولا سۆزدە بولماس قەدىر ۋە قىممەت.»
يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ «سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ئۇزىتىلار
ياش» دېگەن ئەخلاقىي تەشەببۇسى ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا ئېيتى-
لىپ كېلىۋاتقان «تولا سۆزلىگەن ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ»
دېگەن ئېشەنچ بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىن سىرت، نەۋائى
تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ مەزكۇر ئەخلاق نورمىسىنى مۇنداق بايان
قىلغان: «كۆپ سۆزلەپ نادان بولۇپ قالمىغىن، كۆپ يەپ ھايۋان
بولۇپ قالمىغىن. چىن سۆز مۇئتەبەر، ياخشى سۆز مۇختەسەر
(راست سۆز ئېتىبارلىق، ياخشى سۆز قىسقا بولىدۇ). كۆپ
سۆزلىگۈچى زېرىكتۈرگۈچىدۇر، سۆزنى تەكرارلاۋەرگۈچى ئەقىل-





سىز كىشىدۇر»[28]. مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى «مەسنەۋى خارا-
باتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر بابىنى مەخسۇس كۆپ سۆزلەشنىڭ
قەبىھلىكىنى بايان قىلىشقا بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇ كۆپ سۆزلەش-
نىڭ يامانلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ سۈپەتلەپ، مۇنداق يازغان:
«ئەلھەزەر، يا ئەلھەزەر، ئەي ئەلھەزەر،
ھەر كىشى كۆپ سۆزلىسە قىلغىل گۇزەر.
ھەر كىشى كۆپ سۆزلىسە ۋەسۋاسىدۇر،
ئادىمى قەيدىدە يوق نەسناسىدۇر.
كىمكى خامۇش بولسا خەيرۇنناسىدۇر،
كىمكى كۆپ سۆزلۈكتۇر، شەررۇنناسىدۇر.»[29]
ئابدۇقادىر داموللا «مىفتاھۇل ئەدەب» ناملىق كىتابىدا ئاز
سۆزلۈك بولۇش ھەققىدىكى ئەخلاق قارىشى بايان قىلىنغان ئۆلگى-
لىك بىر شېئىرنى مىسال كەلتۈرۈپ، سۈكۈت ۋە ئاز سۆزلۈك
بولۇشنى ئەخلاق جۈملىسىدىن دەپ قارىغان. ئۇ شېئىردا مۇنداق
دېيىلگەن: «سۆز — زىنىنەتتۇر، سۈكۈت بولسا خاتىرجەملىكتۇر.
شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ سۆزلىمە. مەن سۈكۈت قىلغىنىمغا بىر قې-
تىممۇ پۇشايمان قىلمىدىم، ئەمما سۆزلىگىنىمگە كۆپ قېتىم پۇ-
شايمان يېدىم»[30].
خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىمۇ گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان
بولۇش، ئاز سۆزلەش، سۈكۈت قىلىش، كۆپ ۋە بىھۇدە سۆزلەش-
تىن ساقلىنىش ھەققىدە نۇرغۇن ئەخلاق تەلەپلىرى ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان. «ئات چاپساڭ ئالدىڭغا قارا، گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا
قارا»، «ئاز گەپ ـ توز گەپ، دىل ئارامى ـ ئۇز گەپ»،
«ئاغزىمدىن چىقتى توپاق، سولىيالماي بولدى يۇزۇم پورداق»،
«تولا گەپ داغ بولۇر، قىسقا گەپ ياغ بولۇر»، «تولا گەپ
ئېشەككە يۈك»، «كۆپ سۆزلىگەن كۆپ يېڭىلەر»، «كۆپ يېمى-
سەڭ سىھھەت تاپىسەن»... دېگەن ماقال ۋە تەمسىللەر ئەنە شۇنداق
تەلەپ ۋە تەشەببۇسلار بىلەن سۇغۇرۇلغان ئۆرنەكلەردۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك دىداكتىك ئەسەرلىرىدە ۋە
ماقال - تەمسىللىرىدە سۆزدە ئېھتىيات قىلىش، تىلنى تىزگىنـ-
لەش، ئاز سۆزلۈك بولۇش، سۈكۈت قىلىش ھەققىدىكى ئەخلاقىي
ئۇگۇتلەر شۇ قەدەر كۆپكى، بۇ يەردە ئۇلارنى بىر - بىرلەپ نەقىل
كەلتۈرۈشكە ئاجىزمىز.
قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئادەتتە كۆپ سۆزلەش، سۈكۈت قىلىشـ-
نى ۋە بايقاپ سۆزلەش (بىلىپ سۆزلەش)نى پەزىلەت دەپ قاراپ
تەرغىب قىلىدۇ. كىشىنىڭ بىلىمى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تەتۈر
تاناسىپلىق مۇنسىۋەتتە بولىدىغانلىقى، كىشىنىڭ بىلىمى قانچە
كۆپ بولسا ئاز سۆزلەيدىغانلىقى، ئەكسىچە بولسا كۆپ سۆزلەيدىـ-
غانلىقىنى «يېرىم چېلەك سۇ بەكرەك شالاقشىيدۇ» دېگەن تەمسىل
بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. چوڭلار كىچىكلەرگە تىل تەربىيىسى
قىلغاندا چىرايلىق ۋە ياخشى سۆزلەشنى ئۆگىتىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا، سۆزنى بىلىپ قىلىشنى، ئاز سۆزلەشنى ھەم تەكىتلەپ
ئۆگىتىدۇ. بالىلارغا سۆزلەش ئەركىنلىكى بېرىش بىلەن بىرگە،
ئۇلارنىڭ بىھۇدە سۆزلىشىنى چەكلەيدۇ. مەشرەپ سورۇنىدا ئاز
سۆزلەش ياكى سۈكۈت قىلىش — مەشرەپ سورۇنىنىڭ تۈپ ئىنـ-
تىزاملىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. تۇرمۇشتا كىچىكلەرنىڭ
چوڭلارنىڭ گېپىگە لوقما سېلىشى، باشقىلارنىڭ پارىڭىغا بىھۇدە
سۆز قىستۇرۇشى، مەززىسىز چاقچاق قىلىپ سۆزنى ئاۋۇتۇشى
بىردەك يامان ئېلىنىدۇ. كەم سۆز كىشىلەر ئومۇمەن ئەخلاقلىق
كىشىلەر جۈملىسىدىن سانىلىدۇ... ۋەھاكازا. دېمەك، تىلنى
تىزگىنلەش ۋە ئاز سۆزلەش — ئۇيغۇرلارنىڭ گەپ - سۆز ئەخلاقىـ-
دىكى ناھايىتى مۇھىم بىر مەزمۇن، شۇنداقلا ئالاھىدىلىك بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.

### 3. راست سۆزلەش ۋە ۋەدىدە تۇرۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىدە راست سۆزلۈك بوـ-





لۇش — مەردلىك ۋە سەمىمىيلىكنىڭ ئالامىتى، شان - شەرەپنىڭ
ئاساسلىرىدىن بىرى. راست سۆزلەشنى تەشەببۇس قىلىش، يالغان
سۆزلەشكە قارشى تۇرۇش — ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاقە ئەخلاقىدىكى
مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەخلاقىدا يالغان
سۆزلەشكە قارشى تۇرۇلىدۇ؟ ئەنئەنىۋى ئېتىكا ئىلمىدىكى قاراشـ-
لار بويىچە جاۋاب بەرگەندە، بىر شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يالغان
سۆزلەش — كىشىنىڭ ئۆز ئادىمىيلىكىدىن، ئابرۇيىدىن،
شان - شەرىپىدىن ۋاز كېچىشى، ئەخلاقىي ھاياتىنى نابۇت قىلىشى
بولۇپ سانىلىدۇ. يالغان سۆزلەش كىشىلەرنىڭ ئۆزگە ئىشىنىش
تۇيغۇسىنى ۋە ئېتىقادىنى خاراب قىلىدۇ ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا
ئىجتىمائىي ھاياتقا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. يالغان سۆزلەش كىشىـ-
لەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان ئالاھىدىـ-
لىكى بىلەن ئائىلىۋى تۇرمۇش، دوستلۇق ۋە تەربىيىدىن ئىبارەت
ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بۇزىدۇ. شۇڭا،
يالغان سۆزلەش يالغۇز ئۇيغۇر ئەخلاقىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەر
مىللەت، ھەربىر دىندا، ھەربىر مەدەنىيەتتە قەبىھلىك سۈپىتىدە
قارىلىدۇ. راست سۆزلەش ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا سەمىمىـ-
يەتكە تەۋە بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئارا مېھىر - مۇھەببەت
ۋە كۆيۈنۈشنىڭ تىلدىكى ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭ نېگىزى ئەنە شۇنداق
سەمىمىيەت ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈش بولغاچقا، ئەخلاقتا ھامان ئالقىشـ-
لىنىدۇ. يالغان سۆزلەش ئاشۇ سەمىمىيەت ۋە كۆيۈنۈشنى نابۇت
قىلىش بولغاچقا، ئەخلاقتا ھامان ئەيىبلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
راست سۆزلەش ياكى راستچىللىق مىللەتلەرنىڭ، كونكرېت ئېيتـ-
قاندا كىشىلەرنىڭ مەرىپەت دەرىجىسى، ساپاسى بىلەن باغلىنىشلىق
بولىدىغان بىر خىل ئەخلاق ئېڭى ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەتتۇر.
ئۇيغۇرلار كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىلەردە مەرد، سەمىمىي،
چىن بولۇشنى خالايدىغان ياكى تەلەپ قىلىدىغان مىللىي خاراكـ-
تېرگە ئىگە، بولۇپمۇ مەردلىك (ئەركەكلىك) ئەخلاقى ئالاھىدە

تەكىتلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چىنلىق ، راستچىللىق
ئاشۇ مەردلىكنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىپ كەلگەن .
ئۇنىڭدىن تاشقىرى ، راست سۆزلەش ھەرقايسى دىنلاردا تەكىتلەن-
گەن بىر ئەخلاقتۇر . ئاشۇ مىللىي خاراكتېر ۋە دىنىي ئەخلاقنىڭ
تەسىرىدە ئۇيغۇرلاردا راست سۆزلەشتە چىڭ تۇرۇش ، يالغان سۆز-
لەشكە قارشى تۇرۇشتەك تىل ئالاقە ئەخلاقى نورمىسى شەكىللىنىپ
مۇقىملاشقان .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشەنگەن دىنلاردا راستچىللىق ،
دۇرۇسلۇق — دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ ھېسابلانغان . مانى دىنى-
دىكى پەرھىز — «ئۈچ بەند» نىڭ بىرى بولغان «ئېغىز بەند»
نىڭ يادرولۇق مەزمۇنى دەل يالغان سۆزلىمەسلىكتۇر . بۇددا دىنى-
دىكى «بەش پەرھىز» (Pancasila) ، «سەككىز پەرھىز» ۋە «ئون
پەرھىز» (Siksapada) لەرنىڭ بىرىنچىسى — يالغان سۆزلىمەس-
لىك بولسا ، نىرۋاناغا ۋە ئارخاتلىق ماقامىغا يېتىشنىڭ شەرتىمۇ
ھەم سۆزنىڭ دۇرۇسلۇقى (راستچىللىق) ۋە نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇ-
قى (سەمىمىيلىك) دۇر . ئىسلام دىنىدا راستچىللىق — ئىمان
ۋە ئىسلامنىڭ تولۇقلىمىسى دەپ قارىلىدۇ . «قۇرئان» دا «ئى
مۆئمىنلەر ! ئاللادىن قورقۇڭلار ، راستچىللار بىلەن بىللە بو-
لۇڭلار» ، «راست سۆزنى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ
قىلغان كىشىلەر — ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر»㉛ دېيىلگەن .
مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ بىرىدىمۇ : «راستچىللىقنى
چىڭ تۇتۇڭلار ، راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ ، ياخشىلىق جەن-
نەتكە باشلايدۇ . بىر ئادەم داۋاملىق راستچىل بولىدىكەن ۋە راست-
چىللىقنى چىڭ تۇتىدىكەن ، ئاخىرى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ‹راست-
چىل› دەپ يېزىلىدۇ . يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار ، يالغانچىلىق
بۇزۇقچىلىققا باشلايدۇ ، بۇزۇقچىلىق دوزاخقا باشلايدۇ . بىر ئادەم
داۋاملىق يالغان ئېيتىپ يالغانچىلىقنى چىقىش قىلىدىكەن ، ئاخى-
رى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ‹يالغانچى› دەپ يېزىلىدۇ» ، «راستچىل-





لىق — خاتىرجەملىكتۇر»㉜ دەپ بۇيرۇلغان . كۆرۈشكە بولىدۇ-
كى ، مۇشۇنداق دىنىي چەكلىمىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ راستچىللىق ئەخ-
لاقىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان .
مۇناسىپ رەۋىشتە ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە يال-
غان سۆزلەشنىڭ قەبىھلىكى ، زىيىنى ، راستچىللىقنىڭ ياخشىلىقى
ۋە پايدىسى ھەققىدە كۆپ ئەخلاقىي تەشەببۇسلارنى قالدۇرۇپ كەت-
كەن . ئالايلۇق ، «قۇتادغۇبىلىك» تە شۇنداق يېزىلغان :

«1326 تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سۆزۈڭ ،
بۇ يالغان بىلەن خار بولۇر سەن ئۆزۈڭ .
1671 كىمىكى ئاتالسا بۇ يالغان بىلەن ،
يوقالماس ئۇ نامى نە قىلغان بىلەن .
2037 ياماندىن ياماندۇر ئەي ساھىبقىران ،
ئەگەر ئاتىلىپ قالسا يالغانچى خان .
2039 يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر ،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئوساللىق قىلۇر .
4297 ياشاي ئابرۇي بىلەن دېسەڭ سەن ھامان ،
يالغاننى چىقارما تىلىڭدىن ھەرئان .
4300 تىلەسەڭ سۆزۈڭنىڭ ئۆتكۈر بولۇشىن ،
سورالغاندا سۆزلە سۆزنى توغرا ، چىن .
5074 جاھانغا ئېلىگ بولمىسۇن ئول كىشى ،
سۆزى بولسا يالغان ، غەزەپلىك ئىشى .
5878 بۇ يالغانچى بىرلە بۇزۇلۇر ئاجۇن ،
دۇرۇس ، چىن كىشى تۇت ،
ئى قولى ئۇزۇن .»

شۇ ھەقتە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا شۇنداق يېزىلغان : «ئەگەر
بىر كىشىدە (مۇنۇ) ئىككى نەرسە بىرىكسە ، ئۇ كىشىگە ئادەمگەر-
چىلىك يولى ئېتىلىدۇ : (ئۇنىڭ) بىرى قۇرۇق گەپنى كۆپ قى-
لىش بولسا ، ئىككىنچىسى يالغان سۆزلەشتۇر . يالغانچىدىن يىراق

تۇرغىن ۋە تەزگىن ، ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈزگىن ،
راست گەپ قىلىپ ئېغىز ۋە تىلىڭنى بېزە ...» ، «راست گەپ
ھەسەلدەك ، يالغىنى پىياز . ھەسەل يېگىن ، پىياز يەپ ئاغزىڭنى
ئاچچىق قىلمىغىن »㉝ . دەرۋەقە ، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىل-
لىرىدىمۇ راستچىللىقنىڭ پايدىسى ، يالغان سۆزلەشنىڭ زىيىنى
ھەققىدە «راست سۆزنىڭ خىجالىتى يوق» ، «راستلىققا زاۋال
يوق » ، «بىر ئېغىزدا ئىككى خىل گەپ قىلما » ، «يالغان سۆزنىڭ
ئۆمرى قىسقا» ... قاتارلىق بىر قاتار پىكىرلەر بولغاندىن سىرت ،
خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىدىمۇ يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى توغ-
رىسىدىكى ھېكايىلەر پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ .

يۇقىرىقىدەك ئەخلاقىي ئۆگۈتلەرگە يارىشا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى-
نىڭ تۇرمۇشىدا راست سۆزلەشكە ، يالغان سۆزنى قىلماسلىققا ،
دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش (ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ) قا ئادەتلەنگەن .
ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى راست سۆزلۈك بولۇش ئارقىلىق
بالىلىرىغا ئۈلگە بولىدۇ ، بالىلار يالغان سۆزلەپ قالسا ، ئۇلارغا
قاتتىق تەنبىھ بېرىپ ، راست سۆزلەشكە دەۋەت قىلىدۇ . دائىم
يالغان سۆزلەيدىغان كىشىلەر جامائەت تەرىپىدىن «كاززاپ»
( «دائىم يالغان سۆزلىگۈچى» مەنىسىدىكى ئەرەبچە سۆز ) دەپ
ئاتىلىپ ، ھۆرمىتىدىن ، ئابرۇيىدىن مەھرۇم بولىدۇ ، باشقىلار-
نىڭ ئىشەنچىدىن قالىدۇ ، كىمكى بۇ نامنى ئېلىپ قالسا ئۇنىڭدىن
ئۇزاققىچە قۇتۇلالمايدۇ . كىشىلەر ئېلىم - بېرىمدە ، سودا -
تىجارەتتە دۇرۇس بولۇش ۋە راست سۆزلەشنى مۇھىم مىزان
ھېسابلايدۇ . بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلار «ۋاپاسىز» ،
«نامەرد» دەپ ئاتىلىپ ، جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ .
خۇددى خەلق تەمسىلى «قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار» ، «يال-
غانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» ... لاردا ئېيتىلغاندەك ، يالغان
سۆزلەش ھامان ئەقىللىق خەلقنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي-
دۇ . ئومۇمەن ئالغاندا ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىرغىچە كىشىلەر





مەردلىك ، ئىززەت - ئابرۇي ، سەمىمىيەت ۋە دىنىي ئېتىقاد مەۋ-
قەلىرىدىن چىقىپ تۇرۇپ ، چىن سۆزلەش ، يالغان ئېيتماسلىق ،
ۋەدىسىدە تۇرۇشنى مۇھىم ئەخلاق نورمىلىرى سۈپىتىدە ئىجرا
قىلىپ ، ئۇلارنى ئۆرپ - ئادەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ، مىللىي
خاراكتېرىگە خېلى چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ ، ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان .

## 4 . باشقا سۆز ئەخلاقى

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئەخلاقىدا يۇقىرىقىدەك ئەخلاق نورمىلىرى
ۋە ئەخلاق ئادىتى بولغاندىن تاشقىرى ، يەنە خۇشامەت قىلىشقا ،
تۆھمەتخورلۇققا ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە قارشى تۇرىدىغان ،
جىنسىيەتكە چېتىلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى ئاممىۋى سورۇنلاردا
ئوچۇق دەپ يۈرمەيدىغان ئەخلاق تەلەپلىرى مەۋجۇت .

تۆھمەتخورلۇق يالغانچىلىقتىكى بارلىق رەزىل ، پەسكەش نەر-
سىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن ، ئۇنى باشقىلارنىڭ نام -
ئابرۇيىغا قىلىنغان ۋەھشىيانە تىل ھۇجۇمى دەپ قاراشقا بولىدۇ .
تۆھمەتخورلۇق كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە ئېغىر دەخلى يەتكۈزىد-
غانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ھەممە جەمئىيەتتە بىردەك چوڭ ئەخلاقسىزلىق
دەپ قارىلىدۇ . ئۇيغۇرلار بىراۋنىڭ يامانلىقى بولغان تەقدىردىمۇ
ئۇنى تۆھمەت توقۇپ قارىلاشنىڭ ئەكسىچە ، ئەپۇچانلىق بىلەن
كەچۈرىدۇ . تۆھمەت ، ئىغۋا ، پىتنە - پاسات سۆزلىگۈچىلەر ھەر
ۋاقىت كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ ، ئابرۇيىدىن ، ئىشەنچتىن
مەھرۇم بولىدۇ . «كۆپ يامغۇر يەرنى بۇزار ، پىتنە - پاسات ئەلنى
بۇزار» ، «ئىغۋاگەر ئۆز بېشىنى يەر» دېگەن ماقاللاردا كەلگەن-
دەك ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزىدىغان ، كىشىلەرنىڭ قەدىر -
قىممىتى ، غۇرۇرىغا تېگىدىغان پىتنە ۋە ئىغۋا ئۆتكەن دەۋرلەردە
شەرىئەت تەرىپىدىن ۋە خەلقنىڭ ئەخلاق ئادىتى تەرىپىدىن چەكلەن-
گەن بولسا ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار كىشىلىك ھوقۇققا قىلىنغان
تاجاۋۇزچىلىق سۈپىتىدە دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن چەكلەنمەكتە .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە خۇشامەت قىلىش قاتتىق ئېغىر ئىلل-
نىدىغان ئەخلاقسىز قىلمىشتۇر. خۇشامەت مۇناپىقلىق (ئىككى
يۈزلىمىلىك) بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۆتكەنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر-
لاردىكى مەردلىك، سەممىيلىك، راستچىللىق قاتارلىق تۈپ ئەخ-
لاق ئېڭى سەۋەبىدىن، كىشىلەر ئارا خۇشامەت قىلىشىشنىڭ ئور-
نىدا راستچىل بولۇش، ئەمەلىيەتنى سۆزلەش ئادەتكە ئايلانغان.
ئىسلام دىنىدا خۇشامەتچىلىك ئۇقۇمىغا يېقىن كېلىدىغان ئۇ-
قۇم — رىيا بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى كۆز - كۆز
قىلىش ياكى باشقا كىشىلەرنى يۈزىدە ماختاپ، ئەمەلىيىتىدە باشقى-
چە يول تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، خۇشامەت — مۇناپىقلىق
ۋە رىيانىڭ مەنىداش شەكلى بولۇش سۈپىتىدە ئىسلام دىنىدىمۇ
قاتتىق چەكلەنگەن. ئىسلام دىنىدا رىيا — ئاللاغا شېرىك كەلتۈ-
رۈشتەك چوڭ گۇناھنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرىدىغان چوڭراق گۇناھ
دەپ بېكىتىلگەندىن باشقا، يالغان سۆزلەش، ۋەدىسىدە تۇرماس-
لىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ۋە سەت تىللار بىلەن جېدەل-
لىشىش — مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ھۆكۈم قىلىنغان㉞. ئەنە
شۇنداق دىنىي بەلگىلىمە سەۋەبىدىن مۇسۇلمان ئۇيغۇر كىشىلەر-
نى ئۆزلىرىدە بولمىغان سۈپەتلەر بىلەن ماختاپ، ئارقىدىن باشقىچە
سۆز - ھەرىكەتلەردە بولۇشتىن، تىل بىلەن دىلنى بىر قىلماسلىق-
تىن ساقلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ئويغۇن تىل ئالاقە ئەخلا-
قىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

خۇددى ھايا ۋە نومۇس نۇقتىسىدىن چىقىپ، جىنسىي ئەخلاق
ساھەسىدە قاتتىق چەكلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرىنىڭ تىل ئالاقىسىدە ھەم جىنسقا چېتىلىدىغان گەپ -
سۆزلەرنى قىلىشتىن ئىمكانقەدەر قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئاممىۋى
سورۇنلاردا جىنسىي ئەزا ھەققىدە ۋە جىنسىي تۇرمۇش ھەققىدە
سۆز قىلىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قەبىھ ئەخلاقسىزلىق جۈملىسى-
دىن سانىلىدۇ. كىمكى شۇ خىلدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئىختىيا-





رىي يوسۇندا تىلغا ئالىدىكەن، ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي كەيپىيات
دەرھال جىددىي سىياقتا ۋە تەنقىدىي پوزىتسىيىگە تولىدۇ. شۇ
خىلدىكى گەپ - سۆزلەرنى قىلغۇچىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈ-
رۈپ قويۇلىدۇ. ئەگەر جىنسىي ئەزا ۋە جىنسىي ئالاقىگە دائىر
گەپ - سۆزلەرنى ئېيتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، كىشىلەر ئېۋىپ-
مىستىك ئۇسلۇب (سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتىش ئۇسلۇبى) بىلەن
ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. دېمەك، جىنسقا ئائىت سۆزلەرنى
قىلىش — ئۇيغۇر ئەخلاقىدا يامان ئىپلىنىدىغان ئىشلا ئەمەس، يەنە
كەڭ ئومۇملاشقان تىل پەرھىزىدۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاقە ئەخلاقى چېتىلىدى-
غان دائىرىسى كەڭرى، تەلەپلىرى قاتتىق، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت
ئەنئەنىسىگە ۋە ئائىلە تەربىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن ئەخلاق ساھەسى
بولۇپ، تىل ئەخلاقىنى ئومۇمىي ئەخلاقنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا
قويۇپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدىكى يەنە بىر
ئالاھىدە تەرەپ ياكى ئارتۇقچىلىق دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىت ئەخلاقى

ئەخلاق — ئەسلىدە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئادەملەر بىلەن
ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەڭشىلىشى، تىزگىن-
لىنىشى ھەققىدىكى قائىدە - مىزانلاردىن ئىبارەت. ئەمما، ئادەم
بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىۋاسىتە چېتىلمايدىغان، لېكىن
ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەڭشىلىشىگە ۋاسىتىلىك
تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرىكەت - قىلىق بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا
ئۇ ھەرىكەت - قىلىقلارنى ئەخلاق كاتېگورىيىسى ئىچىدە مۇلاھىزە
قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەخلاق بۇ
يەردە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىدىن ھالقىپ،
ئادەملەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئادەم بىلەن تەبىئەت

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ.

ئىنسانلار تارىخى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تەبىئەت بىلەن
ئۇيغۇنلىشىش، ماسلىشىش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدى-
لىنىش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت
بىلەن «كۈرەش» قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن «غالىب» كېلىش
شوئارى ۋە ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، تەبىئىي بايلىقلارنى پىلان-
سىز قېزىپ ئىشلىتىپ، تەبىئەتنىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزۇشى نەتى-
جىسىدە، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلاردىن «قىساس» ئېلىشى نۆۋەتتە بار-
غانسېرى روشەن بولماقتا. بۇ مەسىلە ھەققىدە بۇنىڭدىن يۈز نەچچە
يىل ئىلگىرىلا ئېنگېلس ئەسكەرتىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئىنسان-
لار تەبىئەت ئۈستىدىن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىمىزدىن ئار-
تۇقچە مەستخۇش بولۇپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. مۇشۇنداق ھەربىر
قېتىملىق غەلىبىگە نىسبەتەن تەبىئەت بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ. ھەربىر
قېتىملىق غەلىبىدە دەسلەپتە ھەقىقەتەن بىز كۆزلىگەن نەتىجىگە
ئېرىشىمىز. ئەمما كېيىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن ئوخشىمىغان،
بىز ئويلاپ باقمىغان تەسىرلەر پەيدا بولۇپ، ھامان ئۇ تەسىرلەر
دەسلەپكى نەتىجىلەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ»㉟. مانا مۇشۇنداق تەبى-
ئەتكە قۇللارچە بويسۇنۇپ ياشاش يولىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى
ياخشىلاش، گۈزەللەشتۈرۈش يولىنى تۇتۇپ، ئۆز مۇھىتىنى ياخ-
شىلاپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەبىئىي مۇھىتقا ئالاقىدار
ئەخلاق ئېڭى، ئەخلاق نورمىلىرىنى ئەسلەش ۋە مۇلاھىزە
قىلىش — ئەرزىيدىغان تېما بولۇپ سانالسا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ياشاپ كەلگەن مۇھىتنى ئاسراش ئېڭى
ۋە مۇناسىپ تەدبىرلىرىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي، ئىجتىمائىي، جۇغ-
راپىيىۋى، دىنىي سەۋەبى بار. ئادەتتە مۇھىت ئېڭى بىر مىللەت-
نىڭ تەبىئىي مۇھىت ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلىرى، تەبىئىي
مۇھىتنى قوغداش ھەققىدىكى بىلىشى ھەمدە شۇ جەھەتتە قوللانغان
تۈرلۈك تەدبىرلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مۇھىت





ئېڭى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئىي ياشاش مۇھىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ
ئاشۇ مۇھىتنى ياخشىلاش پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. بىراق،
مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى تىپىك بىر ئەھۋال شۇ-
كى، بۇنداق مۇھىت ئېڭى كۆپىنچە نوقۇل ماددىي ھالەتتە تۇرغان
بولماستىن، ئۇنىڭغا بىر قاتار مەنىۋى (ئەقىدىۋى) ئامىللار ئارى-
لىشىپ كەتكەن بولىدۇ. دەل ئاشۇنداق ماددىي مۇھىت ۋە ئۇنىڭغا
ئائىت ئەقىدىلەر مىللەتنىڭ مۇھىت ئېڭى ۋە مۇھىت ئەخلاقىنىڭ
تارىخىي ئىزچىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار مۇقىم بوستانلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان،
چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلى قىلغان مىللەتتۇر. ئۇلار
مىڭ يىللار مابەينىدە ياشاپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن
شىنجاڭ كىلىمات جەھەتتىن قۇرغاق، سۇ مەنبەسى تولىمۇ كەم-
چىل، قۇملۇق ۋە ئۇنۇمسىز يەرلەر كۆپ، بورانلىق ھاۋا كۆپ
كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان رايوندۇر. مۇشۇنداق ناچار ئېكولوگىيىلىك
مۇھىت شارائىتىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئىرادىسى ۋە
ئىچكى مەدەنىيەت قۇۋۋىتى (كۈچى) نىڭ تۈرتكىسىدە، قۇرغاقچى-
لىق ۋە قۇملۇقنى ئاكتىپ تىزگىنلەپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە
خاس بوستانلىق ـ دېھقانچىلىق ئەندىزىسىدىكى مەدەنىيەتنى بەرپا
قىلدى. شىنجاڭنىڭ چەكسىز چۆللۈكى ۋە يايلىقىدا پارچە ـ پارچە
بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىشتا ئۇلار تەبىئىي مۇھىتنى قوغداشقا
ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مۇ-
ھىت ئاسراش ئېڭى ۋە ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى ئەنئەن-
ۋى ئادەت دەرىجىسىگە يۈكسەلدۈردى.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنىڭ شەكىللى-
نىشى، ئۇنىڭ ئاساسلىرى، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىپادىلىرى ۋە
ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىتنى قوغداش ئەخلاقىي
ھەرىكىتى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1 . ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىت ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى-دىكى نەزەرىيىۋى ئامىللار

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مۇھىت ئەخلاقى ئۇلارنىڭ مۇھىت
ھەققىدىكى تۇپ قاراشلىرىنى مەنبە قىلىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىت
ئېڭى ياكى مۇھىت قارىشى تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزىدىكى ماددىي
خۇسۇسىيەتلەرنى بىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇنى سىرلىقلاشتۇ-
رۇپ چۈشىنىشىدەك قوش تەرەپلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە . تەبىئەتنى
سىرلىقلاشتۇرۇپ ياكى ئىلاھلاشتۇرۇپ چۈشىنىش جەھەتتىن سۆز
ئاچقاندا ، مۇھىت قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ،
تۇپراققا چوقۇنۇش ، سۇ ۋە ھاۋاغا چوقۇنۇش ئېتىقادلىرىدا ھەم
ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى ئەم - ئىرىم ئەنئەنىلىرىدە ئۆز ئىپادى-
سىنى تاپقان . ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىسىدە
دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر تۆت زات (ئوت ، ھاۋا ، سۇ ، تۇپراق )
تىن يارىتىلغان ، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى
يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇققا مۇناسىۋەتلىك ، دېگەن قاراش گەۋدى-
لەندۈرۈلگەن . ئۇلار مۇشۇ قاراش بويىچە ئاسماننى بارلىق جانلىق-
لارنىڭ ھاياتىغا باشپاناھ بولغۇچى كۆك گۈمبەز دەپ تەسەۋۋۇر
قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىنى «كۆك تەڭرى»
ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن . كۆككە بولغان ئېتىقادى «كۈن
تەڭرىسى» گە مەركەزلەشكەن ھالدا يۇلتۇز ، ئاي ، بۇلۇت ، شامال ،
يامغۇر ، قار ، چاقماق قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى ۋە ھادىسىلى-
رىگە بولغان ئېتىقادىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . بۇ ئەقىدىلەرنىڭ
ھەممىسى ئەنە شۇ «تۆت زات» قارىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ،
ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى-
گە ئاساس بولغان[36] .

قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇھىتنىڭ ئەڭ ئاساسىي قوغدى-
غۇچىسى بولغان ، شۇنداقلا ئۆزلىرىگە پايدىسى زور بولغان ئۆسۈمە-
لۈكلەرنى ئاسراشنى ئەينى زامانلاردىلا قانۇنلاشتۇرغان . مەسىلەن ،
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قەدى-





مىي كىچىك دۆلەت — پىشامشان (كىروران ) پادىشاھلىقىدىكى
كارۇشتى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن ئورمان قانۇنىدا «ھەر كىمنىڭ
ئۆز ئىختىيارىچە دەل - دەرەخلەرنى كېسىشى مەنئى قىلىنىدۇ ،
دەل - دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن كەسكۈچىلەرگە كىم بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ . دەرەخنى ئۆسۈش ۋاقتىدا
كېسىش چەكلىنىدۇ . دەرەخنىڭ چوڭ شېخىنى كەسكۈچىلەرگە بىر
سىيىر جەرىمانە قويۇلىدۇ»[37] دېيىلگەن . بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ
ئۆز مۇھىتىنى بالدۇرلا ئاسراشنى بىلگەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى
ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك . ئۇيغۇرلار ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان ،
مەنپەئەت بەرگەن شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاسراپ ۋە قەدىرلەپ
كەلگەن . بولۇپمۇ بەزى جانلىقلارنى (بۇلبۇل ، بۆرە ··· ) ئۆزلىرى-
نىڭ قۇت نىشانى ، تەڭرى بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستى-
چى ياكى مۇقەددەس نەرسە دەپ بىلگەنلىكتىن ، ئۇلارنى ئۇلۇغلاش
پوزىتسىيىسىدە بولغان ۋە شۇ ئاساستا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان
مۇھىت ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن ، دەل مۇشۇنداق مۇھىت ئېڭى
تەدرىجىي رەۋىشتە مۇھىت ئەخلاقىنىڭ مەنىۋى ئاساسى بو-
لۇپ قالغان .

### 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىت ئېڭى ۋە مۇھىت ئەخلاقىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى

1 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆسۈملۈك ئاسراشقا ئالاقىدار ئەخلاقىنىڭ
ئىپادىلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراشقا دائىر ئەخلاقىي قا-
راشلىرى ئۇلارنىڭ مۇقەددەسلىك قاراشلىرى نۇقتىسىدىن بەزى
ئۆسۈملۈكلەرنى قالايمىقان كەسمەسلىك ، ئورمان ۋە باغ ئەھيا
قىلىش ، كۆكەرتىشكە بولىدىغانلىكى جايلارنى دەرەخ تىكىپ كۆ-
كەرتىش ، ئۆسۈملۈك ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ ناملىرىنى ھەرقايسى
تەرەپلەرگە تەتبىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدە يالغۇز دەرەخنى كەسمەس-

لىك ، قەدىمىي تەۋەررۇك دەرەخلەرگە تېۋىنىپ ئوغۇل پەرزەنت ،
يامغۇر ۋە ئامانلىق تىلەشتەك ئەقىدە ئىپادىلىرىمۇ راۋاج تاپقان .
مۇشۇنداق قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە ، مەلۇم مەزگىللەردە ئەۋج ئالغان
ئەسەبىيلەرچە دەرەخ كېسىش ھەرىكىتىدە ئامان قالغان 500 يىل-
دىن 2000 يىلغىچە تارىخقا ئىگە چىنار ، ئەنجۈر ، ياڭاق …
دەرەخلىرى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن مەزگىللەرگە سوزۇلىدىغان دە-
رەخ تاشقاتمىلىرى دىيارىمىزنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا ساقلىنىپ
تۇرماقتا .

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ، شۇنداقلا جانىۋارلارنىڭ
پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئورمان ۋە باغ ئەھيا قىلىش ئادىتىنى ئومۇم-
يۈزلۈك يېتىلدۈرگەن بولۇپ ، ياخشىلىقنى مەقسەت قىلغان بۇنداق
ئەنئەنە ئۇيغۇرلار يېرىدە تەبىئىي يېشىللىقتىن سۈنئىي رەۋىشتە
ئەھيا قىلىنغان يېشىللىقنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئەھۋالنى پەيدا
قىلغان . ئۇيغۇلاردا «بېغى بارنىڭ تېغى بار» ، «دەل ـ دەرىخى ،
باغۋارانى يوق باي ھەقىقىي باي ئەمەس ، بېغى يوق دېھقانىمۇ
ياخشى دېھقان ئەمەس» ، «مېۋىلىك دەرەخنى قۇرۇپ كەتمىگۈچە
كەسمە» ، «كۆچەتلەرنى سۇندۇرسا ياكى ياش نوتىنى قايرىپ سۇن-
دۇرسا ، قول تۇتماس بولۇپ قالىدۇ ياكى ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ
كېتىدۇ» ، «ئاز دەسمايە ، ئاز جاپا بىلەن ئاسان باي بولاي دېسەڭ ،
باغۋەنچىلىك ياكى ئورمانچىلىق قىل» دېگەنگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك
ئاسراشقا دائىر ماقال ـ تەمسىل ۋە پەرھىزلىك قاراشلار خېلى
كۆپ ئۇچرايدۇ .

ئۇيغۇرلاردا ئېرىق چاپقاندا تېرەك ، سۆگەت قويۇش
(تىكىش) ، ئۆينىڭ ئالدىغا ھويلا ، كەينىگە باغ ئەھيا قىلىش ،
قورۇسىنىڭ ئالدى ۋە ئۈستىنى تال (تەك) ، كاۋا ، قاپاق ، ھەشقى-
پېچەك بىلەن كۆركەملەشتۈرۈش ، قورۇ ـ جايى ئالدىغا مۇمكىن
بولسا كۆلچەك ياسىتىش ئادەتلىرى خېلى كەڭ ئومۇملاشقان .

ئۇيغۇرلار كۆچەت تىككەندە يالغۇز ئۆزىلا پايدىلىنىشنى ۋە
ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيىش ـ يېمەسلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرماي ، بەل-





كى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر سايىدىسۇن ، بەھىر ئالسۇن ، دەپ
ئېرىق ـ ئۆستەڭ ، يول بويلىرىغا خالىس كۆچەت تىكىپ ئادەتلەن-
گەن . ئۇلار يەنە نەگە ماكانلاشماقچى بولسا ، ئاۋۋال شۇ يەرنىڭ
ئۆپچۆرىسىگە كۆچەت تىكىدۇ ، ھەتتا قەبرىستانلىقىمۇ ياش كۆچەت-
لەرنى تىكىپ ، گۈل ـ گىياھلارنى ئۆستۈرىدۇ . ئۇيغۇلار يەنە
ئالاھىدە زۆرۈرىيەت بولمىغاندا ، ئۆسۈۋاتقان دەرەخنى كەسمەيدۇ ،
سۇندۇرمايدۇ ، ھايۋانلارغا غاجاتمايدۇ (يەنى ئىت پوقى ، ھاك سۈيى
قاتارلىقلارنى سۈركەپ ياكى قارانچۇق تىكلەپ قويىدۇ) . شۇ ۋەجى-
دىن ، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان باغۇ بوستانلارنىڭ بەكرەك
بۈك ـ باراقسان ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىش ئەجەبلىنەرلىك تۇ-
يۇلمايدۇ .

ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆزى ماكان تۇتۇپ ياشىغان دائى-
رىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇپ يەتكەن ھەم ئۇلارغا نام بېرىپ ،
تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە كەڭ قوللانغان ، بولۇپمۇ
ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن نۇرغۇن يەر ـ جايلارغا ۋە
ئادەملەرگە ئۆسۈملۈكلەرنى بىۋاسىتە ياكى تۈرلىنىشى بويىچە ئات
قىلىپ قويغان . مەسىلەن ، بەشتوغراق ، قوشتېرەك ، قارايۇلغۇن ،
جىگدەقۇدۇق ، سۆپۈرگەئاخۇن ، سامساقئاخۇن ، تۇرۇپئاخۇن ،
شەمشادجان ، غۇنچەم ، رەيھانگۈل ، ئانارگۈل ، ئالمىخان …
دېگەندەك . قىسقىسى ، مۇھىت ، ئېتىقاد ۋە بىلىش چۈشەنچىلىرى-
نىڭ تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن مۇھىت ئەخلاقى ئاساسىدا ئەجداد-
لىرىمىز ئەڭ ئاۋۋال تەبىئەتنىڭ قاراۋۇلى ، ھاياتلىقنىڭ سې-
پىلى … بولغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئەنە شۇنداق چوڭ بىلىپ ، ئۇنى
كۆپەيتىپ ھەم ئاسراپ كەلگەن .

2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ھاۋانى ساپلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار ئەخلاقى-
نىڭ ئىپادىلىرى

قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزىرىدە ، قۇياش — ئالەمنى
ياراتقۇچى ، ئۇ زېمىننى يورۇتۇپ ۋە ئىسسىتىپلا قالماستىن ، قا-
راڭغۇلۇقنى ، مەينەتچىلىكنى ۋە نەسچىلىكنى قوغلاپ ، يورۇقلۇق

بەخش ئېتىدۇ، زېمىندىكى بەتبۇي نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالسا، ئادەملەرگە قارغىش قىلىدۇ ... دەپ قارىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلار خالىغان جايغا تەرەت قىلماسلىققا، قىلىپ سالغاندىمۇ، كۆمۈۋېتىش ياكى شاخ - شۇمبا، قەغەز قاتارلىقلار بىلەن ئوراپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن، بولۇپمۇ كىشىلەر ماڭىدىغان، سايدايدىغان ۋە ئولتۇرىدىغان جايلارغا تەرەت قىلمىغان. بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلارنى كۈچلۈك ئەيىبلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۆيگە، ئاممىۋى سورۇنلارغا بەلغەم تۈكۈرۈشنى، مىشقىرىشنى نومۇسسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىغان.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ۋە مۆھىت ئەخلاقى بويىچە جەسەتنى تېز ھەم ئاددىي دەپنە قىلىشقا يۈزلەنگەن، كۆل ۋە ئەخلەتلەرنىمۇ ئوچۇق يەردە قويۇشتىن كۆرە كۆمۈش يولى بىلەن تۇپراققا ئوغۇت قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇ ھالەت ھاۋانىڭ ساپلىقىنى ساقلاشتىمۇ پائال رول ئوينىغان.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئارىسىدا «يول پاكىز بولمىسا، ئۆي پاكىز بولمايدۇ» دېگەن كۆزقاراش بولغاچقا، ئۇلار يولدىكى تېزەك، نىجاسەتلەرنى يۆتكىۋېتىشكە، يولدىكى تاش، تىكەن، شاخ - شۇمبا قاتارلىقلارنى ئېلىۋېتىشكە ئادەتلەنگەن. ئۆيگە كىرىشتىن، بولۇپمۇ سۇپىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئايىغىنىڭ تېگىنى (تاپىنىنى) سۈرتۈش، ئايىغىنى سېلىۋېتىش، كېپىش (كالاچ) كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۆي - خانىلارغا، مەسچىتكە ئوخشاش جامائەت سورۇنلىرىغا ئاياغ سېلىۋېتىپ كىرىشكە ئادەتلەنگەن. بۇمۇ شۇ ئۆي - خانىلارنىڭ مۆھىتىنىڭ پاكىز بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

زور كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار كىيىم - كېچەك تازىلىقىغا قارىغاندا، يېمەك - ئىچمەك، قورۇ - جاي، سۇ ۋە ھاۋانىڭ تازىلىقىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ يالغۇز ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ۋە مەنپەئىتىنىلا ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپنىڭ سالامەتلىكى ۋە مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بېرىشىدەك ئەخلاقىي پەزىلىتى-





نىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر.

3. ئۇيغۇرلارنىڭ سۇنى قوغداشقا ئالاقىدار ئەخلاقىنىڭ ئىپادىلىرى

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئاش - ناننى قەدىرلەيدۇ، ئاش - نان سۇسىز تەييارلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن سۇنىمۇ ئۇلۇغلايدۇ. دىيارىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ قۇرغاق بولۇشى خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن باشلاپ سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنىڭ ئورنى ۋە مەنبەسىنى ئاسراش ئەقىدىسىنى ۋە مۇناسىپ ئەخلاق تەلەپلىرىنىمۇ كۈچەيتىپ بارغان.

ئۇيغۇرلار «سۇغا ئەخلەت - يۇندىلارنى تۆكسە يامان بولىدۇ» دېگەن قاراش بويىچە ئاقىدىغان ھەم ئادەملەر ئىچىدىغان سۇدا كىر ۋە باشقا نەرسىلەرنى يۇمايدۇ ۋە يۇندىلارنى ئۇنىڭغا تۆكمەيدۇ، ئېرىق - ئۆستەڭ، بۇلاق بېشى ۋە كۆل بويلىرىدا سۇغا چاچرىتىپ تۇرۇپ (ياكى سۇ ئىچىدە) تاھارەت قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇزاق زاماندىن بۇيان «ئىچىدىغان سۇغا تەرەت قىلىش ئەڭ ئېغىر گۇناھ، ئېقىن سۇغا سىيسە سۇيىدۇك تۇتالماس ياكى قىينىلىپ سىيىدىغان بولۇپ قالىدۇ»، «بىر چۆگۈن سۇ كۆپ بولغاندا تۆت ئادەمنىڭ تاھارەت ئېلىشىغا يېتىدۇ»، «سۇ بارچە مەخلۇقاتنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ»، «سۇ بۇلغانسا، تۇپراقمۇ ۋە تۇپراقتىكى زىرائەتلەرمۇ بۇلغىنىدۇ» دېگەن ئەقىدە جەۋھەرلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا سۇنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش، سۇنى تېجەش ۋە سۇنى بۇلغىماسلىق ھەققىدە ئەخلاقىي تەربىيە قىلىپ كەلگەن.

4. ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانلارنى قوغداشقا ئالاقىدار ئەخلاقىنىڭ ئىپادىلىرى

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قەدىمدە بىر قىسىم ھايۋانلارنى توتېم قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ھايۋانلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغانلىقتىن، ئۇلاردا شۇ خىل ھايۋانلارنى قوغداش، ئاسراپ قېلىش ئادىتى تەدرىجىي شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىدە ھەرقانداق

تىرىك جانلىقنى بىھۇدە قىيىنىسا ياكى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ قىساسىغا، ئۇۋالىغا قالىدۇ دەيدىغان قاراشمۇ مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئۇلار مەيلى ئىستېمال قىلىش، ئىقتىسادقا ئىگە بولۇش ياكى باشقا ئېھتىياجلار يۈزىسىدىن بولسۇن، ھايۋانلارنى خالىغانچە تۇتۇشقا، كۆپ ئۇۋلاشقا ۋە ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھايۋاننى ئاچ قويۇشقا، ئۇرۇپ قىيناشقا ئادەتلەنمىگەن. مەسىلەن، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆزىنىڭ «ئەدەبۇسسالھىين» دېگەن كىتابىنىڭ «سەپەر قىلىش بابى» دا، ئۆزى ئىشلەتكەن ھايۋاننى ئاچ قويماسلىق، قىينىماسلىق، ئورۇنسىز ئۇرۇپ ـ سوقماسلىق ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» دىمۇ ھايۋانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا نەسىھەتلەر قىلىنغان. كېيىنكىلەر تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى ئەتراپلىق كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە يەكۈنلەش ئارقىلىق بۇ خىل قاراشلارغا ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۇنى ئەخلاق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ بېيىتقان. نەتىجىدە، «ئۆيدە قارلىغاچ ئۇۋا سالسا، بۇ بەرىكەتنىڭ، سائادەتنىڭ بېشارىتى» دەپ قاراپ، قارلىغاچنى تۇتماسلىق، «سۇندۇكنى تۇتسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ»، «ھۆپۈپنى تۇتسا قولى پۇرايدىغان بولۇپ قالىدۇ»، «قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنى ئوغرىلىسا، چېقىۋەتسە، يۈزىگە سەپكۈن چۈشۈپ قالىدۇ» دەپ سۇندۇك، ھۆپۈپ دېگەندەك قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇخۇملىرىغا چېقىلماسلىقتەك پەرھىزلىك قاراشلارنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق بالىلارنىمۇ كىچىكىدىن باشلاپ قۇشلار ۋە باشقا ھايۋانلارنى ئاسراش ئېڭى بىلەن قوراللاندۇرۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە يىرتقۇچ، زىيانلىق (پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ) ھايۋانلارغىمۇ بىكاردىن ـ بىكار ئۆچلۈك قىلمايدۇ ۋە ئۇنى ـ بۇنى سەۋەب قىلىپ ئۇلارنى يوقاتمايدۇ. چۈنكى ئۇلار يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئادەتتىكى ھايۋانلارنىڭ كېسەل، ئاجىز، ئورۇقلىرىنى يەپ، ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى، نەسلىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ھايۋانلارنىڭ ياشاش شارائىتىنى





ياخشىلاش جەھەتتىمۇ ئۆزگىچە تەۋەررۇك قاراشلارنى مۇجەسسەملىگەن. مەسىلەن، ئۇلار زىرائەت ئورۇقلىرىنى «ئۆزۈم ئۈچۈن، بارلىق جانۇ ـ جانىۋارلار ھەققى ئۈچۈن چاچتىم» دەپ تېرىيدۇ. تۇپراق بېشىغا چىققاندا قۇشلار يېسۇن دەپ دان چېچىپ قويىدۇ، ئورما ۋاقتىدا قۇشلار خاماندىكى چېچىلغان دانلارنى يېسە ئۇلارنى قورۇپ قاچۇرمايدۇ. ھويلا ـ ئاراملىرىغا قۇشلار ئىچسۇن دەپ سۇ قۇيۇپ قويىدۇ ياكى كۆللەردىكى سۇنى قۇشلار ئىچسە كارى بولمايدۇ. داستىخاندىكى يېمەكلىكنىڭ قالدى ـ قاتتىلىرىنى ئادەم دەسسىمەيدىغان ھەمدە قۇشلار ۋە باشقا ھايۋانلار يېيەلەيدىغان جايلارغا تۆكۈپ قويىدۇ...

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن زىچ باغلىنىش مەۋجۇت، ھايۋانلارغا كەلگەن ھەرقانداق ئاپەت ۋە خەۋپ ئىنسانلارغىمۇ كېلىدۇ، شۇڭا ناۋادا ھايۋانلار ئۆلۈپ تۈگىسە، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتى يېگانىلىك تۇپەيلىدىن چۆلدەرەپ قالىدۇ، دەپ قاراپ ھايۋانلارنى ئاسرىغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلار مەيلى قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بولسۇن ياكى ھەرقايسى دىنلاردىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقتىن ساقلىنىشتەك ئەقىدە ياكى پەرھىزلەرنىڭ سەۋەبىدىن بولسۇن، مۇھىت ئاسراش نوقۇل ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلە دېگەن تار دائىرىلىك قاراشتىن ھالقىپ، ئۇنى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاقىي سۈپەت، ئەخلاقىي ئاڭ ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەنگەن ۋە ئىجرا قىلىپ كەلگەن. ئادەتتە، مەيلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتا بولسۇن ياكى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا بولسۇن، ھەتتاكى ھازىرقى زاماندىكى زور مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان مۇھىت ئاسراشتا بولسۇن، ئېتىقاد ۋە ئەخلاقنىڭ كۈچى قانۇننىڭ ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. شۇڭلاشقا، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنى ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ياخشىلاشتا،

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىنى ساقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋە جارى قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى زور.

**ئىزاھلار:**


① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك».

③ ئەلىشىر نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 149 ـ، 150 ـ، 210 ـ بەتلەر.

④ ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، 35 ـ، 37 ـ بەتلەر.

⑤ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

⑥ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك».

⑦ «مىشكاتۇل مەسابىيھ»، 368 ـ بەت.

⑧ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 64 ـ، 124 ـ بەتلەر.

⑨ مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خاراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 202~203 ـ بەتلەر.

⑩ ئەبۇبەكرى جابىر ئەلجەزائىرى: «مىنھاجۇل مۇسلىم» («مۇسۇلمانلارنىڭ يولى»)، 139 ـ، 172 ـ بەتلەر.

⑪ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئىسرا، 23 ـ ئايەت.

⑫ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە لوقمان، 14 ـ ئايەت.

⑬ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «لۇئلۇئۇل مارجان» («ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»)، ئابدۇللاھجان ئابدۇلكەرىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 623 ـ 624 ـ بەتلەر.

⑭ تۇرغۇن يىلتىز، ئەزىز سارتېكىنلەر تۈزگەن: «نەۋائى







دۇردانىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 61~63 ـ بەتلەر، 104~106 ـ بەتلەر.

⑮ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 ـ توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 917 ـ بەت.

⑯ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە نىسا، 86 ـ ئايەت.

⑰ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «لۇئلۇئۇل مارجان» («ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»)، 522 ـ، 625 ـ بەتلەر.

⑱ تۇرغۇن يىلتىز، ئەزىز سارتېكىنلەر تۈزگەن: «نەۋائى دۇردانىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 61~63 ـ بەتلەر، 104~106 ـ بەتلەر.

⑲ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لوغاتىت تۈرك»، 1 ـ توم، 119 ـ بەت.

⑳ ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇلۋارىس كاشغەرى: «ئەقائىد زۆرۈرىيە»، سەئۇدىي ئەرەبىستانى جىددە شەھرىدە 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى، 23 ـ بەت.

㉑ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «لۇئلۇئۇل مارجان» («ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»)، 522 ـ، 625 ـ بەتلەر.

㉒ ئەلىشىر نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 175 ـ، 176 ـ، 177 ـ، 178 ـ بەتلەر.

㉓ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «ئەدەبۇسسالىھىين»، تاش مەتبە باسمىسى، 239 ـ بەت.

㉔ ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، 25 ـ، 27 ـ بەتلەر.

㉕ ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، 25 ـ، 27 ـ بەتلەر.

㉖ ئەلىشىر نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 175~180 ـ

بەتلەر .

㉗ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى : «لۇۋلۇئۇل مارجان» («ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»)، 729 ـ بەت .

㉘ ئەلىشىر نەۋائى : «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 186 ـ بەت .

㉙ مۇھەممەد بىنى ئابدۇللا خاراباتى : «مەسنەۋى خاراباتى»، 76~77 ـ بەتلەر .

㉚ ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى : «مىفتاھۇل ئەدەب» («ئەدەپ ئاچقۇچى»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 12 ـ بەت .

㉛ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە تەۋبە ، 119 ـ ئايەت ، سۈرە زۇمەر ، 33 ـ ئايەت .

㉜ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى : «لۇۋلۇئۇل مارجان»، («ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»)، 631 ـ بەت .

㉝ ئەھمەد يۈكنەكى : «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، 27 ـ بەت .

㉞ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى : «لۇۋلۇئۇل مارجان»، 689 ـ بەت .

㉟ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن : «‹پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى› نى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» غا ئېلىنغان نەقىل ، ئۆگىنىش نەشرىياتى ، 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى ، خەنزۇچە ، 107 ـ بەت .

㊱ ئابلىز مۇھەممەد : «ئۇيغۇرلارنىڭ كالېندارچىلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ، ئۇيغۇرچە ، 1997 ـ يىللىق 2 ـ 3 ـ قوشما سان ، 105 ـ 106 ـ بەتلەر .

㊲ ئابلىز ئابباس تەرجىمە قىلغان : «شىنجاڭدىن مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بالدۇر تۈزۈلگەن ئورمان قانۇنى تېپىلدى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ، ئۇيغۇرچە ، 1982 ـ يىللىق 11 ـ سان .





# 5 ـ بۆلۈم

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە ـ نىكاھ ئەخلاقى

نىكاھ ۋە ئائىلە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە نىسبەتەن بالدۇر پەيدا بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكىل بولۇپ ، نىكاھ ئائىلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت ، ئائىلە بولسا نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ . نىكاھ ئارقىلىق ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنى ، يەنى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرى قاتارلىق ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ شەكىللىنىدۇ . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئائىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ ، ئائىلە ئەخلاقىمۇ تەدرىجىي شەكىللىنىپ بارغان . نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقى ئائىلە ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان زۆرۈر شەرت بولۇپ ، ئۇ ھەرخىل ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ بېيىپ ، ئۆزگىرىپ بارىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىمۇ ھەم شۇنداق .

نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقى ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت ـ قىلىق ئۆلچىمى ۋە مىزانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ ، ئۇ دائىرە جەھەتتىن ئەر بىلەن خوتۇن ، چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە چېتىلىدىغان ھەرىكەت ـ قىلىق مىزانلىرىنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇيغۇرلار مىللەت سۈپىتىدە شەكىللىنىش جەريا-
نىدا مەيلى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى توپ نىكاھ ۋە قانداشلىق ئائىلە
ئەندىزىسى بولسۇن ياكى ھەرخىل يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولىدى-
غان ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاساسىغا ئورنىتىلغان بىر ئەر كۆپ
خوتۇنلۇق نىكاھ ياكى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە ئەندىزىسى
بولسۇن ، نۇرغۇن نىكاھ ۋە ئائىلە فورماتسىيىلىرىنى بېسىپ ئۆ-
تۈپ ، يەككە (بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ) نىكاھ ۋە يەككە (بىر ئەر
بىر خوتۇنلۇق ) ئائىلىدىن ئىبارەت تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويىدى .
ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن
سىرت ، تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزلىرىنى كۆپەيتىشتەك ئىشلەپچىقىرىش
پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى
تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن دەۋرلەردىلا ئۇلارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە
ئەخلاقى كۈنسايىن مۇكەممەللىشىپ ، باشقا ساھەلەرگە تەسىر كۆر-
سىتىشكە باشلىغان . ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئائىلىدىن ئىبارەت ئىج-
تىمائىي شەكىل ئىچىدە بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
قانۇن ۋاسىتىسىگە تايىنىپلا ئەمەس ، مۇھىمى ئاڭلىق رەۋىشتە
ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش شەكلىدىكى ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىچكى
ئامىلغا تايىنىپ تەڭشىدى ، ھەل قىلدى . ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نىكاھ
ۋە ئائىلە يالغۇز پەرزەنتلەرگە بىلىم ـ ماھارەت تەربىيىسى ، خا-
راكتېر تەربىيىسى ، سەنئەت ۋە دىن تەربىيىسى بېرىدىغان سورۇن
بولۇپلا قالماي ، مۇھىمى ئەخلاقنى پەيدا قىلىدىغان ، مۇھاپىزەت
قىلىدىغان ، بېيىتىدىغان ، تۈزىتىدىغان ۋە ئەخلاق تەربىيىسى ئې-
لىپ بارىدىغان مۇھىم ۋاستە ياكى زېمىن ھېسابلاندى . ئۇيغۇر
ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىنى ئىجتىمائىي
تەقەززا نۇقتىسىدىن پەيدا قىلىپ ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە جارى
قىلىپ بارغاندىن باشقا ، ئۆزلىرى ئىشەنگەن ھەرقايسى دىنلاردىكى
مۇناسىپ ئەخلاق مەزمۇنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە
ئەخلاقىغا دىنىي تۈس بەخش ئەتتى . ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەخلاق





سىستېمىسىدا نىكاھ ۋە ئائىلىگە ئالاقىدار ئەخلاقىي چەكلىمە ۋە
تەلەپلەر ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . خۇددى شۇنىڭدەك ،
ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىشەنگەن چوڭراق دىنلاردىن بۇددا دىنى ۋە
ئىسلام دىنىدا نىكاھ ۋە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت ئەخلاقىي
تەلەپ ۋە چەكلىمىلەر خېلىلا كۆپ ۋە قاتتىق . بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ،
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قەدىمدىن ھازىرغىچە نىكاھ ۋە ئائىلە دائىرى-
سىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى بىرقەدەر قاتتىق ھەم ئۈنۈملۈك بولۇپ
كەلگەن .

يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھامان باشقا
بارلىق جەمئىيەتلەرگە ئوخشاش ، جىنسىي پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت
بولۇشىدىن خالىي بولالمىغان . شۇ سەۋەبتىن ، ئەرلەر ھۆكۈمران-
لىقىدىكى نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدە ئەر ـ خوتۇنلار ھەم
باشقا ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئەخلاقىي تەلەپلەردە مۇقەررەر
يوسۇندا جىنسىي پەرق (ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، جىنسىي زۇ-
لۇمنىڭ نىكاھ ۋە ئائىلىدىكى ئىپادىلىرى ) مەۋجۇت بولغان . ئۇي-
غۇر جەمئىيىتى فېئوداللىق تۈزۈمدە ئۇزاق تۇرغان . بۇنداق تۈ-
زۈمدىكى ئائىلىلەردە ئەرلەر ئائىلىنىڭ پۈتكۈل مال ـ مۈلكى ۋە
رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تىزگىنلىگەن بولغاچقا ، ئائىلە گەرچە بىر
ئەر بىر خوتۇنلۇق ئەندىزىدىكى ئائىلە بولسىمۇ ، ئەمما ئەرلەرنىڭ
ئاياللارغا قارىتا باشقۇرۇش ، پايدىلىنىش ، ئېزىش ھوقۇقى بار
بولغان . مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە مۇناسىپ تەلەپ ۋە چەكلى-
مىلەر بولماي قالمىغان . ئائىلە ۋە نىكاھتا ئەرلەرنىڭ ئەخلاقىي
مەسئۇلىيىتىدىن ئاياللارنىڭ ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى ئېغىر ، قات-
تىق بولىدىغان ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان . نىكاھ ۋە
ئائىلىدىكى ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى ئەخلاقىي تەلەپنىڭ نېگىزى
«سادىقلىق » (ساداقەت ) بولۇپ ، بۇنداق ساداقەتنى ئەرلەردىن كۆ-
رە ئاياللار كۆپرەك بەجا كەلتۈرۈشلىرى زۆرۈر دەپ قارالغان.
دېمەك ، يۇقىرىقىلار دەل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئائىلە ـ نىكاھ

ئەخلاقىنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئەھۋالىدۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەرقايسى دىنلاردا، جۈملىدىن ئىسلام دىنىدا نىكاھ ۋە ئائىلىدىكى ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرىدە جىنسىي زۇلۇم (ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى بوزەك ئېتىش - ئېتىلىش) غا قەتئىي قارشى تۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەرلەرنىڭ تۇغما ئەۋزەللىكى، ئۇلارنىڭ ئائىلە ۋە نىكاھتىكى تاللاش ھوقۇقى ھەققىدىكى تەلىماتلار سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ - ئائىلە ئەخلاقى دىنىي تۈس ئېلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىكى نامۇۋاپىق ئامىللار ھامان دىن تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغان. ئۆتكەن دەۋرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قىسمەن ساھەلەردە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ساقلانغانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ۋە نىكاھ ئەخلاقىدا قانچىلىك سەلبىي ئامىللار ۋە تەركىبلەرنىڭ ساقلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەشتە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىپ بېرىشىدا زور رول ئوينىغان، شۇنداقلا ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتىگە ئايلىنىپ، مىللەتنىڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان. ئۇنىڭدا ئىلغار، ئاكتىپ مەزمۇنلار، گۈزەل تەرەپلەر مۇتلەق كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، خەلق ھامان ناچار، سەلبىي، توسالغۇ بولىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بايقىيالايدۇ، ئۇلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئورنىغا ياخشى، ئىجابىي، ئىلغار ئامىللارنى قويۇش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھاياتىي قىياپىتىنى يارىتىپ بارىدۇ.

نىكاھ ۋە ئائىلە ئەخلاقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ساھە تارىختىن بۇيان ئەخلاقشۇناس، ئەدىبلىرىمىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا، شەرھلىنىشىگە، تەشەببۇس قىلىنىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىكاھ - ئائىلە ئەخلاقىغا ئائىت تەشەببۇسلىرىدا ئۆز





دەۋرىنىڭ تۇرلۇك چەكلىمىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەشتىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ - ئائىلە ئەخلاقىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش، يازما ھالەتكە كەلتۈرۈشتەك تۆھپىسى بىلەن قىممەتلىك ۋە دىققەتكە سازاۋەردۇر. تۆۋەندە، ئۇيغۇرلاردىكى نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى بىر قانچە تۈر ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئەخلاقى

نىكاھ — ئائىلە مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىدا مىللەتنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش جەريانىمۇ ئەنە شۇ مەزمۇنلاردىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى تىكلەشتە مىللىي خاسلىققا ئىگە بىر يۈرۈش ئەخلاق نورمىسى بار.

### 1. نىكاھ ئوبيېكتىنى تاللاش جەھەتتىكى ئەخلاقىي تەلەپلەر

بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى نىكاھ ئوبيېكتىنى تاللاش جەھەتتىكى ئەخلاقىي تەلەپلىرىدىن سۆز ئاچمايمىز. چۈنكى شۇنىسى ئايانكى، ئالدى بىلەن ئۇ دەۋرلەردىكى مەزكۇر ساھەگە ئالاقىدار يازما مەنبەلەر يوق دېگۈدەك؛ ئىككىنچىدىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە، شۇ دەۋرلەردىكى نىكاھ ئوبيېكتلىرىنى تاللاشتا ئەرلەرنىڭ كۆپرەك تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئاياللارنىڭ بولسا ئازراق تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، مۇئەييەن ساھەلەردە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن چىقىپ تۇرۇپ

پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئوبيېكتىنى ئۆزلىرى تاللىغانلىقىنى ، يەنە
مۇئەييەن ۋاقىت ۋە ئورۇنلاردا ئەركىن مۇھەببەتنىڭ نىكاھ ئۈچۈن
ئاساس بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئىسلامد-
يەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر ساھەسى مەلۇم جەھەتتە
دىنىي تۇس ئالغان بولۇشىغا قارىماي ، ئۇ ھامان ئىسلامىيەتتىن
ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى شۇ ساھەنىڭ مۇقەررەر داۋامىدۇر .

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن نىكاھ ئوبيېكتى-
نى تاللاش ئۇسۇلى نوقۇل سودا شەكلىدىكى نىكاھ ئەمەس ياكى
ئەركىن مۇھەببەت ئاساسىدىكى نىكاھمۇ ئەمەس (ئەمما ھازىرقى
قىسمەن نىكاھ ئەركىن مۇھەببەت ئاساسىدا تىكلەنمەكتە ) ، بەلكى
قىز - ئوغۇل ھەم ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى
بىلەن ، دىنىي قائىدىلەر ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى شەرت
قىلغان ھالدا ، «كۆڭۈللۈك» ، «بەختلىك» بولۇش ئاساسىغا قۇ-
رۇلىدىغان ، قويۇق ئەخلاقىي تۈس ھەم دىنىي تۈسكە ئىگە
نىكاھتۇر .

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئوبيېكتىنى تاللاش ئەنئەنىسىدە ، كىشى-
لەر ئىنسان ھاياتىنىڭ قىسقىلىقى ، باي - كەمبەغەللىكنىڭ نىس-
پىيلىكى ، كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا باراۋەرلىكى ... دەك
دىنىي قاراشتىن چىقىپ تۇرۇپ ، ئىقتىسادىي ئورۇندىكى پەرقنى
نىكاھنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىۋالمايدۇ . ئەمما ئۆتكەن دەۋرلەردە
قىسمەن ھۆكۈمرانلار (يەر ئىگىلىرى ، بايلار ، ئەمەلدارلار ) پەر-
زەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشىدا يۇقىرىقى ئامىلنى تۈپ شەرتلەردىن
بىرى قىلىۋالغان . شۇ سەۋەبتىن خۇددى نۇرغۇن ئەسەرلەردە ئەكس
ئەتكەندەك ۋە تارىختىن مەلۇم بولغىنىدەك ، پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ
ئىشىدىكى تراگېدىيىلىك ئەھۋاللارمۇ سادىر بولغان . ئاۋام خەلقمۇ
بۇنداق پەرقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىپ يەتكەن ، شۇڭا «تاۋارغا تاۋار
ياماق ، تاغارغا تاغار ياماق» دېگەندەك تەمسىللەرمۇ پەيدا بولغان .
ئەمما يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تىپىك ئەھۋال بولماس-





تىن ، قىسمەن ، ئايرىم ئەھۋالدۇر . ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ جەريانىدى-
كى نىكاھ ئوبيېكتلىرىنى تاللاشتىكى تەلەپلىرىنى يۈسۈپ خاس
ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە بايان قىلىنغان تۆت شەرتكە
ۋە ئۇنىڭغا ئەركىن مۇھەببەت (بىر - بىرىنى سۆيۈش ھېسسىياتى )
نى قوشۇپ ، بەش جەھەتتىكى تەلەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىب «قۇتادغۇبىلىك» تە ئائىلىنىڭ ئاساسى
بولغان نىكاھ مەسىلىسىدە ئۆز دەۋرىدىكى رېئال ئەھۋالغا ، ئىسلام
دىنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ
نىكاھ - ئائىلە مەسىلىسىدىكى ئەخلاقىي قاراشلىرىنى شەرھلەپ ،
مەزكۇر ئەسەرنى يېڭىچە نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تۈنجى
بولۇپ بايان قىلىپ بەرگەن قىممەتلىك دەستۇرغا ئايلاندۇرغان .
يۈسۈپ خاس ھاجىب ئۆزىنىڭ نىكاھ تەشەببۇسىدا نىكاھلىنىشقا
ئالدىراپ كەتمەسلىكىنى ، توي قىلماقچى بولغان كىشى كەلگۈسى-
دىكى جورىسىنى ئېھتىيات بىلەن كۆزىتىشنى ، ئويلىنىپ ياخشى
تاللاشنى تەۋسىيە قىلغان ھەم ئەرگە لايىق بولماقچى بولغان قىز
ئۈچۈن تۆت شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان . مەسىلەن ، داستاننىڭ
62 - بابى «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانىدا» دا شۇنداق
يازغان :

«4475 ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ ،
تاللىۋال خىلىنى ، ئىتتىك قىل كۆزۈڭ .
4476 تېگى ياخشى بولسۇن تۇخۇم ھەم ئۇرۇغ ،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا ئۆزى بەك ئېرىغ .
4477 تىرىش ، ئۆي قىزىنى ئال ، قول تەگمىگەن ،
سېنىڭدىن بۆلەك ئەر يۈزىنى كۆرمىگەن .
4487 سېنىلا سۆيۈپ ، باشقىنى بىلمىگەي ،
يارامسىز ، قىلىقسىز ئىشلار قىلمىغاي .
4479 خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزۈڭدىن تۆۋەن ،
ئېسىلما ئېگىز ئەسىر بولۇرسەن .

4481 خوتۇن ئالساڭ ئالغىن تۆۋەن ، توغرىنى ،
سۆيۈنچ بىرلە ئۆتكەي هاياتىڭ كۈنى .
4482 چىرايلىقنى دېمە ، خۇلقى ئۇزنى دە ،
كى خۇلقى ياخشى بولسا يورۇتقاي سېنى .
4483 خوتۇن ئالما ، ئالساڭ ئۆز تېڭىڭنى ئال ،
ئەي ، ئەرلەر ئەرى سەن تەقۋادارنى ئال .
4484 گۈزەل خۇينى ئىستە ، ئاختۇرما جامال ،
خۇيى ياخشى بولسا ، تاپار ئۇ كامال .
4485 گۈزەللىك قىدىرغان ئايا سەن ئىنسان ،
ئۇنى قوي ، يۈزۈڭنى قىلما زەپران . »[1]

يۈسۈپ خاس هاجىپ تەرغىب قىلغان نىكاھ ئوبيېكتىنى
تاللاش جەهەتتىكى يۇقىرىقى شەرتلەر ئىچىدە ئەڭ ئالدىغا قويۇلغى-
نى رەپىق (كەلگۈسىدىكى جورا ) نىڭ ئەخلاقى ، خۇي - مىجەزى
ۋە ئېتىقادى بولۇپ ، مال - مۈلكى ، تەبىقە - دەرىجىسى ،
هۆسن - جامالى قاتارلىق شەرتلەر مۇهىم دەپ قارالمىغان . شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈسۈپ خاس هاجىپ «سېنىلا سۆيۈپ ، باشقىنى
بىلمىگەي» دېيىش ئارقىلىق مۇهەببەت ھېسسىياتىنى نىكاھنىڭ
مۇهىم شەرتى تەرزىدە بايان قىلغان .

يۈسۈپ خاس هاجىپ داستاندا يەنە ئەرگە نىكاھلىنىشتا تۆت
خىل ئايالنىڭ ئۇچراش مۇمكىنچىلىكىنى تىلغا ئېلىپ ، باي ئايال-
لار ، چىرايلىق ئاياللار ، ئېسىل نەسەبلىك ئاياللار ۋە پەزىلەتلىك ،
بىلىملىك ئاياللار ئىچىدە پەقەت تۆتىنچى خىلدىكى ئاياللار (يەنى
قىزلار ) نى نىكاھىغا ئالغاندا ئالدىدىكى ئۈچ خىلدىكى ئاياللارنى
تاپقاندەك بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان . مەسىلەن :
«4501 ئېرىغ ، تەقۋا بولسا ، ئۇ ئېسىل بولۇر ،
قالغان ئۈچ نەرسىمۇ ئۇندا تېپىلۇر . »

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى دەۋرلەر ، ھەتتا هازىرقى دەۋرلەرگىچە
بولغان ۋاقىتلاردىكى نىكاھ ئوبيېكتىنى تاللاش مەسىلىسىدىكى





ئەخلاقىي تەلەپلىرى يۈسۈپ خاس هاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان شەرت-
لەردىن پەرقلەنمەيدۇ . قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى ، ئىسلا-
مىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار نىكاھ ئوبيېكتلىرىنىڭ مۇسۇلمان بو-
لۇشىنى ناهايىتى مۇهىم شەرت قىلغان بولۇپ ، بۇ «قۇرئان» ۋە
«هەدىس» تىكى كۆرسەتمىلەرنىڭ روهىغا ئۇيغۇن ئىدى ، بولۇپمۇ
قىز ياتلىق بولىدىغان ئەرنىڭ جەزمەن مۇسۇلمان بولۇشى ، يىگىت
ئالماقچى بولغان قىز ناۋادا مۇسۇلمان بولماي قالسا ، ئۇنىڭ نىكاھ-
لىنىشىغا مۇسۇلمان بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغانىدى . چۈنكى ،
خەلق نەزىرىدە ئىمان نىكاھتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، ئىمان ئەخلاقتىن
دېرەك بېرىدۇ ، دەپ چۈشىنىلەتتى .

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئەخلاقىدا قىزلارغا توي قىلىشتىن بۇ-
رۇنقى پاكلىق تەلىپى ئىنتايىن قاتتىق بولغان . خۇددى يۈسۈپ
خاس هاجىپ «ئۇياتچان» ، «قول تەگمىگەن ئۆي قىزىنى ئال»
دېگەندەك ، قىزلارنىڭ تويدىن بۇرۇن هەرقانداق يات جىنس بىلەن
ئۇچرىشىشى ، هەتتا جىنسىيەت هەققىدىكى چوڭقۇر بىلىملىرىنىڭ
بولۇشى ۋە غەيرىي جىنسىي تەلپۈنۈشلىرىمۇ چەكلەنگەن . بۇ مۇقەر-
رەر هالدا قىزلارنىڭ بالدۇر ياتلىق قىلىنىشىدەك ئادەتنىڭ ئومۇم-
لىشىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ قالغان . قىزلارغا قويۇلىدىغان
تەلەپلەر — پاك ، نومۇسچان ، ئىشچان ، ئەدەپ - يوسۇنلۇق ، كەم
سۆزلۈك ، دۇرۇسلۇق ، ئىنساپ ... قا ئوخشاش ئۇيغۇر ئەخلاقىدى-
كى ئاساسىي نورمىلار بولغان . قايتا توي قىلغان ئاياللارغىمۇ
پاكلىق تەلىپىدىن باشقا بارلىق تەلەپلەر ئوخشاشلا قويۇلغان . ئو-
غۇللارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قىزلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەردەك
قاتتىق بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىق ، ۋىجدانلىق ،
قائىدە - يوسۇنلۇق ، ئىلىملىك (ياكى هۇنەرلىك ) ، ئىمانلىق
بولۇشى ئەقەللىي شەرتلەر هېسابلانغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئوبيېكتىنى تاللاش شەرتلىرىدە مۇهەب-
بەت چەكلەنگەن نەرسە بولماستىن ، هىمايە قىلىنىغان نەرسىدۇر .

گەرچە ئۆتكەن دەۋرلەردە بەزى نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى نوقۇل ئوغۇل
ۋە قىز تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كېلىشىشى ئاساسىغا تۇرغۇ-
زۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما قىزلار بىلەن ئوغۇللارنىڭ ئۇچرى-
شىپ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشى ، كۆڭۈل بېرىشى ئېتىبارغا ئېلىنى-
غاندىن باشقا ، كۆپىنچە ئەھۋالدا يىگىت ـ قىزلار مەلۇم پۇرسەت-
لەردە ئۇچرىشىپ بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشكەندىن كېيىن ،
ئاندىن ئاتا ـ ئانىلار مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنىڭ نىكاھىنى روياپقا
چىقىرىشقان . مۇھەببەتنىڭ نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدىكى رولى نۆۋەت-
تىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارغانسېرى روشەن بولماقتا .

**2 . توي جەريانىدىكى گۈزەل ئەخلاقلار ۋە ئەدەپلەر**

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئادەت قاراشلىرىدا توي قى-
لىش — ياخشىلىقنىڭ بىر خىلى ياكى ياخشى ئەمەل بولۇپ ،
قەدىمدە بىر قىسىم بۇددا راھىبلىرى ۋە كېيىنكى ئىسلام دەۋرىدە
ئاز ساندىكى دەرۋىش ، سوپى ، زاھىتلاردىن باشقا ، مۇتلەق كۆپ
ئۇيغۇرلار توي قىلىشنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ، ئىجتىمائىي مەجبۇ-
رىيەتلەرنىڭ بىر خىلى ، ئۇ شەخسىي بەختكە ، جەمئىيەتنىڭ مۇ-
قىملىقىغا ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ، مىللەت
گەۋدىسىنىڭ زورىيىشىغا پايدىلىق ، شۇنداقلا ئادەمنىڭ تۇغما تەبى-
ئىتى سەۋەبىدىن سادىر بولىدىغان بىر قاتار گۇناھ ۋە خاتالىقلاردىن
ساقلىنىشقا پايدىلىق ، دەپ قارىغان . ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇزاق
مەزگىل فېئوداللىق جەمئىيەت فورماتسىيىسىدە تۇرۇپ كەلگەن ،
دىن شۇ تۈزۈمنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان ھەمدە
ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى دېگۈدەك تىزگىنلەپ
كەلگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنى مۇس-
تەھكەم بولۇپ كەلگەن . شۇڭا ، تويلىشىشتىمۇ بەزى فېئودال
ئەخلاقىي قاراشلار ۋە يوسۇنلار شەكىللەنگەن . ئەمما ، ئومۇمىي
جەھەتتىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تويلىشىش ئەخلاقىدا ئېسىل ،





گۈزەل تەركىبلەر مۇتلەق ئۈستۈن نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ . ئۇيغۇر-
لارنىڭ تويى ھەرقايسى جايلاردا نىسبەتەن پەرقلەنسىمۇ ، لېكىن
ئومۇمىي جەريانى لايىق تاللاش ، ئەلچى كىرگۈزۈش ، مەسلىھەت
قىلىش ، داستىخان تاشلاش ، توي مۇراسىمى ۋە تويدىن كېيىنكى
چىللاق ··· قاتارلىق بىرقانچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈپ تاماملىنىدۇ
ۋە پۈتىدۇ . تويدىكى يۇقىرىقى باسقۇچلار ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتى-
جىلىرى (مەسىلەن ، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللانىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرا-
فىيىسى» ناملىق كىتابى ، ئابدۇكېرىم راخمانىنىڭ «ئۇيغۇر فولك-
لورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابى ) دە يېتەرلىك
دەرىجىدە تونۇشتۇرۇلغان بولغاچقا ، بۇ يەردە توي جەريانىدىكى
ئەدەپ ۋە يوسۇنلارنى ھەم شۇ باسقۇچلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش جەريا-
نىنى قىسقارتىپ ، پەقەت تويلىشىش جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان ئۇي-
غۇرلارنىڭ تىپىك ئەخلاق قارىشى ۋە ئەخلاق ئادىتىنى قىسقىچە
مۇلاھىزە قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز .

ئۇيغۇرلاردا قىز ـ ئوغۇل ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بولغاندىن
كېيىن ، ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە ئالاقىدار كىشىلەر
ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كېلىشىش ، مەسلىھەت ، رازىلىق ، ئىنى-
ساپ ئۈستىگە تۇرغۇزۇلۇشى — ئەنئەنىۋى ئادەتتۇر . بۇ ئادەت
بويىچە كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزلىرى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتى
ئورناتماقچى بولغان كىشىلەرگە قىز مېلى ، توي خىراجىتى جەھەت-
لەردە ئىنساپنى چىقىش قىلىپ مۇئامىلە قىلىدۇ . قارشى تەرەپنىڭ
ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرگەن دائىرىدە تويلۇق ، قىز مېلى ۋە
باشقا خىراجەتلەرنى بېكىتىدۇ . بۇنداق باراۋەرلىك ئەخلاقىنىڭ
تۈرتكىسىدە كۆپىنچە تويلار روياپقا چىقىش بىلەن تۈگەللىنىدۇ .
قىزنىڭ تويلۇقى جەھەتتە ، ئىسلام دىنىدا ئەرنىڭ قىزنى ئەمرىگە
ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تويلۇق ياكى مەھر بېرىشى «قۇرئان»
دىكى «ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغا
قىلىپ بېرىڭلار »② دېگەن بۇيرۇق ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ

ھەدىسلىرىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە ئارقىلىق بېكىتىلگەن. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم نىسبەتتىكى مالنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بېرىش بەدىلىگە قىزنى ئەمرىگە ئېلىش ئادىتىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە، مىڭ يىل مابەينىدە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار قىزنى ئەمرىگە ئېلىشتا جەزمەن تويلۇق ياكى مەھرىنى قىز تەرەپكە تولۇق تاپشۇرۇپ، ئۇنى ھەقلىق نىكاھىغا ئېلىشنى ئادەت قىلغان. بۇنداق تويلۇق ياكى مەھرى ھەربىر كىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئاساسىدا بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇ مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، ھەممىسىدە قىز تەرەپنىڭ قىزنى چوڭ قىلىش جەريانىدىكى ئەمگىكىگە قىلىنغان ھۆرمەت ۋە تۆلەم ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەزكۇر دىنىي قائىدە ۋە مىللىي ئادەت سەۋەبىدىن، ھەرقانداق بىر ئەر ئۆزى خالىغان بىر قىزنى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ھەق بەرمەي ياكى ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەق بەرمەي مەجبۇرىي ئىگىلىۋېلىشتەك ئەخلاقسىز قىلمىشنى سادىر قىلمايدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. توي چىقىمى جەريانىدىكى ئىقتىسادىي سەرپىياتمۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىقتىسادچىللىق، ئاددىي - ساددىلىق، كەمتەرلىك تەكىتلىنىپ، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك، ئابرۇيپەرەسلىككە ئوخشاش ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ساقلىنىلغان. ئۇيغۇرلار توي - تۆكۈنلەرگە تونۇش - بىلىش، قوشنا - قولۇم، دوست - يارەنلەرنى چاقىرىش بىلەن بىرگە جەمئىيەتتىكى نامرات، يېتىم - يېسىر كىشىلەرنىمۇ چاقىرىپ، ھەممىگە ئورتاق، باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان مېھماندارچىلىق ئەخلاقىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. يېقىنقى مەزگىللەردە شەھەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەرىكىلىرىدە ھەشەمەتخورلۇق، ئىسراپچىلىققا ئوخشاش ئەخلاقسىز قىلمىشلار سادىر بولۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي ئېقىم ئەمەس.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ





توي - تۆكۈنلىرىدە ۋە نىكاھ مۇراسىملىرىدا ھەربىر كىشى ئەنئەنىۋى ئادەتكە، ئەخلاققا، ئەدەپ - يوسۇنغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، شۇ جەريانىدىكى ھەرىكەت - قىلىق، يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ - سۆزلىرىدە ئىمكانقەدەر ئەخلاق نورمىلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. توي جەريانىدىكى بىر قاتار رەسمىيەتلەردىمۇ كۈچلۈك ئەدەپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەخلاقىغا يات سانىلىدىغان ھاراقخورلۇق، بەڭگىلىك، بىھۇدە ئىسراپچىلىق، جېدەلخورلۇق، ئەتتىپاقسىزلىق ... قا ئوخشاشلاردىن كىشىلەر ئىمكانقەدەر ساقلىنىپ، ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك بولسا ئۇنى تويدىن كېيىن ھەل قىلىشقا قالدۇرىدۇ. توي باشتىن - ئاخىر ئىناق، خۇشال كەيپىيات ئىچىدە، ئەنئەنىۋى ئەخلاق نورمىلىرى تولۇق بەجا كەلتۈرۈلگەن ھالەتتە ئۆتىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەلۇم تەرەپلەردە ئاجرىشىش ۋە قايتا توي قىلىش ئەھۋاللىرى كۆپرەك يۈز بېرىپ تۇرغان ۋە ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ئاجرىشىش ۋە كۆپ توي قىلىش ئۇيغۇر ئەخلاقىدا، ئەنئەنىۋى ئادەتتە ئالقىشلىنىدىغان ئىش دەپ قارالمايدۇ. ئاجرىشىش ھامان ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بارغاندا ئاندىن قوللىنىلىدىغان چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئەرلەرگە ئاياللارنى مەلۇم ئەھۋاللاردا تالاق قىلىۋېتىش (قويۇۋېتىش) ھوقۇقى بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە تالاقنىڭ ئاللا ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ھالال (شەرىئەت قانۇنىغا ئۇيغۇن) ئىش ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. دېمەكچىمىزكى، تالاق قىلىش ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەر - ئاياللارنىڭ ئاجرىشىش ئىشىدا قوللىنىپ كەلگەن ئۇسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قالايمىقان ئىشلىتىلىدىغان رەسمىيەت ھېسابلانغان ئەمەس. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئېغىر دەخلى يەتكۈزىد-

غان قانۇنىي، ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي سەۋەبلەر ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن تالاق ئارقىلىق ئاجرىشىش ئىجرا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تالاق قىلغۇچى ئەر كۆپىنچە جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كېلىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئاسانلىقچە تالاق ئۇسۇلىنى قوللانمىغان. ئاجرىشىش نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان نورمال ھادىسە بولسىمۇ، ئاجرىشىش ۋە قايتا توي قىلىشنىڭ قېتىم سانى كۆپ بولۇپ كەتسە، بۇ ئەخلاقنىڭ نازارىتىگە ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردىمۇ كۆپ ئاجرىشىپ، كۆپ توي قىلغان ئەرلەر ۋە ئاياللار كۈچلۈك ئەيىبلىنىدۇ، قارشى ئېلىنمايدۇ. خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىرىدە شۇنداق ئېيتىلغان:

بىرگە تەگكەن ياخشى،
ئىككىگە تەگكەن باخشى.
ئۈچكە تەگكەن خوتۇندىن،
تەخەيلىك ئېشەك ياخشى.

شۇ سەۋەبلەردىن، ھەربىر ئائىلىدە ئەر - خوتۇنلار ھەرخىل كېلىشمەسلىكلەرگە سەۋر قىلىش، بارنى تەڭ كۆرۈش، قانائەت قىلىش ئارقىلىق نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاجرىشىش پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش بولغاچقا، ئەر - خوتۇنلار نىكاھ مۇناسىۋىتىنى نۇرغۇن بەدەل تۆلەش ھېسابىغا ساقلاپ قالىدۇ. ئەر - خوتۇنلار سەۋر قىلىش يولى بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالالمىسا، ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوست - يارەنلەر، قوشنا - قولۇملار، يۇرت چوڭلىرى ۋە باشقا تونۇش - بىلىشلەر كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئاجرىشىشى سەۋەبسىز ۋە بەدەلسىزلا پۈتمەيدۇ. ئاياللار ئەرلەردىن ئاجراشقاندىن كېيىن دەرھال قايتىدىن توي قىلماي، ئىمكانقەدەر يارىشىۋېلىشنى كۆزلەپ





مەلۇم ۋاقىت كۈتىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئاياللار ئاجرىشىپ ئىددەت مەزگىلىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاندىن باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇشى راۋا ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق قائىدە ئاياللارنىڭ ھامىلىدار ياكى ھامىلىدار ئەمەس ھالەتتە يەنە بىر ئەرگە تېگىشنى بىلىۋېلىشقا، شۇ ئارقىلىق قورساقتىكى پەرزەنتنىڭ دادىسىنى ئېنىقلاشقا پايدىلىق بولغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاياللار ئەرلەردىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئەرلىرى بىلەن بىللە ئۆتكەن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە بالىسىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ، ئوخشىمىغان نىسبەتتە مال - مۈلۈككە ئىگە بولىدۇ. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدىكى ئېسىل ئەخلاقلار جۈملىسىدىندۇر.

## 2. ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى

ئائىلە مۇناسىۋىتىدە نىكاھ ئارقىلىق باغلانغان ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا - ئانا بولغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ تۈپ مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە دائىرىسىدىكى ئەخلاقمۇ مۇناسىپ ھالدا ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئەخلاق ۋە ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارا ئەخلاق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئەخلاق مۇناسىۋىتى ئائىلە ئەخلاقىدىكى باشقا تەرەپلەرگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقى، گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بار ئامىلدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە دائىرىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى بىرقەدەر كۆپ ۋە كۈچلۈك. تۆۋەندە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدىكى

ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار ئەخلاق نورمىلىرى ۋە ئەخلاقىي ئادەتلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى ئىناق ئائىلىۋى مۇناسىۋەت

ئۇيغۇرلار قەدىمىي مىللەت بولۇش سۈپىتىدە، ئۇلاردا تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئائىلە ۋە نىكاھنىڭ قەدىمكى شەكىللىرىدىن بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ياكى بىر ئەر ئىككى خوتۇنلۇق تۈزۈم ۋە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مەۋجۇت بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە خاتىرىلەنگەن بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن تەدرىجىي ئەمەلدىن قالغان. مەسىلەن، «سۇجى مەڭگۈ تېشى» دا «ئوغلۇمنى ئۆيلىدىم، قىزىمنى ياتلىق قىلدىم سالغۇلۇق ئالماي» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان قانۇن ۋەسىقىلىرىدە ھەم بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمنى گەۋدىلەندۇرىدىغان «بۇ ئىككىسى ئەر ـ خوتۇن بولۇشتى» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ③. بۇ بايانلار قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلاردا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى ئائىلىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقى ۋە ئاساسىي ئائىلە ـ نىكاھ ئەندىزىسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىتتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردا تارقىلىشى بىلەن نامۇۋاپىق كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قېلىپ، ئىسلام ئەركانلىرىغا ئۇيغۇن كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە يول قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئىقتىسادىي چەكلىمىلىك سەۋەبىدىن ھەممىلا ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئىسلام دىنىدىمۇ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ شەرتى — ئەرنىڭ ھەممە ئاياللىغا ھەربىر ئىشتا باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكى، بۇنىڭغا مۇمكىن بولمىسا بىر خوتۇن بىلەن چەكلىنىشى بەلگىلەنگەن④. بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى مەيلى ئىسلام دىنىدا ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى-





دە بولسۇن تەشەببۇس قىلىنغان، ئالقىشلانغان ئىش ئەمەس، شۇنداقلا كەڭ ئومۇملاشقان ئەھۋال ئەمەس. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەمەلدارلارنىڭ، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ، ئاز ساندىكى بايلار ۋە دىندارلارنىڭ ئىشى بولغانلىقى، ئۇنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى بارلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى قىسمەن ساھەلەردە مەۋجۇت بولغان بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ئازادلىقتىن كېيىن قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بىكار قىلىندى. يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى نىكاھ ـ ئائىلە ئەندىزىسى تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق مۇقەررەرلىكىنى ئىنساندىكى سۆيۈش ھېسسىياتى، كۈندەشلىك ۋە شەخسىي ئىگىلەش ئىستىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئوبيېكتىنى تاللاش ئادىتىدە يىگىت ـ قىزلار ئارا مۇھەببەتنىڭ ئەزەلدىن خېلىلا مۇھىم شەرت ياكى ئامىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق. ئېنگېلس شۇنداق ئېيتقان: «ئەگەر پەقەت مۇھەببەتنى ئاساس قىلغان نىكاھلا ئەخلاققا ئۇيغۇن كېلىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا پەقەت مۇھەببەتنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدىغان نىكاھلا ئەخلاققا ئۇيغۇن بولىدۇ»⑤. بۇنىڭدىن شۇنداق پىكىرگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا تارىختىن بۇيان بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ ـ ئائىلە ئەندىزىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، مۇھەببەت نىكاھنىڭ مۇھىم شەرتى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى بۇزىدىغان، كۈندەشلىك، رەشك، ئادالەتسىزلىك پەيدا قىلىدىغان «خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىش» قىلمىشى توسۇلۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتى ھامان ئەخلاققا ئۇيغۇن ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى ئىناقلىق بولۇپ، ئۇ — ئائىلە مۇقىملىقىنىڭ ئاساسى،

شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى ئاكتىپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

## 2. جىنسىي ئەخلاق

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى نوقۇل ئەۋلاد قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئاددىي فىزىئولوگىيىلىك جەريان بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە نىكاھ- ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، نىكاھ جىنسنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. جىنس بولسا نىكاھنىڭ ئاساسىي ئامىلىدۇر. جىنسىي ئەخلاق بولسا ئەر- ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت قائىدە- مىزانلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ ئومۇمىي ئەخلاقتا ئوخشاش ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۆلچەملىرى بويىچە جىنس پائالىيەتلىرىگە باھا بېرىلىدۇ. جىنسىي ئەخلاققا قانۇن، سىياسىي، دىن، مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ۋە ئارىلىششى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىي ئەخلاقى ئۆزىگە خاس بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئۆزگىچىلىك ئۇنىڭدىكى ئىلمىيلىق (جۈملىدىن تېببىي ئىلىم نۇقتىسىدىن ئىش كۆرۈش)، يوشۇرۇنلۇق، سىرلىقلىق، ھالاللىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىي ئەخلاقىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە مەزمۇن ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن:

1. ھالال، ئىلمىي جىنسىي تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلىش

ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك كۆپىيىش، ئاۋۇش، ياشاش جەريانىدا ئۆزلىرى ئىشەنگەن دىنلاردىكى ئەخلاق ئىدىيىلىرىنىڭ نۇرغۇن تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ساغلام كىشىلەرنىڭ بويتاق ئۆتۈشىگە قارشى تۇرۇپ، رېئال دۇنيادىكى ۋە ئۆزلىرى ئىشەنگەن ئاخىرەتتىكى بەختلىك تۇرمۇشقا تەڭ ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەرلەرنىڭ ئادەت، قانۇن، ئەخلاق ۋە دىن بەلگىلىگەن دائىرىدە ئاياللارنى ئەمرىگە ئېلىپ، نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەر-





غىب قىلىپ كەلگەن. بىز ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يېقىن قانداشلىرى بىلەن ۋە ئېرى بار ئاياللار بىلەن توي قىلىشنى توسۇغانلىقىنى مىللەتشۇناسلىق ئىلمىدىكى مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە ۋە قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار مەزكۇر دىندىكى مۇناسىپ بەلگىلىمە بويىچە، ئەرلەرنىڭ نەسەب سەۋەبلىك نىكاھىغا ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللار (ئۆزى بىلەن ئەجدادلىق ياكى ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ھەرقانداق ئاياللار)، قانداشلىق سەۋەبلىك نىكاھىغا ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللار (ئۆزى بىلەن قانداش مۇناسىۋەتتىكى ھامىلار)، قۇدىلىق مۇناسىۋەت سەۋەبلىك نىكاھىغا ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللار (قېينانا ۋە ئۇنىڭ باشقا قىزلىرى، ئۆزى بېقىۋالغان قىزلار، دادىسىنىڭ ياكى ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئۆگەي ئانىسى ...)، ئېمىلداشلىق سەۋەبىدىن نىكاھىغا ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللار ۋە ئېرى بار ئاياللارنى ئەمرىگە ئېلىشنى ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ ھارام ئىش دەپ قاراپ قاتتىق چەكلىدى. بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىپتىدائىي دەۋرلەرگە خاس بولغان يېقىن تۇغقانلار ئارا جىنسىي بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئۈزۈل- كېسىل يوقالغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە ئاساسى بولدى.

ئۇيغۇرلار ئەر- خوتۇنلۇق جىنسىي تۇرمۇشىدا ھەم ئىلمىيلىق، ھەم ھاللىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئەرلەر خەتنە قىلىش، ئاياللار ھەيزدار ۋە نەفاسلىق مەزگىلىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ساقلىنىش، بەدەننىڭ مىزاجىنى تەڭشەشلەر تېببىي ئىلىم نۇقتىسىدىن چىقىپ قىلىنىدىغان ئىشلار ھېسابلانسا، رامزان ئېيىدىكى كۈندۈزدىن باشقا چاغدا ھەم باشقا ۋاقىتلاردا پىنھان ھالدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش (غۇسلى قىلىش)، ئەرلەر نىكاھىغا ئالغان ئايالدىن باشقا ئاياللار بىلەن جىنسىي بۇ-

زۇقچىلىق قىلماسلىق — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەر - خوتۇنچىلىق جىن-
سىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ مۇقىملاشقان.

ئۇيغۇر ئائىلىۋى تۇرمۇشىدىكى ئەر - خوتۇنلارنىڭ جىنسىي
مۇناسىۋەتلىرىگە ئالاقىدار ئەخلاق ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئىنسانىي
ھوقۇقىنى ۋە ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداشتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنى-
دۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ
باراۋەرسىزلىكى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى جىنسىي قورال دەپ قاراپ،
ئۇلارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا سەل قاراپ كەلگەنلىكىدە مەركەز-
لىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق باراۋەرسىزلىكتە جىنسىي تۇرمۇش
ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق، قانۇنلۇق ھوقۇقى دەپ
قارالماي، كۆپىنچە ئەرلەر ئاياللارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئىگىلى-
ۋېلىش، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلماسلىقتەك ئەھۋال ئۈستۈن ئورۇندا
تۇرىدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، مەزكۇر دىنىدىكى ئالاقىدار بەلگى-
لىمە سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەرلەر ئۆز خوتۇنلىرى
ھەيزدار بولغان مەزگىللەردە، تۇغۇتتىن كېيىنكى 40 كۈن ياكى
ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن مۆھلەتتىكى نەفاسلىق مەزگىلدە ئۇلارغا جىن-
سىي يېقىنچىلىق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، ئۇلار پاك بولغانغا
قەدەر ئۇلارنىڭ جىسمانىيىتىگە زەرەر يەتكۈزمەسلىكنى ئادەت قىل-
دى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇر ئاياللىرى ھامىلدار بولغان مەز-
گىللەردە ئەرلەر تېببىي ئىلىم نۇقتىسىدىن ۋە ئاياللارنىڭ سالامەت-
لىكىگە مەسئۇل بولۇش نۇقتىسىدىن ئۇلارغا كۆپ يېقىنلاشماسلىق
ئارقىلىق پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە كاپالەتلىك
قىلىپ كەلدى. دېمەك، جىنسىي تۇرمۇشتىكى كۆيۈمچانلىق، ئى-
ناقلىق، پاكىزلىق، ئىلمىيلىق ۋە ھالاللىق — ئۇيغۇرلار-
دىكى ئەر - خوتۇنچىلىق جىنسىي تۇرمۇشىدىكى ئېسىل ئەخلاقلار
جۈملىسىدىندۇر.

2. پاكلىقنى ساقلاش، جىنسىي بۇزۇقچىلىققا قارشى تۇرۇش
نىكاھ تۇرمۇشىدىكى جىنسىي ئالاقىدىن سىرت، نىكاھ ئۇس-





تىگە قۇرۇلمىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى جىنسىي ھەرىكەت، مە-
سىلەن، يېقىن تۇغقانلار ئارىسىدىكى جىنسىي بۇزۇقچىلىق، پاھى-
شىۋازلىق، باسقۇنچىلىق قاتارلىقلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەزەلدىن
قاتتىق چەكلەنگەن، كۈچلۈك ئەيىبلىنىدىغان، ھەتتا قانۇننىڭ جا-
زاسىغا يولۇقۇپ كەلگەن ئەخلاقسىز قىلمىشلار بولۇپ ھېسابلان-
غان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىشەنگەن مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىدا
راھىبلارنىڭ نىكاھلىنىشى، جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى —
دىنىي ئەقىدىگە، دىنىي ئەخلاققا مۇخالىپ ھەرىكەت بولۇپ چەكلەن-
گەن. نىكاھلىق بولغانلارنىڭ يات كىشىلەر بىلەن جىنسىي تۇر-
مۇش ئۆتكۈزۈشى كەچۈرگۈسىز گۇناھ ھېسابلانغان. بۇددا دىنىدى-
كى «سەككىز پەرھىز» نىڭ ئالتىنچىسى — كۆڭۈلنى خۇش
قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ۋە پائالىيەتكە قارىماسلىق، ئۇنى كۆر-
مەسلىك بولۇپ، بۇ ئاياللارغا قاراش ۋە يېقىنچىلىق قىلىشنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالغان. مانى دىنىدىكى «ئۈچ بەند» نىڭ بىرى دەل
«كۆڭۈل بەند» (زىنا ھەۋىسى قىلماسلىق)، ئون پەرھىزنىڭ
بەشىنچىسى — پاھىشە قىلماسلىقتۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى
ۋەسىقە «مايتىرى سىمىت» نىڭ ئۈچىنچى بۆلۈم ئۈچىنچى ياپرىقى-
دا: «ياخشى (ۋە) نەپسىنى يىغىۋالغان كىشى قىزارتىلغان قىززىق
قوزۇقنى ئۆز كۆزىگە سانجىيدۇكى، ھەرگىز شەھۋانىي كۆڭۈل
بىلەن ئاياللارغا تىكىلىپ قارىمايدۇ…»⑥ دېيىلگەن. بۇ يەردە
تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئاياللار نىكاھلىق ئەرلەر ئۈچۈن ئۆز خوتۇنلىرى-
دىن باشقا بارلىق ئاياللارنى، راھىبلار ئۈچۈن ئومۇمەن ھەممە
ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام دىنىدا نىكاھتىن بۇرۇنقى ھەرقانداق جىنسىي تۇرمۇش
ۋە نىكاھتىن كېيىنكى يات كىشىلەر بىلەن بولغان ھەرقانداق
جىنسىي مۇناسىۋەت «زىنا» دەپ قارىلىپ، كەچۈرگىلى بولمايدى-
غان ئېغىر گۇناھلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەگەر كىمكى
شۇ ئىشنى سادىر قىلغان بولسا، ئۆتكەن دەۋرلەردە شەرىئەت

ھۆكمى تەردىپىدىن چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، دەررىلەش، سازايى قىلىشتەك جازاغا ئۇچرىغاندىن باشقا، جامائەتنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلىشى، ئەيىبلىشىگە دۇچار بولغان. ئەر ـ ئاياللارغا قويۇلىدىغان پاكلىق تەلىپى نىكاھتىن بۇرۇن تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ، كىمكى نىكاھتىن بۇرۇن (مەيلى مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي يوسۇندا بولسۇن) زىنا قىلغان بولسا، خەلق ئارىسىدا بۇ كەچۈرۈلمەيدىغان ئىش ھېسابلانغان. يىگىتلەرمۇ توي قىلىشتىن بۇرۇن لايىقىنىڭ ئېرىغ، قول تەگمىگەن، پاك بولۇشىنى دەسلەپكى، شۇنداقلا ھەممىدىن مۇھىم شەرت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنداق ئادەت ۋە ئەخلاق ئېڭى ھازىرمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە داۋاملاشماقتا.

## 3. ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلىرى

ئاتىلىق ھوقۇقچىلىقى تۈزۈمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى، دىنىنىڭ ھامىيلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قەدىمدىن تارتىپلا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلىرىدە بىر قەدەر ئېنىق ئىش تەقسىماتى شەكىللىنىپ، بۇنداق ئىش تەقسىماتى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئائىلىدە بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئۈستىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئادەت بويىچە ئەرلەر خوتۇنلىرىغا نىسبەتەن، ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ ـ جاي، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى بېرىش، تۆت ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ ئۇلار بىلەن جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ پارچە ـ پۇرات خىراجەتلىرىنى كەم قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان يېقىن-



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

-لىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە يوقلىشىغا رۇخسەت قىلىش، ئۇلار كېسەل بولۇپ قالسا داۋالىتىش، بىھۇدە ئۇرۇپ ـ تىللىماسلىق، ئۆلۈپ كەتسە دەپنە قىلىش ۋە نەزىر ـ چىراغلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۇلارنىڭ جىسمانىيىتىگە زەرەر يەتكۈزىدىغان جىنسىي مۇئامىلىدىن ساقلىنىش ... قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاياللار ئەرلەرگە نىسبەتەن، چوڭ ئىشتا ئەرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش، ئەرلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلاش، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداش، ئەرلىرى مەنپەئەتلىنىشنى تەلەپ قىلغاندا ماسلىشىش، ئائىلە ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈش ... تەك مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنداق مەجبۇرىيەتلەردە ئاياللارغا نىسبەتەن بەزى تەڭسىزلىكلەر بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مىزانى بولۇپ مۇقىملاشقان ۋە ئىسلام دىنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھەم قوغدالغان بولغاچقا، داۋاملىق جارى بولۇپ، ھەممە كۆنگەن ئادەتكە ئايلانغان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا ئېسىل ئەخلاقىي تەركىبلەر مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا قىلىدىغان ھەر تەرەپلىمە مۇئامىلىسى ئىگىلىۋېلىش، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىناقلىق، مەسلىھەت، ھەمكارلىقتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىب «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇدغۇرمىش ئېغىزىدىن:

«3573 جاھان تاتلىغكىم بۇ ئۈچ نەرسىدۇر،
بۇ ئۈچىنىڭ لەززىتى باراۋەر تۇرۇر.
3574 يېمەك ـ ئىچمەك ئېرۇر بۇ ئۈچىنىڭ بىرى،
خوتۇندۇر ئۇ بىرى سۆيۈنسە ئېرى.
3584 خوتۇن بىرلە سۆھبەت تولا بەك تاتلىق،
سوغۇق سۇغا چۈشمەك جاپاسى قاتتىق.»

دەپ، ئائىلىۋى تۇرمۇشتا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىناق، سۆھبەتداش بولۇشى توغرا، بەختلىك ھايات يولى ئىكەنلىكىنى مۇئەي-

يەنلەشتۇرگەن . ئۇ يەنە داستاننىڭ «ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلـ
ـمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانىدا» ، «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرـ
ـمىش بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى بايانىدا» قاتارلىق بابلىرىدا ئائىـ
ـلىۋى تۇرمۇشتا ئاياللارغا توغرا مۇناسىۋەتتە بولۇش ، ئائىلىدىن
سىرت شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك ، ئائىلىنى ھالال كىرىم
بىلەن ئىدىتلىق باشقۇرۇش ، ئايالنى ئەزىزلەشتەك ئىجابىي قاراشـ
ـلارنى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى تەشەببۇس قىلغان . مۇھەممەد سىدىق
رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىككى بابى ھەم مۇـ
ـھەببەت ـ نىكاھ ئىشلىرى ، خوتۇن ـ قىزلارنى ھۆرمەتلەش ۋە
ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە بولۇپ ، بۇ ئەسەردىكى
قاراشلارمۇ بەك ئىلغار ۋە ئىجابىيدۇر . مۇھەممەد سادىق قەشقەرىـ
ـنىڭ «ئەدەبۇسسالىھىين» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۆتىنچى بابى
«ئەر ـ خوتۇن ۋە ھەممام (مۇنچا) ئەدەپلىرى» بولۇپ ، ئۇنىڭدا
مۇنداق بايانلار بار : «... ئۈچىنچى ، ئەر خاتۇنغا ياخشى زەندەگانى
(تۇرمۇش ) قىلغاي ۋە يۈزىنى ئوچۇق تۇتقاي ۋە بىھۇدە غەزەپ
قىلمىغاي ؛ ... تۆتىنچى ، خاتۇننىڭ جاپاسىغە سەۋر قىلغاي ۋە
ئەگەرچە خاتۇن تەندىخۇيلۇق ۋە دىرەشتىكويلۇق قىلسە ، ئېيرانـ
ـنىڭ بارىسىغە رەفق ۋە مادارا ۋە ھېكمەت ۋە مۇۋاسا بىرلە مۇئامىلە
قىلغاي» ، «خاتۇننىڭ ئەر بارىسىدا قىلىدىغان ئەدەپلىرى بايانىدە-
كى ... ئەۋۋەل خاتۇن ئېرىنىڭ ئىزنىسىز ھېچ جايغا بارمىغاي ۋە
ھېچ كىمەرسىنى ئۆيگە كەلتۈرمىگەي ۋە ئېرىنىڭ مالىنى بىئىزنىـ
ـسىز (رۇخسەتسىز ) سەرف قىلماغاي ... ئۈچىنچى ، ئېرى شاد
بولسە شاد ، غەمكىن بولسە غەمكىن بولغاي ؛ تۆتىنچى ، ئېرىنىڭ
تاپقىنىغا قانائەت قىلغاي ؛ ... ئالتىنچى ، ئېرىگە مۇۋەپپەقىيەتچىـ
ـلىك قىلغاي»⑦ . بۇ خىلدىكى ئەر ـ خوتۇن ئىناقلىقىنى تەرغىب
قىلىدىغان بايانلار ئەسەردە يەنە كۆپ ئۇچرايدۇ .

ئۇيغۇرلاردا «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن ، ئۆڭكۈر بولـ
ـسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن ، ئاقساق بولسىمۇ ئۇلىغىڭ بولسۇن» دېگەن





ماقالىلاردا ئېيتىلغاندەك ، ئايال ئۇچۇن ئائىلە قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۇـ
ـكى تەرغىب قىلىنسا ، «ئايال كىشى ئۆينىڭ زىننىتى» ، «باقمىـ
ـساڭ مېلىڭ كېتەر ، خورلىساڭ خوتۇنۇڭ كېتەر» ، «تالادىكى
ئايجامالدىن ئۆيۈڭدىكى ھەلىمە پاخپاق ياخشى» ، «تىلى يامان ئەرـ
ـدىن تۇللۇق ياخشى» ، «ئۆينىڭ بەرىكىتى خوتۇندىن» ، «ياخشى
خوتۇن ئەرنى تۈزەيدۇ» ... دېگەن ماقال ـ تەمسىللەردە كەلگەنـ
ـدەك ، ئايال ئۆينىڭ بەرىكىتى ، بالىلارنىڭ بەختى دەپ قارىلىپ
ئىززەتلىنىپ ، ئەر ـ خوتۇنلار ئارا تىللىشىش ، ئۇرۇشۇش ، بىھۇـ
ـدە قېيىداشتەك بىمەنىلىكلەردىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىلىدۇ . تارىخـ
ـنى ۋاراقلاپ باقساق ، بىزگە شۇ ئايان بولىدۇكى ، ئۇيغۇر ئائىلىلىـ
ـرىدە باشقا جەمئىيەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى بىر
قەدەر كۆپ ، ئورنىمۇ ئۈستۈن ، تاللاش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولغان .
بۇنداق ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارا ھۆرمەت ،
ھايا ، يول قويۇش ، مەسلىھەت ، كېڭىشىش ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى
بىلىش ۋە ئادا قىلىش ... لار يالغۇز ئادەتلا ئەمەس ، مۇھىمى ئۇ
گۈزەل ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە تەۋە ھادىسىلەردۇر .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىلىرىدىكى ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىـ
ـدىكى ئەخلاق نورمىلىرى پۈتۈنلەيلا ئىجابىي ، ئىلغارمۇ ئەمەس .
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كونا ئادەت ۋە دىنىي ئەقىدە سەۋەبىدىن ، ئەينى
بىر ئەخلاقىي تەلەپ ئاياللار ئۇچۇن قاتتىق ، ئەمما ئەرلەر ئۇچۇن
يۇمشاق بولىدىغان ، ئاياللارنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىنـ
ـسانىي ھوقۇقلىرىنى چەكلەش بەدىلىگە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ،
ئەرلەرنىڭ ئەخلاقىي سۈپىتىگە بەزى جەھەتلەردە ئاياللارغا قارىتىلـ
ـغاندەك قاتتىق تەلەپ قويۇلمايدىغان ... ئەھۋاللارمۇ ساقلانغان ۋە
ھازىرغىچە بەزى ئائىلىلەردە يەنىلا داۋاملاشماقتا . بۇ ، مىللەتنىڭ
ئومۇمىي ساپاسى ، ئويغارلىق دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ
مۇقەررەر تۈزۈلىدۇ .

## 3 . ئائىلىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى

نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالاھىدە بىرخىل شەكلى بولۇش سۈپىتىدە ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدە مەۋجۇت ، شۇنداقلا ھەممە ساھەلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ . نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقى نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ، ئۇنىڭ رولى نىكاھ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا تايىنىدىغان مۇھەببەت ۋە ئائىلىنىڭ ھېسسىيات ئورتاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەمدە ئائىلىدىكى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئېغىز، گەپ ـ سۆزى ، ھەرىكەت ـ قىلىقىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، ئائىلىنىڭ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ، ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىنى قامداش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ . ئۇيغۇر ئائىلىلەرىدە ياشايدىغان ھەربىر كىشى دېگۈدەك باراۋەر بولۇپ ، دەرىجە جەھەتتە ئېسىل ياكى پەس دېگەن پەرق يوق . ئائىلىدىكى ھەربىر ئەزا ئائىلە دائىرىسىدىكى بارچە پائالىيەتلەردە بىر قاتار ھوقۇقلاردىن ، مەسىلەن ، ئىشلەش ـ ئارام ئېلىش ھوقۇقى ، جىسمانىيىتىدنى ساقلاش ۋە قوغداش ھوقۇقى ، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ھوقۇقى ، ھۆرمەتلەش ۋە ھۆرمەتلىنىش ھوقۇقى ، كۆڭۈل ئېچىش ھوقۇقى ، راھەتلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەلۇم مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ . ئەمما ئائىلىدىكى ھەربىر ئەزانىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدە شەكىل جەھەتتە بەلگىلىك پەرقلەر ساقلانغان بولىدۇ .

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىكى «ئۈچ ئەركان» (پۇقرالار پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ، پەرزەنت ئاتىنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ، خوتۇن ئەرنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ) ، ئايالالارغا قارىتىلغان «ئۈچتە ئىتائەت ، تۆتتە ئەدەپ»





(ياتلىق بولماستا ئاتىغا بويسۇنماق ، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئەرگە بويسۇنماق ، ئەر ئۆلگەندىن كېيىن ئوغۇلغا بويسۇنماق ؛ ئايال ئەخلاقى ، ئايال گەپ ـ سۆزى ، ئايال سياقى ۋە ئايال ئىشىدىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىكى ئەدەپ ) دېگەندەك قېلىپلاشتۇرۇلغان ئەخلاق مىزانلىرى يوق بولسىمۇ ، ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىرقەدەر نوپۇزغا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئەرلەر ھوقۇقچىلىقى قارىشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ، ئايالىنىڭ ۋە بالىنىڭ ئاتىغا بويسۇنۇشى — ئائىلىۋى ئادەت ئەنئەنىسى بولۇپ ھېسابلانغاندىن سىرت ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتىغا ۋە ئانىغا بويسۇنۇشى ، خوتۇننىڭ ھەربىر ئىشتا ئەرنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشى — ئائىلە ئەخلاقىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى بولۇپ كەلگەن . شۇنداقتىمۇ ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئاياللارنىڭ ئەرلەر ئالدىدىكى ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانا ئالدىدىكى پىكىر قىلىش ھوقۇقى ، تاللاش ھوقۇقى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ كەلگەن . ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە قارىغۇلارچە بويسۇنۇش ئەمەس ، مۇھىمى ئەقلىي يېتەكچىلىك ۋە ئۆيغۇنلۇق ، كېلىشىش ئاساسىي مەۋقە بولۇپ كەلگەن . ئاياللار ئاللىقانداق «ئەركان» ۋە «ئەدەپ» لەرنىڭ ئاسارىتىدە تۇرماستىن ، خوتۇن ياكى ئانا بولۇش سۈپىتىدە بىر قاتار ئېتىبار مۇئامىلىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن . بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ئەخلاقىنىڭ قاتمال ، ئۆلۈك يوسۇنلاردىن خالىي بولۇشتەك بىر ئالاھىدىلىكىدۇر .

### 1 . ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش

ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي نورمىلارنى مۇلاھىزە قىلغاندا ، بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرى بولغان ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەخلاق ئەنئەنىسىگە سەل قارىيالمايمىز . بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە يېتەرلىك دەرىجىدە توختالغان بولغاچقا ، بۇ يەردە قىسقىچە بايان قىلىش بىلەن قانائەتلىنىمىز .

ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنى مىڭ جاپا - مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشىدۇ، ھالبۇكى پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنى خارلىشى، قېرىلىقىدا تاشلىۋېتىشى — ئەزەلدىن بۇيان ھەرقايسى جەمئىيەتلەردە قىسمەن ساھەلەردە ساقلىنىپ تۇرغان چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. بەزى دۆلەتلەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانۇنىي مەجبۇرلاش ۋاستىسىنى قوللانغان. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ «ئاساسىي قانۇن» ىدا «قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى بېقىش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بار» دېگەن ماددا بار. ئۇيغۇرلار مەيلى ئىجتىمائىي سەۋەبتىن بولسۇن ياكى دىنىي سەۋەبتىن بولسۇن، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانا ئەمرىگە بويسۇنۇشىنى، ئۇلارغا ۋاپادار بولۇشنى ئاللاغا بويسۇنۇش بىلەن بىر يەردە قويۇپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىشلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلار ھايات ۋاقتىدا ھەربىر ئىشتا ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش، نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىشنى ئىستەيدۇ. ئاغرىپ قالغاندا بارلىق چىقىملىرىنى يالغۇز ياكى قېرىنداشلار بىلەن تەڭ تارتىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، پات - پات قەبرە بېشىغا بېرىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق پەرزەنتلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك ئەمەس بولۇپ، ئومۇمەن چوڭلارغا يول قويۇش، ئاتا - ئانىغا ھەربىر ئىشتا ۋاپادار بولۇش، ئىتائەت قىلىش — گۈزەل ئەخلاق دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ ئېنىق قىلىپ پەرزەنتلەرنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ياكى ئىمانىغا دەخلى يەتمەيدىغان ھەرقانداق ئىشتا ئاتا - ئانىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشى بۇيرۇلغان. ئۇيغۇرلاردا پەرزەنتلەر نىكاھلىق بولغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىدىن ئۆي ئايرىشقا ئالدىرىماي، ئۇلارنىڭ بىر





مەزگىل خىزمىتىنى قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆي ئايرىيدۇ. ئەمما، يالغۇز ئوغۇللار ياكى كەنجى ئوغۇللار ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۇلار ۋاپات بولغۇچە تۇرۇپ، ئۇلارغا ھەمراھ بولىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاتا - ئانا تاشلىۋېتىلمەيدۇ. كىمكى ئاتا - ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق، ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇلار جامائەتنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە دۇچار بولغاندىن سىرت، دىنىي ئەقىدە تەرىپىدىن قاتتىق تىزگىنلىنىپ تۇسۇلىدۇ.

### 2 . پەرزەنتلەرنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش

ئۇيغۇرلاردا ئوغۇللارغا ئېتىبار بېرىپ، قىز پەرزەنتلەرگە سەل قارايدىغان ئادەت يوق دېگۈدەك. ئاياللار ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇنلار جىنسىي تۇرمۇشقا بەلگىلىك چەك قويۇش ئارقىلىق ھامىلىنىڭ ياخشى ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئاياللار ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ - سۆز، يېمەك - ئىچمەك ۋە ھەرخىل پائالىيەتلەردە بىر قاتار پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىپ، كۆڭۈل - كۆكسىنى ئازادە تۇتۇپ، چىرايلىق، ئىنساپلىق پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئوغۇل تۇغۇلسا زىيادە خۇشال بولۇپ، قىز تۇغۇلسا خاپا بولىدىغان، قىزلارنى خورلايدىغان قىلمىشلارنى كەسكىن ئىنكار قىلىپ، ھەممىنى تەڭرىنىڭ ھەدىيىسى دەپ ياخشى مۇئامىلە تۇتىدۇ. بۇنداق قاراشقا تەقدىرچىلىك خاھىشى سىڭگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رېئال ئەھمىيەت جەھەتتە ئىجابىي ئىش، گۈزەل ئەخلاق سانىلىدۇ. پەرزەنت تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇلارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇپ ھەر تەرەپلىمە تەربىيىنى باشلايدۇ.

ئۇيغۇرلار پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم ۋە ئەدەپ - ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ بېرىدۇ. ئىلىم تەربىيىسىدە ئاساسەن ئەتراپىدىكى تەبىئىي ھادىسىلەر، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تونۇش، ئۆزىنى بىلىش، دىنىي

ئىلىم، پەننىي ئىلىم، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بىلىمى، هەرخىل هۈنەر - سەنئەتنى ئۆگىنىش تەربىيىلىرى ئاساس قىلىنسا، ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسىدە كىچىكىدىن تارتىپلا توغرا سۆزلۈك، راستچىل، ئىشچان، مەرد، هايالىق، دۇرۇس، ئاق كۆڭۈل، قورقماس، ئوچۇق - يورۇق، ئىرادىلىك، سەۋر - تاقەتلىك، كەمتەر، دوستانە بولۇش تەربىيىلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ تەربىيىلەر بالىلارغا ئاتا - ئانىلار ئۈلگە بولۇش، بالىلارنى ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش، ئۇلارغا ئۇستاز تۇتۇپ بېرىش، ئۇلارنى بالىلار ئويۇنلىرىغا قاتناشتۇرۇش، ئەخلاقىي هېكايىلەرنى سۆزلەش، تەنبىھ بېرىش... قاتارلىق پائالىيەتلەر جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىدە ئۆزلىرىنىڭ غايەت زور مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى هەردائىم هېس قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ماددىي، ئەقلىي، هېسسىي جەهەتلەردە كۆپ قۇربانلارنى بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئائىلىدە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە بولغان هەرقايسى تەرەپلەردىكى تەربىيىنى كىچىكىدىن باشلاشنى بەك تەكىتلەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت بېيىتلەردە شۇنداق دېيىلگەن:

«1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۇلۇغلۇق بولۇر.
1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلمىگۈچە ئۇنتۇماس ئۇنى.»

نەۋائىي هەم شۇنداق دېگەن: «بالىلارنى تەربىيىلەشتە ياخشى ئىشلارنى ئۆلچەم قىلىپ كىچىك چېغىدىلا پەرۋىش قىلىشنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر. بالىغا كىچىكىدىن ياخشى تەربىيە بېرىلسە، ئۇ چوڭ بولغۇچە پىشىپ - يېتىلىپ، ياخشى ئادەم بولۇپ، هەتتا ئەلگە رەهبەر بولۇپ، ئاخىرى شان - شەرەپ قازىنىدۇ»⑧. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خەلق ئارىسىدىكى «بالىنى ياشتىن





ئۆگەت، خوتۇننى باشتىن ئۆگەت» دېگەن ماقالدىكىدەك، ئاتا - ئانىلار هەر تەرەپلىمە تەربىيىنى بالىلار كىچىك ۋاقتىدىلا باشلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇستىدىكى هەقلىرىنى بالدۇر ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلەرنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش ئادەتلىرىدە ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇش كۆپرەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ هەقتە «قۇتادغۇبىلىك» تە شۇنداق دېيىلگەن.

«1219 ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئېرۇر،
ئاتاسى - ئاناسى بەختلىك بولۇر.
1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.
1221 زەكىي بولسا ئاللىم، ئوغۇل ئاتىسى،
ئۇنى تۇتقۇلۇق چىڭ، شۇدۇر چارىسى.
1224 كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا،
ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئاتاغا جاپا.
1226 قىسىپ تۇتسا ئوغلىن ئاتا ئۆگىتىپ،
ئوغۇل - قىز سۆيۈنۈر چوڭايسا تولۇپ.
1227 ئوغۇلنى قىسىپ تۇت ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كەلمىسۇنلەر كېيىن كەلگۈچى.
1491 ئۇنى قويمىغىن بوش، قاتتىق تۇت سىقىپ،
تۇتۇلسا ئوغۇل چىڭ، تاپار قۇت بېرىپ.
1494 ئوغۇل - قىز ئايىماي تاياق بىرلە ئۇر،
تاياق) قىز - ئوغۇلغا بىلىم ئۆگىتۇر.»

يۇسۇپ خاس هاجىبنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنى چىڭ تۇتۇش، هەتتا ئۇلارغا تاياق سېلىش تەشەببۇسىدا قانچىلىك چەكلىمىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلارنى ئاسراش ۋە ئۇلارغا مەسئۇل بولۇشىدىكى خاس ئۇسۇلى هېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئۇيغۇرلاردا ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنى ئاسراشنىڭ

ئەكسىچە، ئۇلارنى تىل - ھاقارەت ۋە تاياق - توقماق بىلەن ئەدەپلەشكە مايىل دېگەنلىك ئەمەس. دەل ئەكسىچە، خۇددى «بالىنى ئۇرساڭ گۆشى قاتىدۇ، تىللىساڭ يۈزى قاتىدۇ» دېگەن ماقالدا كەلگەندەك، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىگە پايدىلىق بولىدىغان ئىشلاردا قاتتىق باشقۇرۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ ھەم ئادەت، ھەم پەرزەنتلەرگە بولغان ھەقىقىي كۆيۈمچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېسىل ئەخلاقتۇر.

مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە ئىلگىرى قىز پەرزەنتلەر «تالانىڭ ئادىمى» دەپ قارىلىپ، ئۇلارنى نوقۇل ئۆي ئىشى ۋە دىنىي ئىلىم جەھەتتە ساۋاتلىق قىلىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا قىز - ئاياللارنىڭ ئەخلاقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان، ھەرخىل ئەخلاق تەلەپلىرىمۇ ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار ئۈچۈن قاتتىقراق بولغان، ئەخلاق قىز - ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى دەپ قارالغان، شۇنداقلا قىز - ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قىسسە - رىۋايەتلىرىدە قىز - ئاياللارنىڭ شەرەپ، نومۇس، قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىققا ئوخشاش بىر قاتار پەزىلەتلەرنىڭ ساھىبى قىلىپ تەسۋىرلىنىشى شۇ پىكرىمىزنىڭ قىسمەن دەلىلىدۇر. تارىخچى گەردىزىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە «شۇبھىسىزكى، توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) ئاياللىرى ئىنتايىن ئەخلاقلىق كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. يېقىنقى دەۋردە زامانىۋى مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي تىكلىنىشى ۋە مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى ئائىلىلەردىكى قىز - ئاياللارغا قويۇلىدىغان ئەخلاقىي تەلەپلەرنىڭ مەزمۇنىدا قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ





ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوقاتقىنى يوق، ئەكسىچە يېڭى شارائىتتا يېڭىچە ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئىگە بولماقتا.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرگە يۇكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش، سەۋرچانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق قاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنى ھاياتنىڭ داۋامى، نەسەبىنىڭ ۋارىسلىرى دەپ قاراپ ئاسراش ۋە ئىززەتلەش، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىشنى ئۆمۈرلۈك زور ئىش دەپ قاراش — ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا تۇتقان مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئېسىل ئەخلاقنىڭ مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3. قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر ئارا ئىناقلىق

ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىقتىدارىدىن بىرى — ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ھېسسىيات بىرلىكىنى ساقلاش، قانداشلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەتلەرنى ھېسسىي تەركىبلەر بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش بولۇپ، بۇنداق ھېسسىيات بىرلىكى دەل ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتۇر. بۇنداق مۇھەببەت پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرىسىدا، شۇنداقلا پەرزەنتلەر ئارا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئىنساننىڭ بوۋاقلىق ۋە بالىلىق چاغلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان كىشىلىرى كۆپىنچە ئاكا - ئىنى (قېرىنداشلار) ۋە ئاچا - سىڭىل (ھەمشىرە) لىرى بولىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئويناپ، بىر - بىرىنى بېقىشىپ، بىر - بىرىگە ھامىيلىق قىلىپ، ھەممە ئىشتا دېگۈدەك بىرگە بولىدۇ. ئاكىلار ۋە ئاچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىش، ئىنى - سىڭىللىرىنى بېقىش، ئۇلارغا ھەربىر ئىشتا ئۈلگە بولۇش

ئۇمۇمىيۈزلۈك ئادەت ھېسابلانسا، ئىنى ـ سىڭىللار ئۇچۇن ئاكا
ۋە ئاچىلىرىنىڭ مۇناسىپ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، يول قويۇش،
ھۆرمەت قىلىشمۇ ئائىلىدىكى مۇھىم ئادەت سانىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە قەدىمدىن كۆپ باللىق بولۇش ياخشى
دەپ قارالغان، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدى-
كى مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېتىبار بەرگەندىن باشقا، پەرزەنتلەر
ئارىسىدىكى ئىناقلىق، مۇھەببەت، تەقدىرداشلىق ھېسسىياتلىرى-
نىڭ يېتىلىشىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان. پەرزەنتلەر ئىتتىپاق
بولسا جەمەتنىڭ گۈللىنىدىغانلىقى، ئىتتىپاقسىز بولسا جەمەت
ئۇچۇن نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنغان. ئۇيغۇرلاردا
قېرىنداشلار ئۆزئارا ئىناق ـ ئۆم ھالەتكە دىققەت قىلغاندىن باشقا،
ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئاكىنى ئاتا ئورنىدا، چوڭ
ئاچىنى ئانا ئورنىدا كۆرۈپ شۇلارغا تايىنىدىغان، چوڭ ئاكا ۋە
چوڭ ئاچىلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قالغان ئۇكا ـ سىڭىللى-
رىنى ئۆز بالىلىرى بىلەن بىر قاتاردا بېقىپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى
تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدىغان، قىيىنچىلىقتا قالغان بى-
رەر قېرىندىشىنى ھەممىسى بىرلىشىپ قۇتقۇزىدىغان، ئاتا ـ ئاند-
سى بېقىۋالغان ئۇكا ـ سىڭىللار بولسىمۇ ئۇلارغا ئۆز قېرىندىشى-
دەك مۇئامىلە قىلىدىغان، مىراس بۆلۈشۈش مەسىلىسىدە ئارتۇقچە
دە ـ تالاش قىلىشمايدىغان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى
دەپنە قىلىش ۋە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىنى تالىشىپ
ئۈستىگە ئالىدىغان، قېرىندىشى ئۆلۈپ كەتسە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى
ئۆزى باقىدىغان، ھەمشىرىسى ئۆلۈپ كەتكەندە ھەمشىرىسىنىڭ
ئېرىگە ياتلىق بولۇپ، بالىلىرىنى ئۆزلىرى باقىدىغان ··· ئادەتلەر
بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدىكى ئېسىل ئەخ-
لاقلار جۇملىسىدىندۇر. بۇنداق ئەخلاقىي ئاڭ ۋە ئادەتلەر خەلق
ئارىسىدىكى «بىر تۇغقاننىڭ بېغى چىڭ»، «ئاكىنى كۆرۈپ ئىنى
ئۆسەر»، «قان قېرىنداش ـ جان قېرىنداش»، «قېرىنداشنى





يۇرەك تونۇيدۇ»، «تۇغقاننىڭ ئېتى تۇغقان، دۈمبالىسىمۇ تۇغ-
قان» دېگەن ماقاللاردا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئائىلىۋى تۇرمۇشىدا
ئائىلىنى ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ بازىسى، مەكتىپى، ئىناقلىق،
ئۈملۈك، مېھىر ـ مۇھەببەت، مەسئۇلىيەتچانلىق ··· قاتارلىق
گۈزەل ئەخلاقلار باشلىنىدىغان ئورۇن دەپ قاراپ، ئەر ـ
خوتۇنلار، ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى ئېسىل
ئەخلاق نورمىلىرى ئارقىلىق تىزگىنلەپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ كې-
لىش ئارقىلىق، ئەخلاق ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان نىكاھ ـ ئائى-
لە ئەندىزىسىنى يارىتىپ كەلگەن. يېقىنقى مەزگىللەردە تۈرلۈك
ئىجتىمائىي تەسىرلەر سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋەتلى-
رىدىكى ئەرلەر بىلەن ئاياللار بەزى جەھەتتە باراۋەر بولماسلىق
ئەھۋالى تەدرىجىي تۈگەشكە باشلاپ ياخشىلىق يۈزلىنىشى بارلىققا
كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ
يېڭىلىقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى ئادەت
ۋە ئەخلاق نورمىلىرىغا قىسمەن سەلبىي تەسىرلەرنىمۇ ئېلىپ كەل-
دى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە ئەخلاقىدىكى ئېسىل تەرەپلەر-
نى ھازىرقى زامان تۇرمۇش شارائىتىدىكى ئائىلىلەردە قانداق جارى
قىلدۇرۇش ۋە يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش — ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدىكى ھەربىر كىشى، جۈملىدىن مەزكۇر ساھەدە ئۆزى-
نىڭ مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارايدىغان ئىلىم ساھەبلىرى ئالدىغا
قويۇلۇۋاتقان بىر ۋەزىپە بولسا كېرەك.

**ئىزاھلار:**

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەش-
رىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 529 ـ،
531 ـ، 533 ـ بەتلەر.

② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە نىسا، 4 ـ ئايەت، مىللەتلەر

نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى .
③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : « ‹قۇتادغۇبىلىك › » خەزد-
ىنىسى » گە ئېلىنغان نەقىل ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ،
1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 349 ـ بەت .
④ «قۇرئان كەرىم » ، سۇرە نىسا ، 3 ـ ئايەت ، مىللەتلەر
نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى .
⑤ «ماركس ، ئېنگلىس ئەسەرلىرى » ، 4 ـ توم ، خەلق
نەشرىياتى ، 1972 ـ يىلى نەشرى ، خەنزۇچە ، 78~79 ـ بەتلەر .
⑥ ئىسراپىل يۇسۇپ ، ئابدۇقەييۇم خوجا ، دولقۇن قەمبىرد-
لەر نەشرگە تەييارلىغان : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايتىرى
سىمىت » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى 7 ـ ئاي
1 ـ نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 77 ـ بەت .
⑦ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى : « «زۇبدەتۇل مەسائىل ۋە
ئەدەبۇسسالىھىين » ، تاش مەتبە نۇسخىسى ، 247~248 ـ بەتلەر .
⑧ تۇرغۇن يىلتىز ، ئەزىز سارتېكىنلەر تۈزگەن : «نەۋائى
دۇردانىلىرى » ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1999 ـ يىلى 9 ـ
ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 61~62 ـ بەتلەر .





# 6 ـ بۆلۈم

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپىي ئەخلاقى

## 1 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپىي ئەخلاقى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى

كەسپىي ئەخلاق — ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىلىرى ئىچد-
ىكى ، جۈملىدىن ئەخلاق ئىچىدىكى ئۆزگىچە بىر ساھە بولۇپ ،
ئۇ ئەزەلدىن بار بولۇپ قالماستىن ، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىما-
ئىي ـ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى-
نىڭ مەھسۇلىدۇر . ئۇ كىشىلەرنىڭ كەسپىي پائالىيەتلەر داۋامىدا
ھازىرلىشىغا تېگىشلىك بولغان ، ئۆزلىرىنىڭ كەسپى ، ھۈنىرى ،
خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئەخلاق نور-
مىلىرى ، مىزانلىرى ۋە قائىدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنداق ئەخلاق
نورمىلىرى ۋە مىزانلىرى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى كەسپلەرنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى ، كەسپلەر ئارىسىدىكى ھەمدە كىشىلەرنىڭ
كەسپىي تۇرمۇشىدىكى ئەمگىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتى
ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرگە ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇي-
غۇن ھالەتتە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول
ئوينايدۇ .
كەسپىي ئەخلاق بىلەن پۈتۈن ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ تەرەق-
قىيات قانۇنىيىتى ئوخشاش بولۇپ ، ئۇ يېگانە ، رېئاللىقتىن ھالقى-

غان نەرسە ئەمەس ، بەلكى ھەرخىل ئامىللارنىڭ ، جۈملىدىن جۇغ-
راپىيىۋى شارائىت ئامىلى ، ئىقتىسادىي ئامىل ، سىياسىي ئامىل ،
مەدەنىيەت ئامىلى ، دىنىي ئامىل قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراي-
دۇ . شۇڭلاشقا ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان تۈزۈم
ۋە ھالەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى نورمىلار ،
مىزانلار ۋە قائىدىلەرمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ئوخشاپ كەتمەيدۇ .
ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر ـ كە-
سىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتىنى مەنبە قىلغان ، ئۇيغۇر
ئەجدادلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان . ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ، ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي تارىخىي
مۇساپە ۋە تۈرلۈك ھالەتلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ، ئۇي-
غۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى باشقا مىللەتلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى-
دىن پەرقلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرلىغان ، ئۆزگىچە مىللىي
ئۇسلۇبنى ھاسىل قىلغان .

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەت-
لىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش
لازىمەتلىكلىرىنى ياسايدىغان ساھە — ھۈنەر ـ كەسىپكىمۇ كۆپ
ئېتىبار بېرىپ ، شانلىق ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسىنى ، نەتىجى-
لىرىنى ياراتتى . بۇ جەرياندا ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە يازما
ئەنئەنىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئۆزلىرى شۇغۇللانغان ھۈنەرلەرنىڭ
ئىش تەرتىپى ، جەريانى ، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى يې-
زىق بىلەن خاتىرىلەپ ، ئۇلارغا يەنە ھەرقايسى ھۈنەر ـ كەسپلەر-
نىڭ رىۋايەتلىك تارىخى ، ھۈنەر ـ كەسپلەردە رىئايە قىلىشقا
تېگىشلىك پەرھىزلەر ۋە ئەخلاق نىزاملىرىنى قوشۇپ ، ئالاھىدە
ھۈنەر ـ كەسىپ قوللانمىلىرىنى روياپقا چىقاردى . بۇ ھازىر بىز
كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان «ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى» دېگەن نام
بىلەن ئاتىلىۋاتقان كىچىك دەستۇرلاردۇر . ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر ـ
كەسپلەر ئۇلارنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىغا قاراپ





يىرىك ھۈنەر ۋە مەيدە ھۈنەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان . يىرىك
ھۈنەرلەر يەنە پىرلىق (ئىجاد قىلغۇچىسى بار دەپ قارىلىدىغان)
ھۈنەر دەپمۇ ئاتالغاندىن باشقا ، يەنە ئىش جەريانى ، قورال ـ
سايمىنى ، رىۋايەتلىك تارىخى ، ئىش ئەخلاقى … بايان قىلىنغان
بىرقەدەر مۇكەممەل رىسالىسى بار بولغانلىقى ئۈچۈن ، يەنە «رىسا-
لىلىك ھۈنەر» دەپمۇ ئاتالغان . خەلق ئارىسىدا ھۈنەر ـ كەسىپ
رىسالىلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ ، ئومۇمەن خەلقنىڭ تۇرمۇشى
ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭراق ھۈ-
نەر ـ كەسپلەرنىڭ رىسالىلىرى بار بولغان . ھازىرغىچە مەلۇم
بولغان ھۈنەر ـ كەسپلەردىن تېرىقچىلىق (دېھقانچىلىق) ، ناۋاي-
لىق ، ئاشپەزلىك ، باققاللىق ، قۇيمىچىلىق ، قاسساپلىق ، كىگىز-
چىلىك ، تېرىقچىلىق ، جۇۋا ـ تۇماقچىلىق ، شامچىلىق ، سوپۇنچى-
لىق ، يىپەكچىلىك ، بابكارلىق (توقۇمىچىلىق) ، بوياقچىلىق ،
ياغاچچىلىق ، تۆمۈرچىلىك ، سودىگەرچىلىك ، ساتىراشلىق قاتارلىق
22 ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ رىسالىسى بار . بۇندىن باشقا يەنە بەزى
ھۈنەر ـ كەسپلەرنىڭ رىسالىلىرىمۇ بايقالماقتا .

ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ھەققىدىكى مۇلاھىزىدە مۇشۇ
ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىدىن سۆز ئېچىشىمىزنىڭ
سەۋەبى شۇكى ، ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىدە ئەجدادلىرى-
مىز ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ھۈنەر ۋە كەسپلەرنىڭ باشلىنىشىنى
دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن قەدىمكى خرىستىئان ، يەھۇدىي ، ئىسلام
دىنلىرىدىكى پەيغەمبەرلەرگە ، ئەۋلىيالارغا چېتىپ قويغانلىقى ،
ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت قائىدىلەردە قويۇق دىنىي تۈسنىڭ بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلاردىكى ھۈنەرۋەن ، كاسىپلارنىڭ ساقلىنى-
شىغا تېگىشلىك يامان قىلىق ۋە ئادەتلىرى ، رىئايە قىلىشىغا تې-
گىشلىك ئەخلاق نورمىلىرى يەنىلا ئىجابىي ۋە ئىلغار بولۇپ ، بۇ
كەسپىي ئەخلاقىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشىنىشتە رېئال ئەھمىيەتكە
ئىگە . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بۇ خاتىرىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار-

نىڭ يېقىنقى دەۋرلەرگىچە بولغان مەزگىللەردىكى كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىدىكى كەسپىي ئەخلاققا ئائىت بايانلارنى تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى بايقاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ تۈرلۈك قورال ـ سايمانغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى؛ ئىككىنچى، ئۇستاز بىلەن شاگىرت مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى؛ ئۈچىنچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئىش ئورنى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپكە بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى؛ تۆتىنچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان ئەخلاقىي تەلەپلەر. تۆۋەندە بۇلار ھەققىدە ئومۇمىي خاراكتېرلىك مۇلاھىزىمىزنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويىمىز.

### 1. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ قورال ـ سايمانغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ساھەسىدە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار مۇئەييەن دىنىي قاراش ياكى خۇراپىي قاراش سەۋەبىدىن، ئۆزلىرى دائىم ئىشلىتىدىغان قورال ـ سايمانلارغا تۇتقان مۇئامىلىدە بەلگىلىك پەرھىز ـ چەكلىمىلەرنى ۋە ئەخلاق تەلەپلىرىنى قويۇپ، بۇنداق پەرھىز ۋە ئەخلاق تەلەپلىرىگە رىئايە قىلىشنى ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ روناق تېپىشى، ھوسۇل ياكى مەھسۇلاتنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىنىڭ شەرتى سۈپىتىدە تونۇغان. بۇنداق چەكلىمىلەر ۋە تەلەپلەرگە قانچىلىك سىرلىق ۋە خۇراپىي قاراش سىڭگەن بولسۇن، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم ئىجابىي روللارنى ئوينىغان ۋە ئوينىماقتا. ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىدىكى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ قورال ـ سايمانلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىكى پەرھىز ۋە ئەخلاق تەلەپلىرى ئادەتتە قورال ـ سايمانلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىق، ئۇلارنى دەسسىمەسلىك، ئۇلاردىن ئاتلاپ ماڭماسلىق، ئۇلارنى ناپاك ھالەت-





تە تۇتماسلىق، بۇزماسلىق، زورۇرىيەت بولمىسا ساتماسلىق، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماسلىق، ئاسراپ ئىشلىتىش قاتارلىقلاردۇر. بۇنداق ئەخلاقىي تەلەپلەر ھەممە كەسىپلەرنىڭ رىسالىلىرىدە بار بولۇپ، ئۇ ئايرىم ئەھۋال ئەمەس. مىسال كەلتۈرسەك، «تېرىقچىلىق رىسالىسى» دە «دېھقانچىلىق ئەسۋابلىرىمۇ ھەرخىل تەسبىھلەرنى ئېيتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاشقا، ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ»① دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەخلاقىي كۆرسەتمىلەر ھەربىر رىسالىدە ئۇچرايدۇ.

### 2. ئۇستاز ـ شاگىرت مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى

ئۇستازنى ھۆرمەتلەش — ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل كەسپىي ئەخلاقلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار بىلىم، ھۈنەر ئۆگەتكۈچىلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئەزىزلەپ، ئۇلارنى چوڭ كۆرىدۇ. شاگىرت ـ ئۇستازلىق مۇناسىۋەتلىرىدە شاگىرتلارنىڭ ئۇستازلارغا بولغان ئەخلاقىي بۇرچى بىلەن ئۇستازلارنىڭ شاگىرتلارنى ياخشى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلەردىمۇ شاگىرتلار ئۇستازلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك، بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىق، ئۇستازى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ئۇستازلارغا قاتتىق مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇستازلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ... قا ئوخشاش ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالمىسا، شۇ كەسىپنىڭ نېنىنى يېيەلمەيدۇ، ھۈنەر ئايرىغاندىن كېيىنمۇ روناق تاپالمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مۇناسىپ ھالدا، خەلق ئارىسىدىكى ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىدىمۇ شاگىرتلارنىڭ ئۇستازلىرىغا بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق تەلەپلىرى كۆپ ۋە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، «ياغاچچىلىق رىسالىسى»دە شۇنداق دېيىلگەن: «شاگىرتلار ھۈنەردە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالتە خىل يامان ئەخلاقتىن خالىي بولۇشى لازىم: بىرىنچى، شاگىرت ئۇستازىنى چاقىرىشتا ئىسمىنى ئاتىماسلىق؛ ئىككىنچى،

شاگىرت ئۇستاز ئۇستىدىن شىكايەت قىلماسلىق ؛ ئۇچىنچى ، شا-
گىرت ئۇستازغا قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىق ؛ تۆتىنچى ، شاگىرت
ئۇستاز ئورنىدا تۇرۇپ بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىق ؛ بەشىنچى ، شا-
گىرت ئۇستاز ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق ؛ ئالتىنچى ،
شاگىرت ئۇستازنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىش »② . «بوياقچىلىق
رىسالىسى » دىمۇ شۇنداق دېيىلگەن : «بوياقچىلىقتا ۋاجىپ ئەركان
(مۇھىم تەرتىپلەر ) ئون تۇرلۇك : بىرىنچى ، ئۇستازى شاگىرتىغا
ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىش ؛ ئىككىنچى ، شاگىرتى ئۇستازىغا
ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىش ... »③ . بۇ خىلدىكى ئەخلاق
نورمىلىرى باشقا رىسالىلەردىمۇ كۆرۈلگەندىن سىرت ، رىسالىسىز
ھۇنەرلەردىكى ئەخلاق ئادەتلىرىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدۇ .

**3 . ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئىش ئورنى ۋە ھۇ-
نەر ـ كەسىپكە بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق نور-
مىلىرى**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىدا بولسۇن ياكى كەسپىي ئەخ-
لاقىدا بولسۇن ، ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئىش ئورنى ۋە ئۆزلىرى
شۇغۇللىنىۋاتقان ھۇنەر ـ كەسپلىرىگە قارىتا بەزىبىر ئەخلاق
نورمىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان . كۆزقاراش جە-
ھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرلاردا مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ،
ھالال ئەمگەك قىلىپ ياشاش ، ھۇنەر ئىگىلەش خاسىيەتلىك ئىشلار
جۈملىسىدىن سانىلىدۇ . خەلق ئارىسىدا شۇ قاراشنى ئەكس ئەتتۇ-
رىدىغان «بىلىم — يېنىپ تۇرغان چىراغ ، ھۇنەر — ئېقىپ
تۇرغان بۇلاق » ، «ھۇنەر بولسا قولۇڭدا ، نان تېپىلار يولۇڭ-
دا » ، «ھۇنەرلىك ئۆلمەس ، ھۇنەرسىز كۈن كۆرەلمەس » ...
دېگەندەك ماقالىلار بار . ھۇنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىدە ھۇنەر ـ
كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ھالال ياشاشنىڭ ، جەمئىيەتكە مەنپە-
ئەت يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىملىقى دائىم مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «ئەل-
كەسبۇ ھەبىبۇللاھ » (ھۇنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار





ئاللانىڭ دوستىدۇر ) دېگەن سۆزى ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلەندۇ-
رۇلگەن . رىسالىلەردىكى ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلارغا قارىتا پەرھىز ،
ۋاجىپ ، سۈننەت ، ھارام ، مەكرۇھ دېگەندەك دىنىي ئۇقۇم بىلەن
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرقاتار چەكلىمە ۋە تەلەپلەرنىڭ تۈپ روھى
كەسىپنى سۆيۈش ، كەسىپكە بېرىلىش ۋە ئىخلاس قىلىش ، كە-
سىپنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان ئىشلاردىن قاتتىق ساقلى-
نىش ، شاگىرت تەربىيىلەش يولى بىلەن كەسىپنى داۋاملاشتۇرۇش-
تىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ ھەتتا رىسالىنى ساقلاپ ، ئوقۇپ تۇرۇش
ۋە شاگىرتلارغا ئۆگىتىشتەك ئەھۋالدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ،
«كىگىزچىلىك رىسالىسى » دە شۇنداق دېيىلگەن : «رىسالە ساقلاش
ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھەم پەرھىز ، ھەم ۋاجىپتۇر . چۈنكى ،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئەلكەسبۇ ھەبىبۇللاھ › دېگەن مۇبارەك
ھەدىسنى بايان قىلغان . كاسىپلار توغرا نىيەت بىلەن ھۇنىرىگە
سادىق بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماي ، ساپ دىل ،
سەمىمىي ھەم پاكىزلىق بىلەن ھۇنەر قىلسا ئىككى ئالەمدە ياخشى
نەتىجىگە ئېرىشىپ قىيامەت كۈنى يۈزى يورۇق بولىدۇ . بارلىق
پىر ـ ئۇستازلىرى رازى بولىدۇ . ئەگەر ئۇنداق قىلماي ساختىپەز-
لىك بىلەن ھۇنەر قىلسا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ »④ . بۇنىڭغا
ئوخشاش بايانلار باشقا رىسالىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ . ئۇيغۇر ھۇنەر ـ
كەسىپ رىسالىلىرىدە كەسىپنى سۆيۈش ئەخلاقىنىڭ ئىپادىسى —
ئىش ئورنىنى ھۆرمەت قىلىش ، پاكىز تۇتۇش ، ئاسراش ... تەك
ئەخلاقلاردا ئىپادىلىنىدۇ . ھەربىر ھۇنەر ـ كەسىپ رىسالىسىدە
ھۇنەرۋەنلەرنىڭ ئىش ئورنى (دۇكان ) نى پاكىز تۇتۇشى ، ئەخلەت
تاشلىماسلىقى ، ۋاقتىدا سۈپۈرۈپ ـ تازىلاپ تۇرۇشى ، دۇكاندا
ھاراق ئىچىش ، تاماكا چېكىش ، قۇرۇق گەپ قىلىش ، سەت گەپلەر
بىلەن تىللىشىشتىن ساقلىنىشى ... قاتارلىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا
قويۇلغان بولۇپ ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىكى كەسىپ پائالىيەتلى-
رىدە ئادەتكە ئايلانغان گۈزەل ئەخلاقلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

### 4 . ھۇنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان ئەخلاقىي تەلەپلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇنەر - كەسىپ ساھەسى باشقا ساھەلەرگە سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر قويۇق دىنىي تۈسكە، ئەخلاقىي چەكلىمىلەرگە ئىگە. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب — كىشىلەرنىڭ دىنىي ئەقىدە جەھەتتىكى ئىخلاسمەنلىكىنى، پەزىلەت ۋە ياخشى خۇلق يېتىلدۈرۈشنى ھۇنەر - كەسىپنىڭ روناق تېپىشىدىكى مەنىۋى ئاساس ياكى كاپالەت دەپ قارىغانلىقىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزىگە قويىدىغان ئەخلاق تەلەپلىرىدىن تۈرلۈك ھۇنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتىدا قويىدىغان ئەخلاق تەلەپلىرىنىڭ كۆپرەك بولۇشى ئاشۇ پىكرىمىزگە دەلىلدۇر. ئۇيغۇرلار ھۇنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئۆزلىرىدە بىر قاتار ئەخلاق سۈپەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئەخلاق سۈپەتلىرى ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقى، ئەخلاق ئېتىقادى، ئەخلاق ئېڭى، پاكىزلىق... قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ھۇنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدە ھۇنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئۆزلىرىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەخلاق سۈپەتلىرى كۆپ نۇقتىدىن كۆرسىتىلگەن، شۇنداقلا ئاشۇ ئەخلاقلارنىڭ ھۇنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئىش - ئوقىتىنىڭ روناق تېپىشىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ھۇنەرۋەن - كاسىپلار ئۈچۈن قويۇلىدىغان ئەخلاق تەلەپلىرى پەزىلەتلىك، تەقۋادار، مېھرىبان بولۇش، يامان ئىللەتلەردىن، جۈملىدىن ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىماي ئىستېمال قىلىش، زىناخورلۇق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، قىمار ئويناش، شارابخورلۇق قىلىش، ھۇنەردە ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان سۆزلەش، ناپاك يۈرۈش، كىشى ھەققىگە خىيانەت قىلىش، خېرىدارغا يىرىك سۆز قىلىش ۋە قوپال مۇئامىلە قىلىش... قا ئوخشاشلاردىن ساقلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ناۋايلىق رىسالىسى»دە شۇنداق دېيىلگەن: «ناۋايلىق كەسپىدە بەش خىل ئىشنى قىلىش سۈننەتتۇر: بىرىنچى، ئۆزىنى ھەرخىل ئىشلاردىن پاك تۇتۇش؛ ئىككىنچى، ئۇس-





تازلار ئالدىدا ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن تۇرۇش؛ ئۈچىنچى، ئۆزىنى تۆۋەن، باشقىلارنى يۇقىرى بىلىش؛ تۆتىنچى، ھاۋايى - ھەۋەستىن ئۆزىنى ساقلاش؛ بەشىنچى، تونۇر بېشىدا پىر - ئۇستازلىرىنى ياد ئېتىپ ئاللادىن ياردەم تىلەش»⑤. «ساتىراشلىق رىسالىسى»دە بولسا شۇنداق دېيىلگەن: «ساتىراشلىق كەسپىدە يەتتە خىل ئىشنى قىلىش ھارام: بىرىنچى، دۇكان ئىچىدە ناپاك يۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئاللانى ئۇنتۇش؛ ئۈچىنچى، ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلماسلىق؛ تۆتىنچى، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى قاقشىتىش؛ بەشىنچى، ھاراق - شاراب ئىچىش، نەشە - تاماكا چېكىش؛ ئالتىنچى، لىۋاتە (ئەر بىلەن ئەر ئويناش) قىلىش؛ يەتتىنچى، زىناخورلۇق قىلىش»⑥.

ئۇيغۇر ھۇنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدە بايان قىلىنغان كەسپىي ئەخلاق نورمىلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىدىكى پەرھىز (مەجبۇرىيەت)لەر، سۈننەتلەر ۋە بەزىبىر خۇراپىي تەركىبلەر بار بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، قېپقالىدىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەت ئەخلاقى بىلەن كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇيغۇر ھۇنەر - كەسىپ رىسالىلىرى يالغۇز ھۇنەر - كەسىپلەرنىڭ ئىش تەرتىپى ۋە جەريانلىرى بايان قىلىنغان دەستۇر بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مۇكەممەل قوللانمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا ئائىت يازما مەنبەلەر ھۇنەر - كەسىپ رىسالىلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇلاردىن باشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى كەسپىي ئەخلاقنى پەلسەپە - جەمئىيەت ئومۇملۇقى نۇقتىسىدىن بايان قىلغانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى قەدىمكى كەسپىي ئەخلاقنىڭ ھالىتىدىن، شۇ خۇسۇستىكى تەشەببۇسلاردىن ۋە يۈزلىنىشلەردىن دالالەت بەرگۈچى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ مەنىدىن قارىغاندا، مەزكۇر ئەسەر ئۆز نۆۋىتىدە كەسپىي ئەخلاق

قوللانمىسى بولۇشقا مۇناسىپ . «قۇتادغۇبىلىك» تە بەگ ، ۋەزىر ،
سەركەردە ، ئۇلۇغ ھاجىب ، ئىشىكئاغىسى ، ئەلچى ، پۈتۈكچى ،
خەزىنىدار ، باش ئاشپەز ، ئىچىملىك بىشى (ساقى ) لەرنىڭ قانداق
بولۇشى كېرەكلىكى مەسلىسىگە بېغىشلانغان مەخسۇس بابلاردا ،
سىياسىي ـ مەمۇرىي ساھەدىكىلەرنىڭ كەسپىي خىزمەت ئەخلاقىغا
ئائىت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن باشقا ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل
تەبىقىدىكى كىشىلەر ، جۈملىدىن ساراي ئەھلى ، ئاۋام خەلق ، پەي-
غەمبەر ئەۋلادى ، ئالىملار ، تېۋىپلەر ، ئەپسۇنچىلار ، چۈش ئۆرۈ-
گۈچىلەر ، مۇنەججىملەر ، شائىرلار ، دېھقانلار ، سودىگەرلەر ، چار-
ۋىچىلار ، قول ھۈنەرۋەنلەر ، پېقىرلار ، خىزمەتچىلەر بىلەن بولغان
مۇئامىلىسىدىكى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەخلا-
قىي ھەرىكەتلىرى ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرى ھەققىدىمۇ كۆپ ئىلغار
تەرغىباتلار بار .

«قۇتادغۇبىلىك» تە پادىشاھ (بەگ ) لارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى-
دىكى تۈپ مىزان — ئادالەت ، كۆيۈمچانلىق ، ئەقىل ، سېخىيلىق ،
سىلىقلىق ، پاكلىق (ئېرىغلىق ) ، كۆڭلى تۈزلۈك ، گۈزەل خۇي
(ياخشى مىجەز ـ خاراكتېر ) ، سەۋرچانلىق ، ئۇيات ، چىن سۆز-
لۈك ، جەسۇرلۇق دەپ قەيت قىلىنسا ، ۋەزىرلەر ، ھۆكۈمەت ئەمەل-
دارلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى تۈپ مىزان — ۋاپادارلىق ،
ساداقەت ، پاكلىق ، ئۇياتچانلىق ، دۇرۇسلۇق ، گۈزەل خۇي ، مۇلا-
يىملىق ، يۇمشاق تىللىق ، تىلى بىلەن دىلى بىردەكلىك ، ئېتىتىپاق-
لىق (كېڭەشلىك ) دەپ سۈپەتلەنگەن . ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىش-
لىگۈچى مۇلكىي ـ ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە خادىملارنىڭ كەسپىي
ئەخلاقى ئۈچۈنمۇ يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلەر شەرت قىلىنغان . ئەسەر-
دە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك كەسپىي ئەخلاقلىرىنى
ھازىرلىشى نوقۇل ئادىمىيلىك زۆرۈرىيىتى سۈپىتىدىلا ئەمەس ،
مۇھىمى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ، ئادالەتلىك جەمئى-
يەتنىڭ بەرپا بولۇشى ، خەلقنىڭ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشى-





نىڭ تۈپ شەرتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان . مانا بۇ يۈسۈپ
خاس ھاجىبنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسىدىكى ئادالەت ، قانۇن ، ئەخ-
لاق ئۈستىگە قۇرۇلغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يۈسۈپ خاس ھاجىبتىن باشقا
ھەربىر ئەدىب ۋە ئەخلاقشۇناسمۇ ھاكىمىيەت ساھەسىدىكى كەسپىي
ئەخلاق مەسلىسى ھەققىدە پىكىر بايان قىلماي ئۆتمىگەن . ئەدىب-
لەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھۆكۈمدارلارنى خەلققە قاراتقان سى-
ياسەتلىرىدە ، كەسپىي خىزمەتلىرىدە ئادالەتكە ، دىيانەتكە ، مېھرى-
بانلىققا ئۈندىگەن . نەۋائىي ئۆزىنىڭ دىداكتىك ئەسىرى «مەھبۇبۇل-
قۇلۇب» تا ساتىرا ۋە تەنبىھ ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ، ئادىل
پادىشاھلار ، ئىسلام دىنىنى قوغدايدىغان بەگلەر ، لاياقەتسىز ئورۇن-
باسارلار ، زالىم ، نادان ، پاسىق پادىشاھلار ۋە ۋەزىرلەر ، دىيانەت-
سىز ئەمەلدارلار ، نادان ، تەكەببۇر خىزمەتچىلەر ، قاراۋۇل ـ
ساقچىلار ، ئەسكەرلەر ، شەيخۇل ئىسلام ، قازىلار ، پەتىۋاچى دىنىي
ئۆلىمالار ، مۇدەررىسلەر ، تېۋىپلەر ، شائىرلار ، كاتىپلار ، ئوقۇت-
قۇچىلار ، ئىماملار ، مەزىنلەر ، قارىيلار ، سازەندە ۋە ناخشىچىلار ،
داستانچىلار ، نەسىھەتچى ۋائىزلار ، ئاسترونوملار ، سودىگەرلەر ،
ئۇششاق تىجارەتچىلەر ، كاسىپلار ، ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىلار ، پاش-
شاپ ، گۈندىپاي ، مىرشەپلەر ، دېھقانلار ، يېتىمچى ـ سايىقلار ،
غېرىب ـ غۇرۋالار ، بىكار تەلەپ تىلەمچىلەر ، قۇشچى ۋە ئوۋچى-
لار ، تۈزكور خادىملار ، سوپى ـ ئىشانلار ۋە دەرۋىشلەردىن ئىبا-
رەت دىنىي ، مەمۇرىي ، سىياسىي ، ئىجتىمائىي ساھە ۋە ئىشلەپچى-
قىرىش ساھەسىدىكى ئەللىكتىن ئارتۇق كەسىپ ئەھلىنىڭ كەسپىي
ئەخلاقىنى سۈپەتلىگەن ، شۇ كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىز
قىلمىشلىرىنى كىنايە قىلىپ ، ئېسىل پەزىلەتلىرىنى تولۇق مۇئەي-
يەنلەشتۈرگەن .

ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى كىتابىي ھالەتتە يېزىپ قويۇ-

لۇش بىلەن كۇپايىلىنىلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىش، ھۈنەر - كەسىپ، سىياسىي - مەمۇرىي خىزمەتلىرىدە
شەكىلسىز تەرزدە زور رول ئوينىغان ۋە ئويناۋاتقان، ئاشۇ ساھەدى-
كى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ۋە ئادەم بىلەن ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتى-
نى تەڭشەپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىچكى كاپالەتكە ئىگە
قىلىپ تۇرغان تىرىك، پائال ھادىسىدۇر.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەسىپي ئەخلاقىنىڭ تىپلىرى

ئۇيغۇرلار تارىخ جەريانىدا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقى-
رىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىپ، نوقۇل بىرەر كەسىپ
بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالغان بولماستىن، قەبىلى-
ۋى ھايات دەۋرىدە چارۋىچىلىق كەسپىگە ياندىشىپ دېھقانچى-
لىق، ئوۋچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان
بولسا، دېھقانچىلىقنى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى قىلغاندىن
كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەر-
ۋەنچىلىك ۋە سودا - تىجارەت بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. شۇڭا،
ئۇيغۇرلارنى نوقۇل دېھقان مىللەت ياكى چارۋىچى مىللەت ۋە ياكى
ھۈنەرۋەن مىللەت دەپ ئاتاش مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار مىللەت
بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرلەردىن تارتىپلا شۇغۇللانغان كەسىپلىرى-
نىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇي-
غۇرلار تارىختا ئەل قۇرۇپ، سىياسىي، مەمۇرىي، ھەربىي ئىشلار
بىلەن ھەردائىم مەشغۇل بولۇپ تۇرغان. دېمەك، ئۇيغۇرلاردىكى
بىر قانچە چوڭ ۋە يىرىك كەسىپلەر مىللەت دائىرىسىدە ئومۇمىي-
لىقتا، تارىخىي ئىزچىللىقتا ئىگە، ئۇششاق، مەيدە ھۈنەر - كە-
سىپلەرمۇ مەلۇم رايون، مەلۇم ساھەلەردە ھەم ئىزچىللىقتا ئىگە.
ئۇيغۇرچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسپىي ئەخلاق ئۇيغۇرلارنىڭ





ھۈنەر - كەسىپلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ
شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ كەسىپلەر
ساھەسىدە زور رولىلارنى ئارتقۇزۇپ كەلگەن. بۇ يەردە ئۇيغۇرلار-
نىڭ بىر قانچە ئەنئەنىۋى، چوڭراق كەسىپلىرى ھەمدە ئىلىم
ساھەسى، سىياسىي - مەمۇرىي ساھەلەردىكى ئەنئەنىۋى ئەخلاقلى-
رى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز (ئۇلار ئىچىدىكى
سودا - تىجارەت ئەخلاقى ئايرىم پاراگرافتا بايان قىلىنىدۇ)

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئەخلاقى

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى
مىڭ يىللار مابەينىدە دېھقانچىلىق (يېزا ئىگىلىكى) بولۇپ كەل-
گەن. ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى تې-
رىقچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە
سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىشتۇر. دېھقانچىلىق ئىگىلىكى
ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ
تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش تارى-
خى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى خېلى قەدىمدىلا ئۆزلىرى
ياشىغان زېمىنلاردا مەلۇم كۆلەمدىكى يېزا ئىگىلىكىنى شەكىللەن-
دۈرگەن.

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، دېھقانچىلىق ئىش-
لەپچىقىرىشنى زۆرۈر ماددىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئېرىشىشتى-
كى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى مۇھىم كەسىپ،
شۇنداقلا بارلىق جاندارلار ياشاشتا تايىنىدىغان ئۇل كەسىپ دەپ
قارايدۇ. دېھقانچىلىق قىلىشنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ھەممىدىن ئەۋزەل
كەسىپ دەپ بىلىدۇ. «تېرىقچىلىق رىسالىسى» دە «دېھقانچىلىق-
نىڭ پىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر، بارلىق دېھقانچىلىق قوراللى-
رىنى پەرىشتە جىبرىئىل ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دېھقانچىلىقنى ئۆ-
گىتىدىغان چاغدا جەننەتتىن ئېلىپ چىققان» دەپ يېزىلغان بولۇپ،

بۇنىڭ ئۆزىمۇ خەلقىمىز نەزىرىدە دېھقانچىلىقنىڭ باشقا كەسپلەرگە قارىغاندا ئېتىبارغا كۆپرەك ئېرىشىپ كەلگەن كەسىپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ⑦ . ئۇنىڭدىن سىرت، كىشىلەرنىڭ ياشاش ئېھتىياجى دېھقانچىلىقنى ئۇلۇغلاش، سۆيۈش، قەدىرلەشتەك ئەخلاق ئېڭىنىڭ تىكلىنىشىگە ئاساس سېلىپ بەرگەن.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەرنى قەدىرلەيدۇ، كىشىلەر دېھقانچىلىق ئەمگىكى داۋامىدا كۆپ جەھەتلەردە ھەمكارلىشىدۇ، لاپقۇتلىشىدۇ. يەرنى قۇرۇق قويماي، ھەرخىل زىرائەت، دەل - دەرەخ تىرىپ ۋە تىكىپ، بوستانلارنى بەرپا قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «يەر ئالتۇن قوزۇق، غاجاپ يېسەڭ تۈگىمەس»، «يەر تويدۇرار، ئوت كۆيدۈرەر»، «يەر تويمىغۇچە ئەل تويماس»، «يەرگە ئىشلە ئايانما، يوق ئامىتكە تايانما»، «يەر — ھوسۇلنىڭ ئانىسى، ئەمگەك — ھوسۇلنىڭ ئاتىسى» ... دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يەرگە ئىخلاس، ھۆرمەت قىلىش ... تەك ئەخلاقلىرىنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشىدۇر.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى چىدامىلىق، جەسۇر، ئاق كۆڭۈل ۋە كەڭ قول. ئۇلار قەيەردە بولسا شۇ يەردە ھاياتلىق قاينايدۇ، يېشىللىق ئايىنىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە شۇنداق يېزىلغان:

«4416 بۇ دېھقان كىشىلەر بولۇر قولى كەڭ،
خۇدا بەرگىنىدىن تۇتار دىلنى كەڭ.
4417 نەسىبە ئالۇرلەر تۈمەن مىڭلىغان
يۇرۇچى يەر ئاشنى، ئۇچقانلىرى دان.»⑧

نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنىڭ «دېھقانلار ھەققىدە» دېگەن بابىدا «... بۇنداق دېھقانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسىدۇر، بەلكى رىزقلانغۇچىلار دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، دېھقاننىڭ ئۆزى ئادەم سەفىيۇللادۇر. كىمكى دېھقان بولدىكەن، باشقىلارغا نان بېرىش — ئۇنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. دېھقان ئالىي مەرتىۋىسى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا





بولۇپ قالدى»⑨ دەپ تەرىپلەنگەندىن باشقا، دېھقانلاردىكى باشقا ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئېنىق جۈملىلەر بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى دېھقانلار ئۈچۈن قويۇلغان ئەخلاق تەلەپلىرى ئىچىدە توغرا نىيەتلىك بولۇش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇناسىپ ئىشەنچلەر بولغاندىن باشقا، «مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ «دەربايان نىيەتى دېھقان» دېگەن بابىدا مۇنداق تەۋسىيەلەر بار:

«دېھقەنا نىيەت تۈزۈپ ساچقىل ئۇرۇق،
ساچسە نىيەتنى تۈزۈپ، قالماس قۇرۇق.
قىلسە دېھقان ياخشى نىيەتنى داۋام،
ئۆكسۈمەس ھەرگىز ھوسۇلى ۋەسسالام.
بەتنىيەت بىرلە ئەگەر ساچساڭ ئۇرۇق،
بولماغاي ھەرگىز ھوسۇل، قالغۇڭ قۇرۇق.»⑩

قىسقىسى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىدا دۇرۇسلۇق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئىش ۋە مۇئامىلىدىكى ھالاللىق، قىلغان ئەمگىكىگە تەمەننا ۋە رىيا قىلماسلىق، ئەمگەكنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، سېخىي ۋە كەڭ قوللۇق بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتلەر بار بولۇپ، ئاشۇ ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ توق ئۆتۈشى، يېزىلاردىكى ئەمگەك ۋە تۇرمۇشنىڭ ئىناق، ئۇيغۇن، ھەمكارلىق ئاساسىدا بولۇشىنىڭ مەنىۋى كاپالىتى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر دېھقانلىرى شىنجاڭنىڭ ناچار جۇغراپىيىۋى مۇھىتى ۋە كىلىمات شارائىتى ئالدىدا قورقۇپ چېكىنىپ قالماي، جەسۇرلۇق ۋە چىدام بىلەن قۇم - بوران، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، كەڭ يېزا - قىشلاقلاردا يول، سۇ ئىنشائاتى، ئورمان، باغۋاران، بوستانلىق، ئوتلاق پەيدا قىلىپ، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى قولدىن بەرمەي، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈپ كەلگەن.

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى مۇھىم تەرەپلەر-

نىڭ بىرى — ئۇلاردىكى سەممىيلىك ، ئىخلاسمەنلىك ۋە سېخىي-
لىق بولۇپ ، دېھقانلار ئۆز ئەمگەكلىرىدە يالغۇز ئادەمنىڭ ئېھتىيا-
جىنى چىقىش قىلىپلا قالماستىن ، يەنە ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلار-
نىڭمۇ رىزقىنى كۆزدە تۇتۇپ زىرائەت تېرىشنى ئادەت قىلغان .
ئۇنىڭدىن سىرت ، ئىسلام دىنىدىكى ئۆشرە تۈزۈمىگە ئاساسەن ،
مىڭ يىلدىن بۇيان ئالغان ھوسۇلىدىن ئۆشرە ئايرىپ ، كەمبەغەل-
لەر ، يېرى يوقلار ، مەدرىس ـ خانىقالارغا ئىئانە قىلىپ ، ئاشۇ
كىشىلەر ۋە ساھەلەرنى ھەقسىز ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن .
دېمەك ، بۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى گۈزەل
پەزىلەتلەر بولۇش سۈپىتىدە ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پەسەي-
تىش ، مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇ-
رۇش ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشلاردا مۇئەييەن
روللارنى ئارتقۇزۇپ كەلگەن .

## 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك ئەخلاقى

ئالدىنقى پاراگرافتا بايان قىلىنغاندەك ، ئۇيغۇرلاردىكى
ھۈنەر ـ كەسپلەرگە ئالاقىدار ئىش تەرتىپى ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر
ھەمدە ھۈنەرۋەنچىلىك ئەخلاقى ئاشۇ ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىدە
تولۇق بايان قىلىنغان . بۇنداق ئەخلاق تەلەپلىرى ھۈنەرۋەنلەر ئۇ-
چۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان .
بۇنداق ئەخلاقلار ھۈنەرۋەنلەرگە قويۇلىدىغان ئەخلاق تەلەپلىرى ،
قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەسۋابلىرىنى ئاسراشقا دائىر ئەخلاق تەلەپلىـ-
رى ، شاگىرت ـ ئۇستاز مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق تەلەپلىرى ،
خېرىدارلارغا بولغان مۇئامىلىدىكى ئەخلاق تەلەپلىرى ··· نى ئۆز
ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ ، بۇ ھەقتە ئالدىنقى سەھىپىلەردە يېتەر-
لىك توختالغان بولغاچقا ، بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز . پەقەت ھۈنەر-
ۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپلەرگە تۇتقان ئەخلاق پوزىتسى-
يىسىنى بىرقانچە نۇقتىدا قىسقىچە بايان قىلىمىز .





1 . مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ئېتىبار بېرىش . بۇ — ئۇيغۇر
ھۈنەرۋەنچىلىك ئەخلاقىنىڭ نېگىزىدۇر . مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ
يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ھۈنەرنىڭ تەرەققىياتىغا ، ھۈنەرۋەننىڭ ئىس-
تىقبالىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ ، ئۇيغۇرلاردا شا-
گىرتلار ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇستازىنىڭ ماقۇل-
لۇقىسىز ھۈنەر ئايرىماي يەنە بىر مەزگىل پىششىقلاش ، ھالاللىق-
نى كۆزلەپ مەھسۇلاتنى سۈپەتلىك ياساپ چىقىش ··· ئارقىلىق ،
ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە ئېتىبار بېرىدۇ . ھۈنەر ـ كە-
سىپ رىسالىلىرىنىڭ ھەممىسىدە شۇ نۇقتا ئورتاقكى ، ھۈنەرۋەن
ھەربىر ئىشتا پىرىنىڭ نامىنى زىكرى قىلمىقى ، ھەربىر ھەرىكەت
ياكى ئىش ھالىتىدا «قۇرئان» نىڭ مەلۇم ئايەتلىرىنى ئوقۇپ
تۇرۇپ ئىش باشلىمىقى كېرەك . بۇ قائىدىدىكى مۇددىئا ئەقىدىدىكى
ئىخلاسمەنلىك بولۇشتىن كۆرە ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپەتلىك ئىشلىنى-
شىگە كاپالەتلىك قىلىش بولسا كېرەك . ئۇيغۇرلار تارىختا نۇرغۇن
ھۈنەرلەر دائىرىسىدە كۆپ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان ھەمدە
ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغان . رى-
سالىلىك ھۈنەرلەردە ياسىلىدىغان يىپەك توقۇلمىلار ، ئۆتۈك ، كى-
يىم ـ كېچەكلەر ، كىگىز ، شىرداق ۋە گىلەملەر ، سوپۇن ، زىبۇ-
زىننەت بۇيۇملىرى ، تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ياسالغان مەھسۇلاتلار ،
تۈرلۈك يېمەكلىك ، ئىچىملىك ، نان ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالـ-
رىنىڭ كۆپىنچىسى سۈپەتلىك بولغانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان ۋە
سودا ـ تىجارەتتە ئالماشتۇرۇلغان . ھازىرقى دەۋرلەردىمۇ ئەتلەس ،
يىپەك ، مۇسەللەس ، قاشتېشى بۇيۇملىرى ، مىللىي پاسوندىكى
كىيىم ـ كېچەكلەر ، گىلەم ، ھەرخىل يېمەكلىكلەر ئۆزىنىڭ چىنـ-
لىقى ، سۈپىتى بىلەن خەلقئارا بازارغا تېز يۈزلىنىش باسقۇچىدا
تۇرۇۋاتىدۇ . قىسقىسى ، ھۈنەرگە ئىخلاس قىلىش ، نىيەتنى دۇ-
رۇس تۇتۇش ، سۈپەتكە كۆپ ئېتىبار بېرىش ··· لەر ئۇيغۇر ھۈنەر-
ۋەنچىلىك ئەخلاقىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

2. بىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىش، تېخنىكىنى پىششىقلاش. ئۇيغۇرلار ھۈنەرلىك بولۇشنى ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇھىم يولى دەپ تونۇيدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىرەر ئەمەلىي تېخنىكا ـ ماھارەتنى ئۆگىنىشى زۆرۈر دەپ قارىلىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى «ئوغۇل بالىغا 72 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دېگەن ھېكمەت شۇ قاراشتىن يەكۈنلەنگەن. شۇ جۈملىدىن، ئۇيغۇرلار ھۈنەر ـ كەسىپلەرنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى تېخىمۇ پىششىقلاپ مەلد-كىلىك ئۇستازلاردىن بولۇشنى كۆزلەيدۇ. خەلق ئارىسىدا ھۈنىرى ئۈستۈن كىشىلەر قارشى ئېلىنىدۇ، ماختىلىدۇ، نائۇستىلىق ھامان كۈلكىگە، ئەيىبكە دۇچار بولىدۇ. شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ ئۆيىدە ياكى ئىش ئورنىدا بەش ـ ئالتە يىللاپ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت بىلەن ئۆتۈپ، ھۈنەردە پىششىق بولمىغۇچە ھۈنەر ئايرىمايدۇ. مۇشۇنداق روھ ۋە ئەخلاق سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلاردا تارىختا نۇرغۇن ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر چىقىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس قول ھۈنەر مەدەنىيىتىنى ئاپىرىدە قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ھۈنەر مەدەنىيىتى سەمەرىلىرى بىلەن بېزىگەن. بۇ ھەقتە كۆپ مىسال كەلتۈرمىسەكمۇ، ئىلىم ئەھلىگە ئايان.

3. تېجەشلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش. تېجەشلىك بولۇش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق — ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەخلاقىدىكى مۇھىم مىزان، شۇنداقلا ئىسلام ئەخلاقىدىكى مۇھىم تەشەببۇس بولۇپلا قالماي، يەنە ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىدىكى گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشتا بېخىللىق تۈسىنى ئالمىغان تېجەشلىك بولۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە، ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىلار ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان قورال ـ ئۈسكۈنە ۋە خام ئەشيانى قەتئىي ئىسراپ قىلماي، تېجەشلىك ئىشلىتىپ، مەھسۇلاتنى سۈپەتلىك تاماملاشنى كۆزلەيدۇ. بۇنداق ئەخلاقتا باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ بولىدىغانلىقىدەك دىنىي ئېتىقادنىڭ تۈسى قويۇق. مەسىلەن، ئۇي-





غۇر تىككۈچىلەر ئارىسىدا «ھەتتا قوڭغۇزنىڭ بېلىنى باغلاشقا يەتكۈدەك قىسقا يىپ بولسىمۇ ئۇنى تاشلىۋېتىش يامان بولىدۇ» دەيدىغان ئىشەنچ بولغاندىن سىرت، تىككۈچىلەر كىيىم بۇيرۇتقۇچىلارنىڭ رەختىنى ئاياپ ئىشلىتىپ، ئېشىپ قالغان لاتا ـ پۇرۇچلارنىمۇ تاشلىۋەتمەي ئىگىسىگە كىيىم بىلەن بىللە قايتۇرىدۇ. بۇنداق قىلمىسا ھۈنەردىن بەرىكەت قاچىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مىساللار باشقا ھۈنەرلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەزكۇر دىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ھۈنەرۋەنلەر زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق ـ شاراب، بۇت ـ سەنەم، قاتىللىق قوراللىرى، قىمار سايمانلىرى ... دېگەندەك نەرسىلەرنى ياساشتىن قاتتىق چەكلەنگەن. بۇنداق قىلماسلىقنى ھەم دىنىي ئىخلاسمەنلىك، ھەم كەسپىي ئەخلاق دەپ تونۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك ئەخلاقىدا يەنە ئىنتىزامچانلىق، كەسپچانلىق، كەسپداش ھۈنەرۋەنلەر ئارا ئىتتىپاقلىق دېگەندەك مەزمۇنلار بولۇپ، بۇ ھازىر تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان كەسپىي ئەخلاق مەزمۇنلىرى بىلەن تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

### 3. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق ئەخلاقى

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت ... ئىشلىرىنى ئاكتىۋال پوزىتسىيىدە قىلىپ كەلگەندىن سىرت، مۇئەييەن دەۋردە خەلققە رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىگىمۇ سەل قارىمىغان. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىپ سايلىنىش شەكلىدە ھوقۇق تۇتۇش، ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ياقتۇرمايدۇ، بىراق ئەمەلدارلىققا قارشى تۇرمايدۇ. ئەگەر ئۆزلىرىگە ھوقۇق بېرىلىدىكەن، ئۇنى ھەم مەجبۇرىيەت، ھەم مەنسەپ دەپ تونۇپ، ئەمەلدارلىق خىزمىتىنى بەجانىدىل ئو-

رۇنداشقا تىرىشىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، پۇقرالار ئەمەلدارلارغا
بولغان مۇئامىلىسىدە خۇشامەتچىلىكتىن ، قارىغۇلارچە بويسۇنۇش-
تىن ساقلىنىدۇ . ئەمما ، ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش
ئىسلامىيەت دەۋرىدە «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دېگەن قاراش
ئارقىلىق زۆرۈر دەپ ھېسابلانغان . بۇ ، رەھبەرگە بويسۇنۇشنىڭ
ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىدەك
قاراشنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئادەتتۇر .
ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخ مابەينىدە يارىتىپ كەلگەن ئەخلا-
قىي ، ئەدەبىي ، سىياسىي ئەسەرلىرىدە ھاكىمىيەت ۋە ئەمەلدارلىق
مەسىلىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان . تۈنجى بولۇپ يۈسۈپ
خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە دۆلەتنىڭ ئۇل - ئاساسى ۋە
دۆلەت باشلىقى بىلەن ھاكىمىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تۈپ ۋەزىپى-
سى ھەققىدىكى ئىلغار قارىشىنى تەپسىلىي شەرھلىگەن . يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ قارىشىدا دۆلەتنىڭ ئۇلى خەلق ئاممىسى بو-
لۇپ ، رەھبەرلەر ۋە ھاكىمىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەڭ تۈپ
ۋەزىپىسى — خەلقنىڭ خاتىرجەم ۋە بەختلىك تۇرمۇش تەرتىپىنى
بەرپا قىلىش . ئاپتور دۆلەت باشلىقىنىڭ ۋە پۈتۈن مەمۇرىي خادىم-
لارنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكىتى خەلق مەنپەئىتىنى ئاساس قىلد-
شى لازىملىقىنى ، قانۇن تۈزۈشتە ، ئىقتىساد ۋە سودا ئالاقىلىرىدە ،
دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە تاشقى خىزمەتلەردە ، ھەتتا دىنىي خىزمەتلەر-
دىمۇ خەلق مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش كېرەكلىكىنى ئىزچىل
تەكىتلىگەن . خان ۋە بەگلەرنىڭ خەلقنى سائادەتكە يېتەكلەيدىغان
سەركە ، خەلق دەردىنى داۋالايدىغان ماھارەتلىك ھېكىم بولۇشى
لازىملىقىنى قىزغىنلىق بىلەن تەۋسىيە قىلغان . ئۇ داستاندا شۇن-
داق يازغان :
«1412 خەلق قويى كەبىدۇر ، بېگىدۇر چوپان ،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان .
5241 ئېلىگ سەن تېۋىپقا ئوخشارسەن بۇ كۈن ،





ساقا موھتاج ئېرۇر ئاغرىق خەلق پۈتۈن .
5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم ، بەختى قارادۇر ،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىناۋادۇر .
5243 بىرى ئاچ ، ئۇ بىرى يالىڭاچ يۈرۈر ،
بىرى قايغۇ - غەمدە پىغانلار چېكۇر .
5244 سېنىڭدە تۇرۇر ، كۆر ، بۇنىڭ دورىسى ،
داۋالا بولۇپ سەن ھېكىم ئۇستىسى . »
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەلدارلار ئەخلاقىغا قويغان يەنە بىر
تەلىپى — فېئوداللىق ھاكىمۇتلەقلىقتىن ساقلىنىش ، ئۇنى ئادىل
قانۇن ئارقىلىق چەكلەش ۋە تىزگىنلەش بولۇپ ، ئەمەلدار (بەگ ،
پادىشاھ ، ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى ) نىڭ خەلق ئالدىدىكى قانۇنىي
مەجبۇرىيىتى ، خەلقنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتى ۋە ئەمەلدارنىڭ
مەجبۇرىيەت ئاساسىدىكى ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك بىرلىك
بولۇشى زۆرۈر ، دەپ قارالغان . بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك» تە
مۇنداق بايانلار بېرىلگەن :
«5574 سېنىڭدە پۇقرانىڭ ھەققى ئېرۇر ئۈچ ،
بۇ ھەققىنى ئۆتە سەن ، ھېچ ئىشلەتمە كۈچ .
5575 بىرى ، ئۇ ئېلىگدە كۈمۈشنى پاك ئەت ،
ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن ، ئايارىن كۆزەت .
5576 بىرى ، توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر ،
بىرىن - بىرى ئۇزمەكنى ئەلدىن كۆتەر .
5577 ئۈچىنچى ، ئەمىن قىل پۈتۈن يوللارنى ،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلارنى .
5578 پۇقرالار ئۇزرە بار سېنىڭ ئۈچ ھەققىڭ ،
ئۇلاردىن سورا ، ئاچ ئەمدى قۇلاقىڭ .
5579 بىرى ، يارلىقىڭنى ئەزىز تۇتسالەر ،
نېمە بولسا تېزدىن ئۇنى قىلسىلەر .
5580 ئىككىنچى ، خەزىنە ھەققىن تۇسمىسا ،

ئەي مەردان، ھەقنى دەل چاغدا تاپشۇرسا .
5581 ئۆچىنچى، يېغىغا يېغى بولىسىلەر،
سېنى سۆيگۈچىنى ئۇ ھەم سۆيسەلەر .
5582 ئۆتۈگەن بولۇرسەن ئۆزۈڭ ھەقلىرىن،
ئۇلارمۇ ئۆتۈگەن بولار ئۆز ھەققىن . »

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەلدارلىق ئەخلاقى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل ۋە بىلىملىكلىكى (دانىشمەنلىكى) ھەققىدىكى قاراشلار دۇنيادا ئىزچىللىقتا ئىگە ئوتوپىيە بولسىمۇ، ئەمما يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئىدىيە تارىخىدا ئۇنى تۇنجى قېتىم بىر قەدەر تولۇق بايان قىلغان. فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» ناملىق ئەسىرىدە دۆلەتنىڭ رەئىسى پەيلاسوپ سۈپەت بولۇشى، ئۇ دۆلەتنىڭ ئۇستازى ۋە رەھبىرى سۈپىتىدە خەلقنى بەخت ۋە پەزىلەتتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە يۈكسەلدۈرۈشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تۈرك ـ ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىدا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىلەردە بىلىملىك، ئادىل، قەھرىمان خاقان ھەققىدىكى قاراش ۋە تەشەببۇسلار ئۇچرايدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئاشۇ ئەنئەنە ئاساسىدا بارلىق خاقان ـ پادىشاھلارنى دانىشمەن ۋە ئادىل بىلەن نادان ۋە جاھىلدىن ئىبارەت ئىككى تىپقا ئايرىپ، ئەقىل ۋە بىلىمنى پادىشاھ، ئەمەلدار بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا پادىشاھ ـ ئەمەلدارلار بارلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا ئادىل قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشى، توغرا سىياسەت بىلەن دۆلەتنى بېزەندۈرۈشى، خەلق مەنپەئىتىنى ھاكىمىيەتنىڭ تۈپ پرىنسىپى قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى دۆلەت خادىملىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلاردا دۆلەت رەھبىرىنىڭ خادىم تاللىغاندا يارامىلىقلىرىنى تاللاش، ھەربىر كىشىنى ئۆز ئىقتىدارى ۋە پەزىلىتىگە لايىق ئىشقا قويۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەندىن باشقا، ئەمەلدارلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم، سېخىيلىق، مەردلىك، ياخشى مىجەز، ئادىللىق، نەپسىنى يىغىش، خەلق سۆيەرلىك، ھوشيارلىق، ئىشچانلىق قاتارلىق پەزىلەت ۋە سۈپەتلەرنى ھازىرلىشى، ھاراق ـ شارابقا بېرىلمەسلىكى، يالغان پىتنە ـ ئىغۋادىن ساقلىنىشى، پارىخورلۇق ۋە سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللانماسلىقى، ئىنساپلىق بولۇشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قىسقىسى، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ بىلىم، ئەخلاق، قانۇن جەھەتتىكى سۈپەتلىرى، ئەخلاقى مەجبۇرىيەتلىرى مەزكۇر ئەسەردە تولىمۇ ھېكمەتلىك تەرزدە تەشەببۇس قىلىنغان.

ئەلىشىر نەۋائى «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدا پەزىلەتلىك جەمئىيەت ۋە ئادىل شاھ غايىسىنى ئەدەبىي شەكىلدە ئىپادىلىگەندىن سىرت، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە پادىشاھ ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ھەققىدىمۇ بەزى تەۋسىيەلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى «بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىلىق، ئەھۋاللىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا» نىڭ ئالدىنقى 13 بابىنى مەمۇرىي ـ مۈلكىي ئەمەلدارلار، پادىشاھلار، دىنىي رەھبەرلەرنىڭ ياخشى ـ يامان خۇلقلىرىنى شەرھلەشكە بېغىشلىغان بولۇپ، كۆپىنچە تەنبىھ، پاش قىلىش، كىنايە قىلىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ نادانلىق، زالىملىق، بىلىمسىزلىك، تەمەخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك، يالغانچىلىق، خىيانەتكارلىق، دىيانەتسىزلىك، ناكەسلىك ... قاتارلىق يامان خۇلقلىرىنى قاتتىق سۆككەن. خەلققە ياخشىلىق كەلتۈرگەن خۇلقلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ شۇنداق يازغان: «ئادىل پادىشاھنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسى ئۇنىڭ تەرتىپ ـ تەۋسىيىدىن بۇيۈكرەكتۇر ... ئادىل پادىشاھ باھار يامغۇرى بىلەن قۇياشتەك گۈللەر ئېچىلدۇرىدۇ، مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە گۆھەرلەر چاچىدۇ، كەمبەغەل ـ ئاجىزلار ئۇنىڭ

مۇلايىملىقى ۋە مادارىسىدىن ئارام ئالىدۇ ... پەقىرلەرنىڭ
ئىشى — ئادىل پادىشاھقا دۇئا قىلىش ۋە نازلاش (ئەركى-
لەش)، ئادىل پادىشاھنىڭ ئادەت - قىلىقى — پەقىرلەرگە سې-
خىيلىق، مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش ... ئادىل،
ئەقىللىق پادىشاھ ئەينەككە ئوخشاش، زالىم، نادان ھەم پاسىق
پادىشاھ بولسا تامامەن ئەكسىدۇر. ئادىل پادىشاھ يورۇق تاڭ
بولسا، نادان ۋە پاسىق پادىشاھ قاراڭغۇ كېچىدۇر. مۇنداق شاھقا
نالايىق ئىش ياقىدۇ، لېكىن ئەلگە ياققان ئىش ئۇنىڭ ئالدىدا
ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، بەلكى ئەيىب ... دىيانەتسىز باشلىق يا-
مان، بۇزۇق، كېرەكسىز نەرسىدۇر، ئۇ ناكەس، بىلىمسىز-
دۇر ... باشلىق بولغان ئادەم ئىلىم ئەھلىگە يېقىندىن ياردەم
قىلسۇن، پېشقەدەم ئۇلۇغلارغا خىزمەتكار ۋە ياردەمچى بولسۇن،
پۇقراغا قىزغىن، تىرىشچان خىزمەت قىلسۇن ...»⑪.

نەۋائىدىن كېيىن، مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى
خاراباتى» ناملىق ئەسىرىدە، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «ئەدە-
بۇسسالىھىين» ناملىق ئەسىرىدە ۋە باشقا نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ
ئىجادىدا پادىشاھ، ئەمەلدارلارنىڭ ئەخلاق مەسىلىسى ئەتراپلىق،
كۆپ تەرەپلىمە تەھلىل قىلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى-
غا ئائىت نۇرغۇن تەۋسىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خۇددى ئەخلاق-
شۇناسلىرىمىز ۋە ئەدىبلىرىمىز تەشەببۇس قىلغاندەك، پاك، ئادىل
بولۇپ، خەلققە ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى توسۇپ، ئادالەتنى
ئەۋج ئالدۇرۇش تارىخىمىزدىكى پادىشاھلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تۈپ
ھاكىمىيەت پرىنسىپى بولۇپ كەلگەن. ئاز ساندىكى زالىم ئەمەل-
دارلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسىم ئەمەلدارلار ھاكىمىيەت
ئىشىدا خەلقچىل ۋە دۇرۇس بولۇشنى ئەخلاقى ۋە ئادىتىگە ئايلان-
دۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام دىنىدا خەلققە رەھبەر بولغانلار-
نىڭ ئادىل بولۇشى، ياخشىلىق قىلىشى، يامانلىقنى تىرىشىپ
چەكلىشى، جىرىكلىكتىن ساقلىنىشى قاتتىق تەلەپ قىلىنغان.





مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرىدىمۇ ئەمەلدار بولغۇچى-
لارنىڭ كىشىلەرگە ھەر جەھەتتىن قولايلىق يارىتىپ بېرىشى
لازىملىقى، ئۇلارغا ھەيۋە قىلماسلىقى، خىيانەتتىن ساقلىنىشى،
بۇيرۇقنى چۈشىنىپ ئاندىن ئىجرا قىلىشى لازىملىقى، ئەمەلدار
بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىقى، سوۋغات (پارا) قوبۇل قىلماسلىقى،
نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلمەسلىكى ... تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا،
گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا پۇقرالارنىڭ رەھبەر بولغۇچىنىڭ ئەمە-
رىگە بويسۇنۇشى ھەم تەلەپ قىلىنغان⑫. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقچىل
ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرىقىدەك تەلەپلەر بىرلىشىپ
ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىكى كەسپىي ئەخلاقىنى شەكىل-
لەندۈرگەن. بۇنداق كەسپىي ئەخلاق تارىخ مابەينىدە ئۇيغۇرلاردىن
چىققان نۇرغۇن ئىلىم سۆيەر، ئادىل، خەلقپەرۋەر ئەمەلدارلارنىڭ
ۋۇجۇدىدا تېپىلىپ قالماستىن، يىلتىزى چوڭقۇر ئەنئەنە سۈپىتىدە
ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىغا ھەم مۇھىم تەسىرلەرنى
كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

### 4. ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى

ئۇيغۇرلاردا تارىختا شۇغۇللىنىپ كەلگەن كەسىپلەر ئىچىدە
يۇقىرىدا ئېلىنغان بىر نەچچە چوڭ كەسىپتىن باشقا، ئىلىم بىلەن
شۇغۇللىنىشمۇ مۇھىم بىر كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يې-
قىنقى دەۋرلەرگىچە ئىلىم ساھەسىدىكى كىشىلەر (زىيالىيلار)
نىڭ سانى خېلى كۆپ بولغان بولسا، ھازىرقى دەۋردە زىيالىيلار-
نىڭ مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى
كۆنسايىن ئېشىپ بارماقتا.

ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئەخلاقىدىن سۆز ئاچقاندا شۇنى ئالدى
بىلەن بايقىشىمىز مۇمكىنكى، ۋەتەن سۆيۈش ۋە خەلق سۆيۈش
روھى — ئۇيغۇر ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئەخلاق
ئېتىقادىدۇر. مىڭ يىللار مابەينىدە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن يات

ئەللەرگە بارغان ئۇيغۇرلار ۋەزىپىسى تامام بولغاندىن كېيىن يۇرتى-
غا قايتىپ كېلىپ مەرىپەت تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل
بولغان . مەھمۇد كاشغەرى ، ئابدۇقادىر داموللام ، تەۋفىقلەر شۇلار
ئىچىدىكى ۋەكىللىك شەخسلەردۇر . ئەدىبلەر ، ئۆلىمالار يالغۇز
ئىلىم تارقىتىپ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزىدىغان قەلەم كۈرىشى
بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت ، ئازادلىق ئىشلىرىغا قىزغىن ئىش-
تىراك قىلىپ ، يولباشچىلاردىن بولۇپ كەلگەن . ئۇلار ئۆز نۆۋى-
تىدە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى خەلقنى سۆيۈش ھېسسىياتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ، ئىلمىي پائالى-
يەتلىرىدە خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلىغان ، كۈلكىسىنى كۈلگەن ،
خەلقنىڭ ئاھۇ - زارلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ، قۇللۇق-
قا ، ئاسارەتكە قارشى تۇرىدىغان ئەسەرلەرنى كۆپرەك يازغان . دۆ-
لەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن زېھنىنى ، ۋاقتىنى ، ھاياتىنى
قۇربان قىلغانلار كۆپىنچە ئىلىم ساھىبلىرى بولغان .

ئۇيغۇر ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى يەنە ئۇلارنىڭ
كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ، ھەقىقەتنى
ئىزدەش ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ .
ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى تىلشۇناسلار ، ھەكىملەر ، پەيلاسوپلار ، ئە-
دىبلەر ، تارىخشۇناسلار ، ئاسترونوملار ، جەمئىيەتشۇناسلار ، ئەخ-
لاقشۇناسلار ، دىنىي ئۆلىمالار ئۇن - يىگىرمە يىللاپ ۋاقتىنى
سەرپ قىلىپ ، مال - دۇنيا يىغىشتىن ۋاز كېچىپ ، ئۆز يۇرتىدا
ۋە باشقا ئەللەردە كۆپ ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىپ ، يۇرتىدا ياكى
شۇ يەرلەردە ھېچبىر ھەق تەلەپ قىلماي ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللانغان . شەخسىي تۇرمۇشىنى قۇربان قىلىپ ، خەلققە
ئەھمىيەتلىك ئەمگەك مېۋىلىرىنى قالدۇرۇپ ، ئۇن - تىنىسىز ۋا-
پات بولغان . ئۇلارنىڭ خالىس ، كەمتەر ، تىرىشچان روھى ئەۋلاد-
لارغا مىراس بولۇپ قالغان . بۇنداق ئەھۋالنى ھازىرقى ئۇيغۇرلار-
دىكى زىيالىيلار ۋۇجۇدىدىنمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز . نۆۋەتتە كەم-





تەرلىك بىلەن ئۆگىنىدىغان ئىلىم ساھىبلىرى كۆپلەپ يېتىشىپ
چىققاندىن باشقا ، توپلىغان ، ئۆگەنگەن ماتېرىيال ۋە بىلىملىرىنى
خەلققە كىتاب ، ماقالە شەكلىدە سوۋغا قىلىدىغان ، ۋاپات بولۇش
ئالدىدا ماتېرىياللىرىنى ياش ئىلىم ساھىبلىرىغا قالدۇرىدىغان ئەھ-
ۋاللار پېشقەدەم زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئېسىل ئەخلاق بولۇپ ئىپا-
دىلەنمەكتە . ئۇنىڭدىن باشقا ، خەلقىمىز ئارىسىدىكى نۇرغۇن كى-
شىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئوقۇغان ، ئۆگەنگەن ، پايدىلانغان ماتېرىياللار-
نى مۇزېيخانىلارغا ، كۇتۇپخانىلارغا ھەدىيە قىلىشىمۇ ئاشۇ خىل
كەسپىي ئەخلاق جۈملىسىدىكى ئىش سانىلىدۇ . ئۇيغۇر ئىلىم
ساھىبلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئېسىل كەسپىي پەزىلىتى سەۋەبىدىن تا-
رىخىمىزنىڭ مەدەنىيەت بېتى ئاق قالماي ، تۇرلۇك ۋە كۆپ نەتىجى-
لەر بىلەن تولۇپ كەلگەن . ئىلىمخۇمارلىق پۈتۈن مىللەتنىڭ ئادى-
تىگە ئايلانغان .

## 3 . ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت ئەخلاقى

ئۇيغۇرلار تارىختا سودا - تىجارەتكە ئىزچىل ئېتىبار بېرىپ
كەلگەن ھەمدە يىپەك يولى سودىسىدا تىجارەتكە ماھىرلىقى بىلەن
مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خەلقتۇر . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى
ئىچكى سودىغا ئېتىبار بېرىپ قالماستىن ، تاشقى سودىغىمۇ ئېتى-
بار بەرگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرگۈ-
چىلەردىن بىرى بولغان سوغدىلار يىپەك يولى سودىسىدا ئىنتايىن
ئاكتىپ رول ئوينىغان قوۋم بولۇپ ، ئۇلارنىڭ سودىغا ماھىرلىق-
تەك ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارغا ئۇدۇم تەرزىدە مىراس بولۇپ قال-
غان . تارىخىمىزدىكى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
خانلىقلىرى ۋە غەربتىكى ھەرقايسى خانلىقلار بىلەن قىلغان
چارۋا - مال ، ئاشلىق ، يىپەك ، گەزمال ، مەتبە بۇيۇملىرى ،
دورا - دەرمەك ، فار- فۇر بۇيۇملار ، قاشتېشى ... سودىسى ئىنتا-

يىن جانلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەت شەكلى يۇرت ئاتلاپ تىجارەت قىلىش ۋە مۇقىم ئولتۇرۇپ (دۇكان ئېچىپ) تىجارەت قىلىشتەك ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار سودا ـ تىجارەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتىدىغان مۇھىم ئورنىغا ئاساسەن سودا ـ تىجارەتنى ئۇلۇغ بىلىپ، ئۆزىگە خاس تىجارەت ئەخلاقى، تىجارەت مىزانى، تىجارەت ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» ئەنە شۇ مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن دەستۇردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەت ئەخلاقى خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، تۈپ ئەخلاقىي قاراشلىرى ۋە ئىشەنگەن دىنلىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. باشقا كەسپىي ساھەلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سودا ـ تىجارەت ئەخلاقىدا ئىسلام ئەخلاقىنىڭ، جۈملىدىن ئىسلام دىنىدىكى سودا ـ تىجارەتكە ئائىت مىزانلار، پەرھىزلەرنىڭ تەسىرى ۋە تۈسى بەكرەك قويۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىللىق، ياخشىلىق، مەردلىك ... تەك تۈپ ئەخلاق ئېڭىنىڭ سودا ـ تىجارەتتىكى ئىزناسى بەك چوڭقۇر.

ئۇيغۇرلاردا سودا ـ تىجارەت مۇھىم كەسىپ قاتارىدا تونۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، سودا ـ تىجارەتنىڭ پۈتۈن قائىدىلىرىنى شەرھلەيدىغان «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» بارلىققا كەلگەن. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» ئىسلامىي تەركىبلەرنى ئۆزىگە قانچىلىك سىڭدۈرگەنلىكىگە قارىماي، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئەخلاقىنىڭ نىسبەتەن مۇكەممەل قوللانمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» دە بېكىتىلگەن ئون ئىككى خىل ۋاجىپ (زۆرۈر ئەمەل)، ئون ئىككى سۈننەت، توققۇز ھارام (چەكلەنگەن ئىش ياكى نەرسە)، ئون خىل مەكرۇھ (يامان ئېلىنىدىغان قىلىق)، يەتتە خىل يامان ئىش ۋە بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك يىگىرمە ئىككى خىل ئىشنىڭ ھەممىسى



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

دېگۈدەك سودا ـ تىجارەت ئەخلاقىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىقتىكى سودا ـ تىجارەت ئەمەلىيىتىدىن ۋە تارىخىي يازمىشلاردىكى سودا ـ تىجارەتكە ئائىت بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر كەسىپ ساھەسىدىكى تۆۋەندىكىچە ئەخلاقلىرىنى بايقىشىمىز مۇمكىن.

### 1. خېرىدارغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش، ئەتىراپلىق مۇلازىمەت قىلىش

ئۇيغۇرلار تىجارەتنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلۇغلايدۇ، دېھقانچىلىققا ئېسىلىۋېلىپ، سودا ـ تىجارەتكە سەل قارايدىغان چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەربىر تىجارەتچى سودا جەريانىدا خېرىدارلارغا (مەيلى چۆپقەت خېرىدار بولسۇن ياكى ئادەتتىكى خېرىدار بولسۇن) يېقىملىق چىراي، خۇشخۇيلۇق، قىزغىن تەكەللۇپ ۋە تەۋەززۇ بىلەن ئۆز مېلىنى ساتىدۇ. خېرىدارلارنى ئاتىغاندا «تاغا»، «دادا»، «ئاكا»، «ئۇكا»، «ئاچا»، «ھامما» ... غا ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ. تىجارەت جەريانىدا گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلىپ، مالنىڭ خاراكتېرىنى، كەمچىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەن ھالدا، خېرىدارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئۇلارغا تاڭمايدۇ، خېرىدارنى تەڭلىكتە قالدۇرمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى «ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتار» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەھۋالنى سەلبىي نۇقتىدىن يىغىنچاقلاپ بەرگەن. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر خېرىدارلارنىڭ مال ھەققىدىكى سوئاللىرىغا ئېرىنمەي جاۋاب بېرىپ، بىرنى بىر دەيدۇ، لەۋزىدە تۇرىدۇ، كىچىككىنە پايدا ـ زىيان بىلەن بەك ھېسابلىشىپ كەتمەي، «ئەلدىن ئەلگە نەپ» پرىنسىپى بويىچە خېرىدارنى رازى قىلىدۇ. خېرىدار مالنى سېتىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن قۇتلۇقلاپ، «ئىشلەتكىلى نېسىپ قىلسۇن» ... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» دە

بايان قىلىنغان ئون ئىككى سۈننەتنىڭ بىرى — خۇشخۇي بولۇش،
بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشنىڭ توققۇزىنچىسى — خېرىدارغا
چىرايلىق سۆز قىلىپ مۇلايىم بولۇشتۇر[13] . «سودىگەر تىلى بىلەن بازار تاپىدۇ ، گىلەم قىلى بىلەن بازار تاپىدۇ» دېگەن ماقال
سودىگەرلەرنىڭ خېرىدارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدەك مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2 . جاپاغا چىداپ تىرىشىپ تىجارەت قىلىش

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تىجارەت
قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، يىراق يەرلەرگە بېرىپ
سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال
ھازىرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەلىشىر نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ ئالتىنچى بابى «تىجارەتچى ـ سودىگەرلەر ھەققىدە» دە مەزكۇر مەسىلە توغرىسىدا توختىلىپ شۇنداق يازغان: «بۇنداق كىشى (يەنى سودىگەر ـ تىجارەتچى) نىڭ ئالدى بىلەن مەقسىتى توغرا بولۇشى، مەقسەتنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق مۇشەققەت تارتىشى، سودا ئۈچۈن
دەريا ـ دېڭىزغا كېمە سېلىشى، گۆھەر ئۈچۈن لەھەڭ ئاغزىغا
ئۆزىنى ئۇرۇشى، پۇل ـ مالنىڭ ھەشەمەتىگە سەۋەب قىلىشى ...
ئېسىل، نەپىس كىيىملەرنى ئاياپ، كونا (ئاددىي) كىيىملەرنى
كىيىشى، لەزىز غىزالار ئورنىغا قۇرۇق (قاتتىق) نانلارنى يېيىشى
لازىم»[14] . خۇددى بۇ دەۋەتتە ئېيتىلغاندەك، ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر
نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپ، پۇل ـ بايلىق توپلايدۇ، ئۆزلىرى
ئاددىي ياشاش بەدىلىگە مال ـ مۈلكىدىن سەدىقە ـ ئېھسان قىلىدۇ،
يۇرتلار ئارا ئۇچۇر ۋە مەدەنىيەت تارقىتىدۇ. خۇددى يۈسۈپ خاس
ھاجىپ:

«4419 بۇنىڭدىن كېيىنكى تىجارەتچىدۇر،
قىلىپ ئال ـ سات ئۇ تىنماي پايدا ئالۇر.





4420 جاھاننى كېزەرلەر تىرىكلىك تىلەپ،
ئەقىل، كۆڭۈلنى بىر خۇداغا باغلاپ.
4423 شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلەگىڭ نەر ئەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.»

دېگەندەك، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئائىلىسى، يۇرتى ۋە مىللەتنىڭ
ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن كۆپ جاپا چېكىدۇ.

## 3 . سودىدىكى ئادىللىق ۋە بىر ـ بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەت پائالىيىتىدە ئېلىم ـ سېتىمدىكى ئادىللىق ۋە كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشى
تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇنداق ئادىللىق پرىنسىپى تۆۋەندىكىدەك
جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، جىڭ ـ تارازىنى
ئادىل، توغرا تۇتۇش. مەيلى ئىسلامدىكى جىڭ ـ تارازىنى خاتا
تۇتۇپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدىكى بۇيرۇقلار سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى مىللىي ئەخلاقتىكى سەممىيەت پرىنسىپى سەۋەبىدىن بولسۇن، ئۇيغۇرلار تىجارەتتە جىڭ ـ تارازا ۋە
باشقا ئۆلچەم سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ مال ساتقاندا ئادىل بولماسلىقتىن قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ. «قۇرئان» دا شۇنداق دېيىلگەن:
«ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار. كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار.
(نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار. كىشىلەرگە نەرسىلەرنى
(يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم
بەرمەڭلار. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار»[15] . مۇشۇنداق چەكلىمە ۋە ئەخلاقىي بۇرچ تۈيغۇسى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئۆلچەم ئىشلىتىپ سېتىلىدىغان ھەرقانداق مالنى خېرىدارلارغا تولۇق، ھەتتا ئاشۇرۇپ بېرىشتەك ئېسىل ئەخلاقنى يېتىلدۈرگەن. يەنە بىرى، «ۋىجدان تارازىسى» نى
توغرىلاش. سودا ـ تىجارەتتە مەلۇم بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ ئورنىدىكى
ۋە ھوقۇقىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ سودىلىشىش مەقسىتىگە

يەتكەندە ، گەرچە ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئادىل
بولغاندەك قىلىسمۇ ، ئەمما يەنە بىر تەرەپ باھادا يول قويۇشقا
مەجبۇر بولىدۇ . بۇ سودا ئەخلاقىغا ماس كەلمەيدۇ . مۇناسىپ
ھالدا ، ئۇيغۇرلار بىر - بىرى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغاندا ،
ھوقۇقدار كىشىلەر بىلەن كەمبەغەل پۇقرالارغا نىسبەتەن باھادا
ئوخشاش بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . ھوقۇقدارلارمۇ تىجارەتتە
باشقىلارنىڭ مىلىنى تۆۋەن باھادا ئېلىۋېلىشتىن ئۇيۇلىدۇ . خېرى-
دارنىڭ ئارزۇسى ۋە رايىغا مۇخالىپ كېلىدىغان ھەرقانداق شەكىل-
دىكى باھانى ئېگىز - پەس قىلىۋېتىش — ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت
ئەخلاقىدا بەك يامان ئېلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا يەنە تىجارەتچىلەر سودا - تىجارەتتە خېرىدارلار
بىلەن باھا ئۈستىدە بەك تالاشمايدۇ ، چاكىنا ھېساباتنى ياقتۇرماي-
دۇ . باھادا يول قويۇپ ، سېتىلغان مالنىڭ سېتىۋالغۇچىغا ھەقد-
قىي نەپ ئېلىپ كېلىشنى تىلەيدۇ . يۇرتداشلار ئارا سودىدا بۇنداق
ئۆتۈنۈپ بېرىش ئەھۋالى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ .

### 4 . سودىدا سەمىمىي بولۇش ، قۇۋلۇق ئىشلەتمەسلىك

ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ھەققىدىكى قارىشىدا ، تىجارەتچى جەم-
ئىيەتكە پايدىلىق بولۇش شەرتى ئاستىدا مال سېتىش ، توشۇش ،
قاچىلاش - چۈشۈرۈش ... قاتارلىق سودا ھالەتلىرىدە پايدىغا ئې-
رىشسە ھالال بولىدۇ . ئەمما ھەرقانداق شەكىلدىكى قۇۋلۇق ياكى
مەككارلىق ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشسە ھارام بولىدۇ ، بۇنداق پايدا
بەرىكەت قىلمايدۇ . شۇ ئەقىدىگە مۇناسىپ ھالدا ، تىجارەتچىلەر
«قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان» ، مالنىڭ خۇسۇسىيىتى ،
ئىشلىتىلىشى ... نى خاتا تونۇشتۇرىدىغان ، سۈپەتلىك مال بىلەن
سۈپەتسىز مالنى ئارىلاشتۇرۇپ خېرىدارنى ئالدايدىغان قىلمىشلار-
دىن قەتئىي چەكلىنىپ ، خېرىداردا خاتا چۈشەنچە ، خاتا باھا ئۇقۇ-
مى شەكىللەندۇرۇپ قويمايدۇ . يەڭ ئىچىدىكى سودىدىن ئوچۇق





بازار سودىسىغا كۆپرەك مايىل كېلىدۇ . مالنىڭ باھاسىنى ئۇقماي-
دىغان كىشىلەرگە قىممەت باھادا سېتىش ، بازارغا بارىدىغان يول-
لاردا ساتقۇچىنىڭ ماللىرىنى ئەرزان باھادا ئېلىۋېلىش قىلمىشلى-
رىنى يامان ئالىدۇ . كىشىلەردىكى «ئاتام بازار ، ئانام بازار»
قارىشى دەل ئاشۇ خىل ئادىل ، سەمىمىي سودا ئەخلاقىنىڭ بىر
ئىپادىسىدۇر . ئۇيغۇرلار يەنە ناچار مالنى قەسەم قىلىپ ياخشى مال
قىلىپ كۆرسىتىپ سېتىشنى قەبىھلىك ، ئەخلاقسىزلىق دەپ تونۇي-
دۇ . «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» دە تىلغا ئېلىنغان سودىگەرچى-
لىكتە قاتتىق چەكلەنگەن تۇققۇز خىل ھارام ئىش ئىچىدە
ئېلىپ - سېتىشتا يالغان سۆز قىلىش ۋە يالغان قەسەم قىلىشلار
بار[16] .

### 5 . ئوبوروتنى راۋانلاشتۇرۇش ، بېسىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئېڭىدا ، پۇل ۋە باشقا ۋاسىتىلەرگە تايى-
نىپ ، جەمئىيەت جىددىي ئېھتىياجلىق ماللارنى بېسىپ يېتىۋې-
لىپ ، باھاسى ئۆرلىگەندە سېتىپ كۆپ پايدا ئېلىش — چوڭ
ئەخلاقسىزلىق دەپ تونۇلىدۇ . مەلۇم ماللارنى مونوپول قىلىۋېلىپ
خېرىدارلارنى ئارتۇقچە زىيانغا ئۇچرىتىش ، جەمئىيەتتىكى تەمىن-
لەش - تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىق تەڭپۇڭسىزلىقتىن پايدىلى-
نىپ زور پايدىغا ئېرىشىش قىلمىشى ئىسلام دىنىدا قاتتىق چەكلەن-
گەن بولۇپ ، بىر ھەدىستە ئاشلىق سودىگەرلىرى (رەۋەندە) ئۆز
قولىدىكى ئاشلىقنى قىرىق كۈندىن ئارتۇق ساتماي بېسىپ يېتىۋې-
لىشنىڭ ئىنتايىن يامان قىلمىش ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان . يې-
قىنقى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارىتىدە يۆتكەپ تو-
شۇش ۋە دۇكان - يايما ئېچىش شەكلىدىكى تىجارەت ئاساسىي
ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى . چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرى ، مونوپول گۇ-
رۇھلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تاۋارلارنى بېسىپ يې-
تىۋېلىشى ، مونوپول قىلىشىدەك ئەھۋال ئازراق كۆرۈلدى . تارىخ-

تىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەتتە ئىپادىلەنگەن مالنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇش، ئاز پايدا ئېلىش ھېسابىغا تاۋار ئوبوروتىنى تېزلەشتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىك دەل مۇشۇ خىل سودا ئەخلاقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر.

## 6. توغرا رىقابەت قىلىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش

سودا - تىجارەتتە ئۆز مەنپەئەتى بىلەن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ھەربىر سودىگەر دۇچ كېلىدىغان مەسىلىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا بايلىق — ھاياتلىقنىڭ بېزىكى بولۇپ، ئۇ ياشاشتىكى مەقسەت ئەمەس. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بۇ دۇنيالىق بەخت ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىدۇ، بايلىق يارىتىدۇ، ئەمما بايلىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ، ناكەس ۋاستىلەر ئارقىلىق باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ناۋادا قايسى سودىگەر نوقۇل بايلىق توپلاش ئۈچۈنلا ھېچبىر ۋاستە تاللىمايدىكەن، جامائەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە، چەتكە قېقىشىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇيغۇرلار سودا - تىجارەتتە رىقابەت جەريانىدا ئىنساپ ۋە تەۋپىق ئاساسىدا ئۆز مېلىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تىجارەت مۇھىتىنى ياخشىلاش، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مال باھاسىنى مۇۋاپىق چۈشۈرۈش، باشقىلارغا مەنپەئەت بېرىش قاتارلىق يوللار بىلەن توغرا رىقابەت قىلىدۇ. «سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا» دېگەن ئەقىدە تۈپەيلىدىن ناتوغرا رىقابەتلىشىش ۋە بەسلىشىشتىن ساقلىنىدۇ. ئۇششاق تىجارەتچىلەر تاۋارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن دائىم ئۆزى تېرىپ، ئۆزى بېقىپ، ئۆزى پىششىقلاپ ئىشلەپ، يەنە ئۆزلىرى ساتىدۇ. دېمەك ھەم دېھقان، ھەم چارۋىچى، ھەم ئىشچى (ھۈنەرۋەن)، ھەم سودىگەر سالاھىيەتلىرىنى ھازىرلايدۇ. بۇنداق ئىش تەرتىپىدە پۈتۈپ چىققان تاۋارنىڭ تەننەرخى ۋە باھاسى تۆۋەن بولغاچقا، سېتىلىش مىقدارى





كۆپرەك بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان گۈللىنىپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

## 7. جازانىخورلۇققا قارشى تۇرۇش

جازانىخورلۇق (سۈتخورلۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۆپ پايدىغا ئېرىشىشنىڭ بىرخىل ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان قىلمىشتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىدە ھاللىقلار نامراتلارغا پۇل - مال قەرز بېرىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى «ساۋاب ئىش» دەپ قارايدۇ. ئەمما قەرزداردىن قەرزنى ئالىدىغان چاغدا، بەرگەن پۇل - مالدىن بۆلەك ئۆسۈم ئالمايدۇ، بولۇپمۇ قوش ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغان جازانە ئالمايدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەزكۇر دىندا جازانە ۋە ئۆسۈمنىڭ ھارام دەپ بېكىتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئالاقىلىرىدە مەزكۇر قىلمىش ئاساسەن مەۋجۇت بولمىغان. جازانە باي، ھاللىق كىشىلەرنىڭ ئۆسۈم يېيىش ھېسابىغا ئەمگەك قىلماي ياشىشىنى، كەمبەغەللەرنىڭ تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋېتىدىغان بولغاچقا، جازانە شەكلىدىكى سودا ياكى ئىقتىسادىي ئېلىم - بېرىم ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يامان كۆرۈلىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ، جازانىخورلۇق قىلماسلىق ئۇيغۇر خەلقى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان گۈزەل پەزىلەت بولۇپ مۇقىملاشقان.

## 8. لەۋزىدە تۇرۇپ، ئىناۋەتكە ئېتىبار بېرىش

قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى سودىدىكى ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، لەۋزىدىكى چىڭلىقنى مۇھىم بىلىپ كەلگەن. خېرىدارغا تاۋارنى ھەق، راست تونۇشتۇرۇپ، مالنىڭ سۈپىتىگە يارىشا باھا قويۇپ، خېرىدارنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. خېرىدار سېتىۋالغان مالدىن مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇنى

ئاكتىپلىق بىلەن قايتۇرۇۋېلىپ، پۇلنى ياندۇرۇش ياكى يەڭگۈش-
لەپ بېرىش — ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدىكى ئېسىل ئادەت بولۇپ
مۇقىملاشقان. تىجارەتچى بىلەن خېرىدار مەلۇم مالنىڭ باھاسىنى
كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، باشقا خېرىدار كېلىپ شۇ مالغا
بىرىنچى خېرىداردىن يۇقىرى باھا قويسىمۇ، تىجارەتچى ۋەدىسىگە
ئەمەل قىلىپ مالنى كېلىشىپ بولغان خېرىدارغا ساتىدىغان، ئې-
غىزدىن چىققان باھانى ۋەدە دەپ قاراپ، ئۇنى ئىمكانقەدەر بەجا
كەلتۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىدىكى مۇھىم كەس-
پىي ئەخلاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى»
دىمۇ سودىگەرلەر ئۈچۈن ھارام دەپ بەلگىلەنگەن توققۇز خىل ئىش
ئىچىدە باھاسىنى پۈتۈشۈپ بولغان مالنى باشقا كىشىگە قايتىدىن
قىممەت باھادا سېتىش قىلمىشى بار.

## 9. خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش

ئۇيغۇرلار مەيلى مىللەتداشلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى
دىنداشلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە كۆ-
ڭۈل بۆلۈشىنى، كۆيۈنۈشىنى، ياردەم قىلىشىنى تەشەببۇس قىلى-
دۇ. بۇنداق تەشەببۇس ماددىي تۇرمۇشتا، كونكرېتراق ئېيتقاندا
ئىجتىمائىي خەير - ساخاۋەت پائالىيەتلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلى-
نىپ، ئېغىر نامراتلىق ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى، ئىج-
تىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەمدە مىللىي ئۇيۇشقاق-
لىق كۈچىنىڭ زورىيىشىدا زور رول ئويناپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جەمئىيەتتە ھاللىق
قاتلام بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار مىللەتپەرۋەرلىكى ۋە
دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك ئۆز پۇل - ماللىرىدىن كەمبەغەللەرگە
ۋاقتى - ۋاقتىدا زاكات ۋە ئۆشرە تارقىتىپ كەلگەندىن باشقا،
سەدىقە، خەير - ساخاۋەتتە يولباشچىلاردىن بولۇپ كەلگەن. «سو-
دىگەرچىلىك رىسالىسى» دىكى سودىگەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك بول-





غان ئون ئىككى ئىش ئىچىدە ئاجىز - مىسكىنلەرگە سەدىقە
بېرىش، ھەر يىلدىكى ئىككى ھېيت نامىزىدا خەير - ساخاۋەت
قىلىشتەك مىزان بار؛ ئون ئىككى سۈننەت ئىچىدە سېخىي بولۇش
ۋە يېتىم - يېسىرلەرگە خەير - ساخاۋەت قىلىشتەك ئىككى مىزان
بار؛ ئون خىل مەكرۇھ ئىچىدە سائىل (تىلەمچى) نى قۇرۇق
ياندۇرماسلىقتەك مىزان بار⑰. دەرۋەقە، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى
قەدىمدىن بۇيان مەبلەغ چىقىرىپ مەكتەپ - مەدرىسە بەرپا قىلىپ،
يول ۋە كۆۋرۈك ياساپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنى يۆلەپ،
ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇر-
غان. بۇ جەھەتتە چوڭ سودىگەر، ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ
ئاتۇش ۋە ئىلى رايونىدا قىلغان خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنى
ئەسلىسەك كۇپايە قىلىدۇ.

## 10. پاك بولۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ پاكلىق ھەققىدىكى قارىشىنىڭ ئىككى خىل
مەنىسى بار: بىرى تاشقى، جىسمانىي پاكلىق؛ يەنە بىرى ئىچكى،
روھىي پاكلىق. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئەخلاقىدا مۇھىت تازىلىقى
ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنغان تەرەپلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇر تىجا-
رەتچىلىرى تىجارەت داۋامىدا تازىلىقنى چىڭ تۇتىدۇ، دۇكان
ئىچى - سىرتىنى پاكىز تازىلاپ، خېرىدارغا ئازادە مۇھىت يارىتىپ
بېرىدۇ. جىسمانىي تازىلىققا دىققەت قىلىپ، سۇپەتلىك ياسىنىپ
خېرىدارلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مايىل كېلىدۇ. «سودىگەرچى-
لىك رىسالىسى» دە بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان. مەسىلەن، «سودىگەرلىكتە ئون ئىككى سۈننەت بار: بىرىن-
چى، ھەمىشە پاكىز بولۇش؛ ... سودىگەرلىكتە ئون خىل ئىش
مەكروھتۇر: بىرىنچى، قولنى يۇماي تائام يېيىش؛ ...
سودىگەرلىكتە يەتتە خىل ئىش ياماندۇر: بىرىنچى، ئۆزىنى ناپاك
تۇتۇش؛ ئىككىنچى، كىيىم - كېچەكلىرىنى پاسكىنا كىيىش؛

ئۈچىنچى ، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن
غۇسلى قىلماي تۇرۇپ تائام يېيىش ؛ تۆتىنچى ، دۇكان ئىچىنى
پاسكىنا تۇتۇش ؛ بەشىنچى ، سۈپۈرەندە ـ ئەخلەتنى دۇكان ئىچىدە
قويىـۇپ قويىـۇش ؛ ئالـتىنچى ، ئۆمـۈچۈك تورىنى ئۆيـدە تۇرغۇ-
زۇش … » دېگەندەك ⑱ . بۇ تەلەپلەرنىڭ سودىگەرچىلىك رىسالىسىد-
ىكى قەيت قىلىنىشى ئۇيغۇرلاردا سودىگەرلەرنىڭ پاكىزلىق سۈپىتى-
گە قويۇلغان ئۆلچەمنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى ياكى قاتتىقلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئەخلاقىدا سودىگەرلەرنىڭ روھىي پاك-
لىقىمۇ كۆپ تەكىتلىنىدۇ . «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» دە ئوت-
تۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر ئىچىدە سودىگەرلەرنىڭ دىنىي مەجبۇرد-
يەتلەرنى تىرىشىپ ئادا قىلىشىدەك تەلەپلەردىن باشقا ، زىنا قىل-
ماسلىق ، كۆڭلىدە يامان نىيەت ساقلىماسلىق ، ئامانەتكە خىيانەت
قىلماسلىق ، پىتنە ـ ئىغۋا تېرىماسلىق ، يامان سۆزلىمەسلىك ،
كىشىلەرنى هاقارەتلىمەسلىك … تەك چەكلىمىلەر ، دائىم خۇشخۇي
بولۇش ، سەۋرچان بولۇش ، كىشىلەرگە رەهىمدىل بولۇش ، كىشى-
لەرنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىش ، مۇلايىم ۋە ئېغىر ـ بېسىق بو-
لۇش ، كىشىلەرنى هۆرمەتلەش … كە ئوخشاش تەشەببۇسلارمۇ بار .
بۇلار تىجارەتچىلەرنىڭ قەلبىنىڭ پاك بولۇشى هەققىدىكى ئەخلاقىي
تەلەپلەر بولۇپ ، ئۇ خەلق ئارىسىدىكى «تاپاۋەت نىيەتكە بېقىپ
بولىدۇ» دېگەن هېكمەتلىك پىكىرگە مۇجەسسەملەنگەن .

## 11 . ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن (هارام) نەرسىلەرنى ئېلىپ ـ ساتماسلىق

ئىسلام دىنىدا سودا ـ تىجارەتنىڭ خەلققە مەنپەئەتلىك ئىش
بولۇشى هەققىدىكى ئەمىر ۋە پەرهىزلەر نۇرغۇن . بۇ پەرهىزلەردە
جەمئىيەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانلىق بولغان نەرسى-
لەرنى ئېلىپ ـ سېتىش قەتئىي مەنئى قىلىنغان . شۇ سەۋەبتىن ،
ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدە يېيىش ، ئىچىش





ۋە ئىشلىتىش چەكلەنگەن هەرقانداق نەرسە ، جۈملىدىن چوشقا ،
چوشقا گۆشى ، باشقا هارام هايۋانلارنىڭ گۆشى ، هاراق ۋە باشقا
ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر ، تاماكا ، نەشە قاتارلىق كەيپ قىلغۇچى
چېكىملىكلەر ، بۇت (هەيكەل ) ، كرېست … قاتارلىقلار ئېلىپ ـ
سېتىلمىغاندىن باشقا ، كىشىلەرنىڭ نورمال ئالاقىسىگە يامان تە-
سىر كەلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار جەزم قىلغىلى بولمايدىغان
نەرسىلەر ، مەسىلەن ، تۇغۇلمىغان ياكى ئۆلگەن هايۋان ، ئاسماند-
ىكى قۇش ، سۇدىكى بېلىق ، تىرىك هايۋاننىڭ ئىچكى ئەزالىرى ،
پىشمىغان مېۋە ، ئېتىزلىقتا ئۈسۈۋاتقان زىرائەت قاتارلىقلارنىڭمۇ
ئېلىپ ـ سېتىلىشى چەكلەنگەن . تىجارەتتىكى بۇنداق چەكلىمىلەر-
نىڭ هەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىدىن كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ،
ئۇ مىللىي تىجارەت ئەخلاقىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ ،
ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يولدا
راۋاجلىنىشىغا ، جەمئىيەتتە ناچار قىلىق ۋە كەيپىياتنىڭ يامراپ
كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇهىتىنى
پاكلاشقا مۇئەييەن ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەن .

خۇلاسە قىلغاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەت ئەخلاقى
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سودا ، ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش ئىشلىرد-
نىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىغان بولۇپ ،
دەل مۇشۇنداق كەسپىي ئەخلاقنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا ، هەربىر
دەۋردىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكى هەرقايسى دەۋردىكى هۆكۈمران
گۇرۇهلارنىڭ باشقۇرغان ياكى باشقۇرمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر
ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ، راۋان تەرەققىي قىلىپ كەلگەن .
بۈگۈنكى دەۋردە ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدە ئاشۇ ئەنئەنىۋى تىجارەت
ئەخلاقىنىڭ ئورنى يەنىلا چوڭ ، چەكلەش كۈچىمۇ كۈچلۈك بو-
لۇپ ، بۇ — رايونىمىز سودا ـ تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي ئالماشتۇ-
رۇش ئىشلىرىنىڭ مۇهىم مەنىۋى تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ
رول ئوينىماقتا .

**ئىزاھلار :**

① نەسرۇللا مەخسۇم لۇكچۇنى ، قۇربان ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان : «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » ، 1 ـ توم ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 20~21 ـ بەتلەر .

② نەسرۇللا مەخسۇم لۇكچۇنى ، قۇربان ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان : «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » ، 1 ـ توم ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 342~343 ـ بەتلەر .

③ نەسرۇللا مەخسۇم لۇكچۇنى ، قۇربان ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان : «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » ، 1 ـ توم ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 234 ـ بەت .

④ نەسرۇللا مەخسۇم لۇكچۇنى ، قۇربان ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان : «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » ، 1 ـ توم ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 135~136 ـ بەتلەر .

⑤ نەسرۇللا مەخسۇم لۇكچۇنى ، قۇربان ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان : «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » ، 1 ـ توم ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 40 ـ بەت .

⑥ نەسرۇللا مەخسۇم لۇكچۇنى ، قۇربان ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان : «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » ، توم ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 400~401 ـ بەتلەر .

⑦ نەسرۇللا مەخسۇم لۇكچۇنى ، قۇربان ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان : «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » ،





1 ـ توم ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 11 ـ ، 14 ـ بەتلەر .

⑧ يۈسۈپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 913 ـ بەت .

⑨ ئەلىشىر نەۋائى : «مەھبۇبۇلقۇلۇب » ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 68 ـ بەت .

⑩ مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى : «مەسنەۋى خاراباتى » ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 79~80 ـ بەتلەر .

⑪ ئەلىشىر نەۋائى : «مەھبۇبۇلقۇلۇب » ، 15~26 ـ بەتلەر .

⑫ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى : «لۇۋلۇئۇل مارجان » ( «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار » ) ، ئابدۇللاھجان ئابدۇلكەرىم تەرجىمىسى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 460441 ـ بەتلەر .

⑬ ن . لۇكچۇنى ، ق . ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » گە كىرگۈزۈلگەن «سودىگەرچىلىك رىسالىسى » ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 376 ـ ، 381 ـ بەتلەر .

⑭ ئەلىشىر نەۋائى : «مەھبۇبۇلقۇلۇب » ، 60 ـ بەت .

⑮ «قۇرئان كەرىم » ، سۈرە شۇئەرا ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 181~183 ـ ئايەتلەر .

⑯ ن . لۇكچۇنى ، ق . ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى » گە كىرگۈزۈلگەن «سودىگەرچىلىك رىسالىسى » ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 378 ـ بەت .

⑰ ن . لۇكچۇنى ، ق . ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى

ئۇيغۇر ھۇنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن «سودى-
گەرچىلىك رىسالىسى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ
يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 375 ـ ، 379 ـ بەتلەر.
⑱ ن . لۇكچۇنى ، ق . ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى
ئۇيغۇر ھۇنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن «سودى-
گەرچىلىك رىسالىسى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ
يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 375 ـ ، 379 ـ بەتلەر.





# 7 ـ بۆلۈم

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى

ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش — ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەخلاق پائالىيەتلىرىنىڭ ئىككى مۇھىم شەكلى بولۇپ ،
ئۇلار ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاق سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرى-
دۇ . بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتى-
مىزدا بۇ ئىككى مۇھىم تېمىغا سەل قارىيالمايمىز . ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپىنى ، ئەخلاق نورمىلىرىنى ، ئەخلاق
قاراشلىرىنى قانداق قىلىپ ئىچكى پەزىلەتكە ئايلاندۇردۇ ؟ ئۇي-
غۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۆزىدىكى ئەخلاقىي تەربىيىلى-
نىش ئارقىلىق قانداق قىلىپ مىللىي ئەخلاقنى ئۆزىنىڭ شەخسىي
پەزىلەتكە ئايلاندۇردۇ ؟ بۇلار ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئەخلاقىي
تەربىيىلىنىشتىن ئىبارەت مەزكۇر تېمىدا يورۇتۇشقا تېگىشلىك
نۇقتىلاردۇر .

## 1 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى

### 1 . ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەخلاقىدا تۇتقان ئورنى

ئادەتتىكى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا ، ئەخلاق تەربىيىسى كىـ-
شىلەرنىڭ مەلۇم ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشىغا تۈرتكە
بولىدىغان ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەقسەتنى چىقىش قىلىپ ، پىلان-

لىق ، تەشكىللىك (بەزىدە تەشكىلسىز ) رەۋىشتە كىشىلەرگە ئەخ-
لاقىي تەسىر سىڭدۈرىدىغان پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ . ئەخلاق تەر-
بىيىسىنىڭ رولى شۇ يەردىكى ، ئۇ ئارقىلىق مۇئەييەن جەمئىيەت
تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن ئەخلاق نورمىلىرى ، ئەخلاق
پرىنسىپلىرى ، ئەخلاق تەلەپلىرى ۋە ئەخلاق قارىشى كىشىلەرنىڭ
ئېڭىغا سىڭدۈرۈلىدۇ ، كىشىلەر ئۆز - ئۆزىنى نازارەت قىلىشقا ،
ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەشكە ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەت - قىلىق-
لارنى تەڭشەش جەريانىغا ئىشتىراك قىلىشقا يېتەكلىنىدۇ ، شۇن-
داقلا كىشىلەر بىر - بىرىگە قارىتا ئەخلاق تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ ، بىر - بىرىنى ئەخلاق جەھەتتىن باھالاشقا يېتەكلىنىدۇ .
ئەخلاق تەربىيىسى ئەخلاقنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە رولىنىڭ جارى
قىلدۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم يول بولۇپ ، ناۋادا ئەخلاق تەربىيىسى
بولمايدىكەن ، ئۇنداقتا شەخسنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى يېتىلمەيدۇ ،
جەمئىيەتتىكى ئەخلاق ئىستىلمۇ تۇرغۇزۇلمايدۇ ، ئەخلاقمۇ ئۆزى-
نىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رولىنى جارى قىلالمايدۇ .

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇ-
رۇش ، ئەخلاق سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈش ، جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي
مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش ئۈچۈن ئەخلاق تەربىيىسىنى ئومۇمىي
تەلىم - تەربىيە ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، ئەخلاق
تەربىيىسىنى ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتلا ئەمەس ، بەلكى يەنە مۇمكىن
بولىدىغان ئىش دەپ قارىغان .

دەرۋەقە ، ئەخلاق تەربىيىسى بىر مىللەتنىڭ يەرلىك ۋە مىل-
لىي ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ
كەتكەن بولىدۇ . ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنى ، مۇراسىم يوسۇن-
لىرى ، پەرھىز ۋە چەكلىمىلىرى ، رېئال تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك
پائالىيەتلىرىدە كۈچلۈك ، كونكرېت ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچان ئەخ-
لاقىي تەربىيە مەزمۇنلىرى بار بولغان بولىدۇ . ھەرقايسى خەلقلەر
دىداكتىك ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىش ، ئەپسانە - رىۋايەت ، داس-





تان ۋە قىسسە ، ماقال - تەمسىل ۋە مەسەل قاتارلىقلارنى سۆزلەش
ئارقىلىق مىللەت ئەزالىرىغا ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسى بېرىدۇ .
ئەلۋەتتە ، بۇنداق تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ رولىنى ھەرگىزمۇ سەل
چاغلىغىلى بولمايدۇ .

ئۇيغۇرلار بىر قەدەر مۇكەممەل ئەخلاق ئەنئەنىسىگە ئىگە . بۇ
ئەنئەنە ئەلۋەتتە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى ،
مۇتەپەككۇرلىرى ، ئەدىبلىرى ۋە باشقىلارنىڭ دىداكتىك ئەسەر يې-
زىپ ئەۋلادلارغا ھەدىيە ئېتىش ، ئائىلىدە ، جەمئىيەتتە تۈرلۈك
يوللار ئارقىلىق ئەدەپ - ئەخلاق مىزانلىرىنى تەرغىب قىلىش ،
دىن بىلەن ئەخلاقنى بىرلەشتۈرۈپ ياخشىلىققا ئۈندەش ھەم ياماز-
لىقتىن توسۇشتەك ۋاستىلەر ئارقىلىق شەكىللەنگەن . فارابىدىن
تارتىپ ئابدۇقادىر داموللىغىچە نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار جەمئىيەت-
نىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشى ، پەزىلەتلىك جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ
بارلىققا كېلىشى ئەخلاق تەربىيىسىدىن ئايرىلالمايدۇ ، دەپ قارى-
غان . بۇنداق دىداكتىك ئەنئەنە ئۇدۇم سۈپىتىدە ئەجدادتىن ئەۋلادقا
مىراس قېلىپ ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ «ئەخلاقلاشقان ئەندىزىسى»
نى بارلىققا كەلتۈرۈشتە زور رول ئوينىغان . ياخشىلىق ۋە يامانلىق
ئۇقۇمى — ئەخلاقتىكى تۈپ كاتېگورىيىلەردۇر . تارىختىكى ئۇيغۇر
ئەخلاقشۇناسلىرىنىڭ نەزىرىدە ئادەم تەبىئىتىدىن يامان بولمايدۇ ،
ئەمما تەبىئىتىنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى پۈتۈنلەي
ئەخلاقىي تەربىيىگە باغلىق بولىدۇ . مەيلى فارابى بولسۇن ، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ بولسۇن ، نەۋائى ياكى مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى
بولسۇن ، ھەممىسى ئەخلاق يېڭى ئەۋلادنى ، يېڭى مۇناسىۋەتنى ،
يېڭى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ مەنىۋى شەرتى دەپ ھېسابلى-
غان : شۇڭا ، ئەخلاق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشنى پەزىلەتلىك
جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى دەپ قارىغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەربىيىسىدە ئەۋلادلارغا ئەخلاق ئۆ-
گىتىش ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ ياكى ئىككىسى ئوخ-

شاشلا مۇھىم دەپ قارىلىدۇ . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تىكى قوشاقلار ئىچىدە ئەخلاق ـ ئەردەم (پەزىلەت ) ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلىدىغان قوشاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن :

«ئالىغىل ئۇگۇت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە ،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلىكىڭ ئۇلە .
«ئوغلۇم ئۇگۇت ئالىغىل ، بىلىكسىزلىك كەتەر ،
تالقان كىمىڭ بولسا ئاڭا بەكمەس قاتار . »①

يۇسۇپ خاس ھاجىبمۇ «قۇتادغۇبىلىك » تە شۇنداق يازىدۇ :

«1228 ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت پەزىلەت ، بىلىم ،
پەزىلەتلەر بولسۇن خۇلقى مۇلايىم .
4506 ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ ،
بىرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ .
4508 پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت ،
ئاڭا مال بەرگۇسى يىغىپ پەزىلەت . »②

ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە نەۋائى ئۆز ئۇگۇت ـ نەسىھەتلىرىدە ، مۇھەممەد سىدىق رەشىدى «سىدىقنامە » ناملىق دىداكتىك ئەسىرىدە ، ئابدۇقادىر داموللا ئۆزىنىڭ ئەخلاقشۇناسلىققا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە كۆپ تىلغا ئالغان . قىسقىسى ، پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەرقايسى ئائىلىلەر دائىرىسىدە ئەۋلادلارغا قارىتىلغان ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلىرى شەكىللىنىپ ، مەزكۇر تەربىيە تۈرى ئومۇمىي خەلق ھاياتىنىڭ مۇھىم پائالىيەت شەكلىگە ئايلانغان .

ئىسلام دىنى يالغۇز بىر خىل ئېتىقاد سۈپىتىدىلا ئەمەس ، مۇھىمى ئۇ زور بىر ئەخلاقىي سىستېما ، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ـ قىلىق مىزانى ، زور ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كىرگەن . ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە قارىتىلغان ئەخلاق تەربىيىسى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان . ئىسلام دىنىدىكى نۇرغۇن مەجبۇرىيەت ۋە چەكلىمە (پەر-





ھىز ) نىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىدۇر . دىنىي ئىلىم تەربىيىسى بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام مائارىپى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ، دىداكتىكا ئەنئەنىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئەخلاق تەربىيىسىگە ، ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىنى ۋە يوللىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئائىت ئەسەرلەرنى يېزىپ ، جەمئىيەت ئەزالىرىنى يېتەكلەشكە بەك ئېتىبار بەرگەن .

## 2 . ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزچىل ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە سىستېمىلاشقان ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر . ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى تارىختىن بۇيان مەكتەپ ـ مەدرىسە تەربىيىسى ، ئائىلە تەربىيىسى ، جەمئىيەت تەربىيىسى ۋە كەسىپ ـ ھۈنەر تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە قارىلىپ ، كۆپ ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشىپ كەلگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش يوللىرى كۆپ خىل بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇھىم ئىككى خىل يولى بار . ئۇلار ئائىلە تەربىيىسى ۋە مەكتەپ ـ مەدرىسە تەربىيىسىدىن ئىبارەت . بۇ يەردە جەمئىيەت تەربىيىسىنى ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ يولى دەپ سانىماسلىقىمىزدىكى سەۋەب شۇكى ، جەمئىيەتتىكى ئەخلاق ئەمەلىيەتتە ھەربىر شەخسنىڭ ئۆز ئائىلىسىدە ۋە مەكتەپ قاتارلىق تەربىيە سورۇنلىرىدا يېتىلىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، جەمئىيەت ئەخلاقنى ئۆگىتىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئاساسلىقى شەخسلەر ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي سۈپىتىنى نامايان قىلىدىغان سورۇندۇر .

ئائىلە تەربىيىسى بولسا بىر ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى

ۋە باشقا قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر پەرزەنتلەرگە قارىتا ئېلىپ
بارىدىغان تەربىيىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىجتىمائىي ھاياتىدا چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. ئائىلە ئۇيغۇر جەمئىيە-
تىنىڭ ئەڭ كىچىك ۋە ئاساسىي ھۇجەيرىسى، يېڭى ئەۋلادلارنى
تەربىيىلەش بۆشۈكى سۈپىتىدە، ئۇنىڭدىكى تەربىيە مەزمۇنلىرى
ئادەم بولۇش تەلىپى ۋە ئۆلچەملىرىدىن تارتىپ تاكى كەسپىي
بىلىم، كەسپىي ئەخلاق، جامائەت ئەخلاقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىد-
گە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئائىلە دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان
ئەخلاق تەربىيىسىنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ ئاساسىي ۋە
تۈپ شەكىل دەپ، ئائىلىنى ئەخلاق، بىلىم، ماھارەت، كەسىپ
ۋە يوسۇن ئۆگىنىدىغان ئەڭ مۇھىم مەكتەپ تەرىقىسىدە تونۇپ،
ئەۋلادلارنى ئەجدادلار يەكۈنلىگەن ھاياتىي تەجرىبىلەر ۋە ئەخلاقىي
ئۆلچەملەر ئارقىلىق تەربىيىلەپ، مۇنداق ئەنئەنىنى تارىخىي ۋا-
رىسچانلىققا ئىگە قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە دائىرىسىدىكى ئەخ-
لاق تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئومۇمەن بارلىق ئەخلا-
قىي پەزىلەتلەرنى ئائىلىدىن تارتىپ يېتىلدۈرۈش، ھەممە ئىشتا
ئەخلاقىي ئۆلگە كۆرسىتىش، يامان قىلىق ۋە ھەرىكەتلەرنى تەنقىد
قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مەيلى مەكتەپ - مەدرىسە
تەربىيىسى كۆرگەن ئەۋلادلارنى بولسۇن ياكى كۆرمىگەن ئەۋلادلار-
نى بولسۇن، ھەممىسىنى ئېسىل ئەخلاقىي ئاڭغا ئىگە قىلىپ
تەربىيىلەپ كەلگەن. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ئائىلىدە ئېلىپ بېرىل-
غان ئەخلاق تەربىيىسى روشەن ئىسلامىي تۈسكە ئىگە بولغان.
ئىسلام دىنىدىكى ئەقىدىلەر، پەرھىزلەر ئىچىدە ھامان ئەخلاق
مەزمۇنلىرى بار بولۇپ، بۇ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئىسلام مائارىپىد-
نىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇشتەك ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئىدى. ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئائىلە دائىرىسىدىكى ئەخلاق تەربىيىسى شەكىللىنىش-
تىن تارتىپ تەرەققىيات مۇساپىسىغىچە روشەن دەرىجىدە ئىزچىل-
لىق ۋە ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان.



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

مەكتەپ - مەدرىسە تەربىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مۇھىم تەربىيە -
مائارىپ تۈزۈمى بولۇپ، مەدرىسىلەردە دىنىي ئىلىملەردىن باشقا
ئىسلام ئېتىكىسى مۇھىم دەرسلىك بولغان. بۇنداق ئىسلام ئېتىد-
كىسى تەربىيىسىدە «قۇرئان» ۋە «ھەدىس شەرىف» لەردىكى بارچە
ئەخلاقىي كۆرسەتمىلەردىن باشقا، ئەرەب ۋە پارس ئەخلاقشۇناسلىد-
رىنىڭ بىر قاتار دىداكتىك ئەسەرلىرى، مەسىلەن، «گۈلىس-
تان»، «بوستان»، «مىرئاتۇل ئىنسانى» («ئىنسان ئەيند-
كى») لار مۇھىم دەرسلىك قىلىنغان. مەردىسىلەردە تەربىيىلەن-
گۈچى ئەۋلادلار يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىسلام
ئەخلاقى ۋە ئومۇمىي ئىنسان ئەخلاقى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ،
ئاندىن ئۇنى ۋەز - نەسىھەت، تەبلىغ شەكىللىرىدە ئۇيغۇر جامائەت-
چىلىكى ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرغان. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئىسلام
دىنىدا بەلگىلەنگەن يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ - سۆز، سالام -
سەھەت، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، خەير - ئېھسان…
ساھەلىرىدىكى ئەخلاقىي مىزانلارنى رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەممە سا-
ھەلىرىگە تەتبىق قىلىپ، ھەم مىللىي خۇسۇسىيەتكە، ھەم ئىسلا-
مىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەخلاق ئەنئەنىسىنى پەيدا قىلد-
غان ھەم مۇكەممەللەشتۇرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسىدە ئائىلە تەربىيد-
سى ۋە مەكتەپ - مەدرىسە تەربىيىسىدىن سىرت، يەنە تۇرلۇك
ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ مۇھىم تەربىيە يولى بو-
لۇپ كەلگەن. بۇ جەھەتتە تۇرلۇك كۆلەمدىكى مەشرەپ، توي -
تۆكۈن ۋە نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىنىڭ كىشىلەر ئارا ئەنئەنىۋى
ئەخلاق تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى رولى چوڭ بولغان.
مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا «بالىنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە
بەر» دېگەن ھېكمەت بار. ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىكى مەنە پەرزەنت مەك-
تەپتە بىلىم ئۆگىنىدۇ، مەشرەپ قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەردە

ئەدەپ ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆگىنىدۇ ، دېگەندىن ئىبارەت .
ئۇيغۇر ئەخلاق تەربىيىسىدىكى يەنە بىر يول — تۇرلۇك بالى-
لار ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت . هازىرغا قەدەر تۇرلۇك تەتقىقات نەتى-
جىلىرىدە ستاتىستىكا قىلىنغان بالىلار ئويۇنلىرى جەمئىي 200
خىلدىن ئارتۇق بولۇپ③ ، بۇ ئويۇنلار ئائىلىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا
ئوينىلىپ ، ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ جىسمانىي
قۇۋۋىتىنىڭ يېتىلىشىدە ، ئەقلىي قۇۋۋىتىنىڭ ئۆسۈشىدە چوڭ
رول ئوينىغاندىن باشقا ، مۇھىمى بۇ ئويۇنلارنىڭ زور كۆپچىلىكى
مۇئەييەن ئەخلاق مەزمۇنلىرىنى ئۆزىدە هازىرلىغانلىقى بىلەن ،
بالىلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا تۇرلۇك پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىشىنىڭ
ياخشى سورۇنى بولۇپ كەلگەن . بۇنداق ئويۇنلار بالىلارنى ئىجتىما-
ئىيلىقنى يېتىلدۇرۇش ، بىرقاتار پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىش پۇرسىتى
بىلەن تەمىنلىگەن . بۇنىڭدىن باشقا ، چوڭلار تەرىپىدىن ئوينىلىدى-
غان تۇرلۇك خەلق ئويۇنلىرىمۇ خۇددى مەشرەپ ۋە باشقا كۆڭۈل
ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش ، ياشلارنىڭ ئازادە ، كۆڭۈللۇك
كەيپىيات ئىچىدە ئۆز پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۇرۇشىگە ، ئەخلاقىنى
تۈزەپ تۇرۇشىغا مەلۇم پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن.
ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ يۇ-
قىرىقىدەك ئىككى خىل ئاساسىي يولى ۋە ئىككى خىل قوشۇمچە
يولىدىن باشقا ، يەنە بىر قىسىم يوللىرىمۇ بار بولغان . مەسىلەن ،
هەرقايسى دەۋرلەردە دىداكتىك ئەسەرلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلۇ-
شى ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن دىنىي ، ئەخلاقىي مەزمۇندىكى
ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ياكى ئۆزلەشتۈرۈپ قايتا يېزىلى-
شى ، ئىسلام ئەقىدىسى بايان قىلىنغان كىتابلارنى شەرھلەپ يېزىلى-
غان هەرخىل ئەسەرلەر (مەسىلەن ، «شەرهى ۋەقايە تۇركىي» ،
«شەۋقى گۇلىستان تۇركىي» ) نىڭ يېزىلىشى ··· مەلۇم مەنىدىن
ئېيتقاندا ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ تېخىمۇ ئىلمىيلاشقان يولى بولۇپ
هېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىن سىرت ، هەرقايسى دەۋرلەردە دىنىي ، ئىلى-





مىي تەشكىلاتلار ، يېڭىچە مائارىپ تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەر ، سانا-
ئىي نەفىسەلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ، بەزى نەشر بۇيۇملىرىنىڭ
بېسىلىشى ۋە تارقىتىلىشى ··· قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيغۇرلاردا
ئىسلام ئەقىدىسىنى ، ئەخلاقىنى تەشەببۇس قىلىپ ، تەرەققىيات ۋە
ئويغىنىشنى ئىلگىرى سۈرگەن .
ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك ئەخلاق تەربىيىسى جەريانىدا
نۇرغۇنلىغان ئەخلاقىي تەربىيە ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلىنى شەكىللەن-
دۈرگەن . بۇ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى تۆۋەن-
دىكى بىرقانچە نۇقتا بويىچە بايان قىلىش مۇمكىن .
1 . ئەقىل ئارقىلىق نەسىهەت قىلىش . ياخشىلىق ۋە يامانلىق
ئۇيغۇر ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ يىراق قەدىمدىن تارتىپ داۋاملى-
شىپ كېلىۋاتقان كاتېگورىيىلىرىدۇر . كىشىلەرنى ياخشى ئىشلار-
نى قىلىشقا ، هەرىكەت ـ قىلىق ، گەپ ـ سۆز ۋە يۈرۈش ـ
تۇرۇشتا ياخشى بولۇشقا ئۈندەش ، يامانلىقنىڭ هەممە تۈرلىرىدىن
تۇسۇش ۋە ئۇلارنى ئەقلىي ئاساسلار ئۈستىگە تۇرغۇزۇش — ئۇيغۇر
ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسىدىكى تۈپ ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر . قە-
دىمكى ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگە خاس ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى «ئۇ-
گۇتلەر» ، يۈسۈپ خاس هاجىبنىڭ ئەسىرىدىكى نەسىهەتلەر ، نەۋائى
ئەسەرلىرىدىكى تەنبىهلەر ، مۇهەممەد سىدىق رەشىدىنىڭ ئەسىرى-
دىكى تەۋسىيىلەر ··· خەلق ئارىسىدىكى «ئاتا نەسىهەتلىرى » نىڭ
هەممىسى ئەمەلىيەتتە ياخشىلىق قىلىش ۋە ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ
پايدىلىرىنى ، خۇلقى يامان بولۇشنىڭ زىيانلىرىنى ئىسپاتلار بىلەن
شەرھلەپ چۈشەندۈرگەن . بۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى بىرەر ياخشى
ئەخلاق ئۈلگىسىنى ياكى ئەخلاقسىزلىق ئۈلگىسىنى مىسال تەرىقى-
سىدە سۆزلەش ، «قۇرئان» ۋە «هەدىس» لەردىكى ئەخلاقىي مەج-
بۇرىيەت تەسۋىرلەنگەن بۆلەكلەردىن نەقىل ئېلىش ، ئىلىم ئۆگى-
نىش بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى
بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش — كۆپرەك قوللىنىلغان چارىلەر-

دۇر . ئومۇمىي خەلق بىرەر ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنى ئۆگىنىشتە
«قۇرئان» ۋە «ھەدىس» تىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ، ئۇلۇغلار-
نىڭ ئەخلاقىي ئۈگۈتلىرىنى ، ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلەرنى
دەلىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ نوپۇزى ۋە ئۈنۈ-
مىنى كۈچەيتىشكە ئادەتلەنگەن . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيە-
سىدە ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغىنى ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ مەزمۇنى
ۋە پايدىسىنى تەھلىل قىلىش بولۇپ ، بۇ مەدرىسە - مەكتەپلەردە
ئەخلاقىي بىلىملەرنى تارقىتىش ۋە ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى سىستې-
مىلىق تەھلىل - تەرغىب قىلىش شەكىللىرىدە ئىپادىلەنسە ، ئائىلە
دائىرىسىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىلىم سەۋىيىسىگە يارىشا ئەقلىي
نەقىل كەلتۈرۈش شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىپ كەلگەن .

2 . پەزىلەت بىلەن مەنپەئەتنى ، پەزىلەتسىزلىك بىلەن زىياننى
بىرلەشتۈرۈپ ئەخلاق ئۆگىتىش . كىشىلەرنى مۇئەييەن پايدا -
مەنپەئەت ئارقىلىق ياخشى ئىش قىلىشقا ، ياخشى خۇلق يېتىلدۈ-
رۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش ، مەلۇم زىيان ياكى يامان ئاقىۋەت (جازا)
ئارقىلىق بارچە ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن توسۇش — ئۇيغۇر ئەنئە-
نىۋى ئەخلاق تەربىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئۇسۇلدۇر . بۇنداق
ئۇسۇلنىڭ ماھىيىتى شۇ يەردىكى ، كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە پەزى-
لەتسىزلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئىتى بىلەن زىچ باغلاپ ، كىشى-
لەردە ياخشى ئىش قىلغاندا ۋە پەزىلەتلىك بولغاندا ياخشى نەتىجىگە
ئېرىشكىلى بولىدۇ ، يامان ئىش قىلغاندا ۋە پەزىلەتسىز بولغاندا
زىيان تارتىدۇ ، دېگەن مۇستەھكەم ئەقىدىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبا-
رەت . دەرۋەقە ، مۇئەييەن مەنپەئەتدارلىقتىن ئايرىلغان ئىدىيە ھا-
مان قۇرۇق خام خىيالدۇر . مەنپەئەت ئەخلاقنى مەنپەئەت نۇقتىسى-
دا ئوبيېكتلاشتۇرىدۇ ، رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ . ئەگەر شەخسىي
مەنپەئەت بىلەن چېتىلمىغان ئەخلاق تەربىيىسى بولىدىكەن ، ئۇن-
داقتا تەربىيە ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ . ئۇيغۇرلاردا باللار پەزى-
لەت يېتىلدۈرسە ، كىشىلىك ئالاقە يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىپ ئەمەلدە





كۆرسەتسە ، ئۇلار ئوخشىمىغان قىممەت ۋە شەكىلدىكى مۇكاپاتلار
بىلەن تارتۇقلىنىدۇ ، پەزىلەتسىزلەر تۈرلۈك جازالار بىلەن پەزىلەت
يېتىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ . بۇنداق ئۇسۇل تۈرلۈك مەشرەپ ،
توي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىدىن تارتىپ ئائىلىدى-
كى كىچىك مۇناسىۋەتلەرگىچە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ .

3 . ئۈلگە تىكلەش . كونكرېت ئۈلگە تىكلەش ئارقىلىق كىشى-
لەرنى تەسىرلەندۈرۈش — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە قول-
لىنىپ كېلىۋاتقان مۇھىم ئەخلاقىي تەربىيە ئۇسۇلىدۇر . بۇ خىل
ئۇسۇلدا قوللىنىلىدىغىنى مۇنداق ئۈچ خىل ئۈلگىدۇر : بىرىنچى-
سى ، ئائىلىلەردە ئاتا - ئانا ۋە باشقا چوڭلار پەرزەنتلەر ۋە كىچىك-
لەر ئالدىدا ھەرخىل ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قى-
لىش ، گەپ - سۆز ، يۈرۈش - تۇرۇش ، سالام - سەھەتلەردە
يوسۇنلۇق ، پەزىلەتلىك بولۇش ئارقىلىق باللار ۋە كىچىكلەرگە
مەقسەتلىك ، ئەمما ئىستىخىيىلىك رەۋىشتە ئەخلاقىي تەلىم - تەر-
بىيىنى سىڭدۈرىدۇ . ھەربىر بالا ئەخلاقنى ئالدى بىلەن ئائىلىسىدە
ئاتا - ئانىسىنى دوراپ تەقلىدەن ئۆگىنىدۇ . ھەربىر بالىنىڭ
ئەخلاقىي ھەرىكىتىدىن شۇ بالا ئۆسۈپ - يېتىلگەن ئائىلىدىكى
چوڭلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت سەۋىيىسى ئەكس ئېتىدۇ . شۇڭا ،
ئۇيغۇرلار كىچىك باللار ئالدىدا ھەربىر ئىشتا ئۆزى ئۈلگە تىكلەش
ئارقىلىق تەربىيە بېرىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ . ئىككىنچىسى ،
ئۇيغۇرلار ئەۋلادلارغا قارىتىلغان ئەخلاق تەربىيىسىدە ئۇيغۇر تارى-
خىدىكى مەشھۇر ئەخلاق ئۈلگىلىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ . دەرۋە-
قە ، ئۇيغۇرلاردا باتۇرلۇق ، ئېسىللىك ، سەۋر - تاقەت ، توغرا
سۆزلۈك بولۇش ، ھايا - نومۇس ، كەمتەرلىك ... نىڭ تارىخىي ،
بەدىئىي ئۈلگىلىرى كۆپ . كىشىلەر ئەۋلادلارغا ئەخلاق تەربىيىسى
قىلىشتا تارىخىي شەخسلەر ، داستان - قىسسەلەردىكى قەھرىمان-
لار ، ئادالەت يولىدا شېھىت بولغانلار ، خەلق ئارىسىدىكى
ئەخلاق - پەزىلىتى ئۈستۈن كىشىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ، ئەۋلاد-

لارنىڭ پەزىلەت جەھەتتە شۇلاردىن ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇرلار يەنە ئىسلام دىنىدىكى تىپىك شەخسلەر
(پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار) نىڭ ئۈلگىلىك ئىش - ئىزلىرىنى
نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى ئېلىپ
بارىدۇ. ئىسلامىي قىسسەلەردىكى ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى
ئىسمايىلنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغانلىقى ساداقەت پەزىلىتىنىڭ،
ئەييۇب پەيغەمبەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئىنتايىن يامان كېسەل چىر-
مىۋالغاندىمۇ تاقەت قىلغانلىقى سەۋرچانلىق پەزىلىتىنىڭ، مۇھەم-
مەد پەيغەمبەرنىڭ نۇرغۇن سۈپەتلەرنى ھازىرلىغانلىقى يەنە بىر
قاتار پەزىلەتلەرنىڭ ئۈلگىلىرى سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ. ئومۇمەن،
ئۇيغۇرلار مەيلى دىداكتىك ئەسەرلەردىكى ئەخلاقىي ئۈگۈتلەر بول-
سۇن ياكى خەلق ئارىسىدىكى ئەدەپ - ئەخلاق نەسىھەتلىرى بول-
سۇن، ئۇلاردىكى ئۆزلىرى قايىل بولغان، سۆيۈنگەن، پەخىرلەن-
گەن رىئال ۋە بەدىئىي شەخسلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي ئۈلگىلىرىنى
مىسال كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرنى پەزىلەت جەھەتتە
ئويغىتىدۇ، ئىلھام بېرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ.

4. پەرھىز - چەكلىمىلەر ئارقىلىق ئەخلاق تەربىيىسى بې-
رىش. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەلۇم نەرسىگە چېقىلغىلى بولماي-
دۇ، چېقىلىپ قالسا كىشىگە زور زىيان ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ
قاراپ ئۇلارغا چېقىلمايدىغان، مەلۇم ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سالسا
ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ دەپ قاراپ، ئۇنداق ھەرىكەت - قىلىق-
لاردىن قەتئىي ساقلىنىدىغان ئادەت بار. بۇ فولكلور ئىلمى دائىرى-
سىدىكى «پەرھىز» ئادىتىدۇر. پەرھىز ئادىتىدە ئاساسلىنىلغىنى
گەرچە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەردىن ئەيمىنىش ۋە باشقا خۇراپىي
ئېتىقادلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە ئەنئەنىسىدىكى
مۇھىم تەربىيە ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.
دەرۋەقە، مەلۇم ئەخلاقسىزلىقنى پەقەت جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى
بىلەن تۈپتىن تۈگەتكىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ناۋادا ئۇنىڭغا بى-





رەر سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق «ئاقىۋەت» قوشۇلسا، ئەخلاقسىز
قىلمىش تېزرەك تۈگىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا يامان ئاقىۋەتنى
سۆزلەش ئارقىلىق ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋال
نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئاتا - ئانىنى قاقشاتسا،
ئۆمرى خارۇزارلىقتا ئۆتىدۇ»، «يالغان سۆزلەۋەرسە رىزقى كەم
بولىدۇ»، «ئۇستازىنى ھۆرمەت قىلمىسا، ھۈنەردىن روناق تاپال-
مايدۇ»، «قۇش بالىلىرىنى ئۆلتۈرسە، ئاتا - ئانىسىدىن بالدۇر
يېتىم قالىدۇ»... دېگەندەك پەرھىزلەرنىڭ يامان ئەخلاقىي قىل-
مىشلارنى توسۇش رولى ئادەتتىكى ۋەز - نەسىھەتلەردىن كۈچلۈك
بولىدۇ. كىشىلەر ئاددىي ئەخلاقىي چەكلىمىلەرگە «يامان بولىدۇ»
دېيىش ئارقىلىق مەلۇم سىرلىق تۈس بەخش ئېتىپ، ئەۋلادلارنىڭ
يامان ھەرىكەت - قىلىقلارنى يېتىلدۈرۈپ قالماسلىقىنى تېخىمۇ
كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى

### 1. ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنىڭ مۇھىملىقى

شەخسنىڭ ئەخلاق سۈپەتلىرىنى ھازىرلاش جەھەتتە تەربىيىلە-
نىشىگە ئېتىبار بېرىش ۋە تەكىتلەش — ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ كۆ-
رۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش
شەخسنىڭ مۇئەييەن ئەخلاق نورمىلىرىغا ئاڭلىق، ئەقلىي رەۋىشتە
رىئايە قىلىش ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي خاراكتېر - مىجەز-
گە، ئىچكى سۈپىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان تىرىش-
چانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش-
كە ئېتىبار بېرىشى كۆپ دىنلارنىڭ، جۈملىدىن ئىسلام دىنىنىڭ
ئەخلاق ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىنى مەنبە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا
يەنە باشقا سىرتقى، ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىمۇ بار. ئەخلا-
قىي تەربىيىلىنىش شەخسنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە يېتىلىشى، پەزى-

لىتىنىڭ ئادەت ۋە خاراكتېرگە ئايلىنىشى ، ۋىجدانەن تەربىيىلىنىد-
شى قاتارلىق تەرەپلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ . ئاددىي قىلىپ
ئېيتقاندا ، ئۇ شەخسنىڭ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ .
پەزىلەتلىك كىشى ئەمەلىيەتتە نوقۇل ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت يۈزد-
سىدىن ئەخلاقىي نورمىلارنى بەجا كەلتۈرگۈچى بولماستىن ، بەلكى
ئەخلاق تەلەپلىرىگە ئاڭلىق بويسۇنۇپ ، ئۆز - ئۆزىنى مەنىۋى
جەھەتتە چېنىقتۇرغان ، ئۆزىنى ئۆزگەرتكەن ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلد-
كىنى يۈكسەلدۈرگەن كىشىدۇر .

ئۇيغۇرلار ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىد-
لەن بىللە ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش (پەزىلەت
يېتىلدۈرۈش ) نىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ تەكىتلەيدۇ .

1 . ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش — ئادىمىيلىكنى مۇكەممەللەش-
تۈرۈشنىڭ ، ئېسىل خىسلەت يېتىلدۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىدۇر .
ئالدىنقى سەھىپىلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ، ئۇيغۇرلار ئىنسان
تەبىئىتىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى بىد-
لەن شەخسنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى
تاللايدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئاساسىدا ، ئەخلاق تەربىيد-
سىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزۇپلا قالماستىن ، ئەخلاق تەربد-
يىسىنى زۆرۈرىيەتلا ئەمەس ، بەلكى مۇمكىنىيەت (مۇمكىن بولد-
دىغان ئىش ) دەپ قارايدۇ . ھالبۇكى ، ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن
پەزىلەت يېتىلدۈرۈش زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ھەر ئىككىسىدە
مۇئەييەن ئەخلاق پرىنسىپى ۋە ئەخلاق نورمىلىرى ئاساس قىلىد-
نىپ ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈش ، شۇ ئارقىلىق
مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئەخلاق كەيپىياتى ۋە ئادىتىنى شەكىللەندۈ-
رۈش ئورتاق مەقسەت قىلىنىدۇ . ئەخلاق تەربىيىسى جەمئىيەت
ئېلىپ بارىدىغان ئەخلاق پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلانسا ، ئەخلاقىي
تەربىيىلىنىش (پەزىلەت يېتىلدۈرۈش ) شەخسلەر ئاڭلىق ئېلىپ
بارىدىغان ئەخلاقىي پائالىيەتتۇر . ئىككىسى زىچ مۇناسىۋەتلىك بو-





لۇپلا قالماستىن ، يەنە پەرقلىقتۇر . يەنى ، ئەخلاق تەربىيىسى تاشقى
شەرتكە مەنسۇپ ، ئاڭلىق رەۋىشتىكى ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش بولد-
سا ئىچكى ئاساس . ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈش جەريانىدا كىد-
شىلەرنىڭ ئاڭلىقلىقى ، يەنى ئىرادىسى بويىچە ياكى ياخشىلىقنى ،
ياكى يامانلىقنى تاللىشى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە . ئەگەر
مۇشۇنداق ئاڭلىقلىق بولمايدىكەن ، ياخشىلىقنى ئەقلىي ھالەتتە
تاللىۋېلىشمۇ بولمايدۇ ، تەربىيىمۇ شەخسنىڭ ئىچكى پەزىلىتىگە
ئايلىنىشقا نائىل بولالمايدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىدىن بىز شەخسنىڭ
پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىنىڭ شەرتى ۋە پەزىلەت تۈرلىرى ھەققىدىكى
قىسمەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز . يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ ئەخلا-
ق تەشەببۇسلىرىدا شەخسنىڭ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىدىن تارتىپ
پەزىلەتلىك جەمئىيەتنى بەرپا قىلغۇچە مۇنداق بىر جەرياننىڭ بولد-
دىغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ بولسىمۇ «قانائەت (جىسمانىي
تەلەپ - ئېھتىياجلار باسقۇچىدىن ئەخلاق باسقۇچىغا ئۆتۈش ) ←
بىلىش ياكى بىلىم (ئەخلاق باسقۇچىدىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە
ياخشىلىق ھەم يامانلىقنى پەرق ئېتىش باسقۇچىغا ئۆتۈش ) ←
ۋىجدان ۋە پەزىلەت (پەزىلەتنىڭ شەخسنىڭ ھەمدە پۈتۈن جەمئىيەت-
نىڭ ئادىتىگە ، ئىستىلىگە ئايلىنىش باسقۇچى ) » . بۇ يەردە قانا-
ئەت مەلۇم دەرىجىدە ئىسلام دىنىدىكى كىشى ھاياتىنىڭ قىسقىلى-
قى ، شۇڭلاشقا چېكى يوق نەپس - ھەۋەسكە بېرىلىشنىڭ يامانلد-
قى ، ھەتتا ئەرزىمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى ، تەقۋالىق ۋە
زاھىتلىق تەشەببۇسلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولۇشىدىن قەتد-
ئىينەزەر ، ئۇ شەخسنىڭ جەمئىيەتكە ئىجابىي ماسلىشىشىنىڭ ،
باشقىلار بىلەن بولغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش-
نىڭ تۈپ شەرتى بولۇپ ، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇدغۇرمىش
ئوبرازىدىن ۋە ئۇنىڭ تىلىدىن كۆپ تەرغىب قىلىنىدىغان . ئۇيغۇر-
لاردىكى «سەۋر - تاقەت» ، «شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەس-
لىك » ، «ئىنساپ قىلىش » ، «ئۆزىنى تۇتۇش » قا ئوخشاش ئىپادد-

لەر ئەنە شۇ ئەخلاقنىڭ دەسلەپكى مەنزىلىنىڭ تۈپ شەرتلىرى
ھەققىدىكى قاراشلاردىندۇر . شەخسنىڭ پەزىلىتى نوقۇل قانائەت
ئارقىلىقلا يېتىلمەيدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن كىشى يەنە بىلىم ئۆگىنىد-
شى ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى پەرق ئېتەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە
بولۇشى كېرەك . بۇ باسقۇچتا كىشىلەر ئاتا - ئانىنىڭ ساۋىقى ۋە
باشقا تەربىيىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ . شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ بېسىد-
مى ، قانۇنىنىڭ تىزگىنلىشى قاتارلىق تاشقى تەسىرلەرنى قوبۇل
قىلىپ ، نېمىنىڭ ئەخلاق ، نېمىنىڭ غەيرىي ئەخلاق ئىكەنلىكىنى
بىلىدۇ . ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىلىم ئۆگىنىشنى ئەخلاق يېتىلدۇ-
رۇشنىڭ ئالدىغا قويۇشىمۇ دەل شۇ سەۋەبتىندۇر . ۋىجدان ۋە
پەزىلەت يېتىلدۈرۈش باسقۇچىدا كىشى جەمئىيەتنىڭ مۇناسىپ
ئەخلاق تەلەپلىرىگە پاسسىپ رىئايە قىلىشتىن مۇئەييەن مەقسەتنى
كۆزلەپ ، مەلۇم ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەخلاقنى ئىچكى سۈپەتكە ،
ئادەتكە ، مىجەز - خۇلقتىكى تەبىئىي تەركىبكە ئايلاندۇرۇشقا قاراپ
تەرەققىي قىلىدۇ . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان مەقسەت مۇسۇلمان
ئۇيغۇرلار نەزىرىدە كۆپىنچە جەننەتكە ئېرىشىش بولسا ، تەسەۋۋۇپ-
چىلار نەزىرىدە تەڭرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشنى ئىستەيدىغان
زاھىتلىق بولىدۇ . يۇقىرىقى باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ئا-
مىل ، يەنى شەخسنىڭ ياخشىلىقنى تاللاشتەك ئىرادە ئەركىنلىكى
مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق قاراشلىرىدا
شەخس پەقەت پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى ، مۇئەييەن ئەخلاقىي غا-
يىگە ئىگە بولۇشنى ، ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان ۋىجدانغا
ئىگە بولۇشنى كۆزلىسە ، شۇ ئارقىلىق كامىل ئىنسانغا ئايلىنالى-
سا ، بۇ شەخس ئۈچۈن ئەخلاقىي مەنىدىن يېتەرلىكتۇر ، دېگەن
پىكىر ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ .

2 . شەخسنىڭ ئۆزىنى پەزىلەت جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشى —
جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىدۇر . مەيلى ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرى بول-
سۇن ياكى مۇسۇلمان ئۆلىمالار بولسۇن ، ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش-
نىڭ شەخسنىڭ پەزىلىتىنىڭ تىكلىنىشىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىد-





نى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ، يەنە شەخسنىڭ پەزىلەت يېتىلدۈرۈش-
نىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ .
خەلقنىڭ ئەخلاق ئېڭىدە ۋە ئەخلاقشۇناسلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدا
شۇنداق بىر مەنە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇكى ، ئەخلاق نوقۇل شەخسنىڭ
بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىلا
ئەمەس . ھەربىر شەخس جەمئىيەتنىڭ ، مىللەتنىڭ بىر ھۈجەيرىسى
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي سۈپەتنىڭ ياخشى ياكى
يامان بولۇشى مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن جەمئىيەت ياكى مىللەتنىڭ
ئومۇمىي سۈپەت - ساپاسىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىغا تەسىر
كۆرسىتىدۇ . ناۋادا كىشى ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىپ ھېچ
ئىشتىن ئۇيالمايدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىگە ۋە جەمئىيەتكە زىيان
يەتكۈزىدۇ . فارابى نەزىرىدىكى پەزىلەتلىك شەھەر (دۆلەت ) ، يۇ-
سۈپ خاس ھاجىب ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇتەپەككۇرلار نەزىرىد-
كى پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھامان ھەربىر شەخسنىڭ پەزىلەتلىك
بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان جەمئىيەت ياكى شەھەر (دۆلەت )
دۇر . شۇڭلاشقا ، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى
ئادا قىلسا ، ئىدىيىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرسا ، ئۆزىنىڭ ئەخلاق
ۋە باشقا جەھەتلەردىن تەربىيىلىنىشىگە قاتتىق تەلەپ قويسا ، ئاد-
دىن جەمئىيەت ئۇيغۇنلۇق ئىچىدە ساقلىنىدۇ ، دۆلەت ۋە مىللەت
ئالغا ماڭىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ . مانا بۇ — ئۇيغۇر خەلقى ۋە
ئەخلاقشۇناسلىرىنىڭ ئېڭىدىكى شەخسنىڭ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىد-
نىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ نېگىزىدۇر .

## 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشتىكى ئۇسۇل ۋە يوللىرى

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش ياكى پەزىلەت
يېتىلدۈرۈش ئۇسۇللىرىغا كۆپ ئېتىبار بەرگەن ھەمدە بۇ ئۇسۇل-
لارنى ئەخلاق ئادىتىنى ، پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈش ، ئەخلاقىي مەن-
زىلگە يېتىشتە كەم بولسا بولمايدىغان كۆۋرۈك دەپ تونۇپ كەل-

گەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىگە قارايدىغان بولساق ، ئۇ-
نىڭدا بۇنداق ئۇسۇللار يىغىنچاقلانمىغان بولسىمۇ ، بىز ئۇيغۇرلار-
نىڭ تۇرمۇشىدا ئىستىخىيىلىك شەكىللەنگەن ھەمدە بەزى دىداك-
تىك ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان پەزىلەت يېتىلدۈرۈش يوللىرى
ھەققىدىكى كۆزقاراشلاردىن بىرقەدەر كەڭ ئىشلىتىلىدىغان تۆۋەن-
دىكى بىر قانچە ئۇسۇل ياكى يولنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز .

1 . ئۆگىنىش ئۇسۇلى

بىلىم ئۆگىنىش — ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مۇھىم نورما ، شۇن-
داقلا ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلىدۇر. ئۇيغۇر ئەخ-
لاقشۇناسلىرىنىڭ نەزىرىدە ئەخلاق بىلىم ئېلىشقا بېقىپ مەلۇم
سۈپەت ۋە دەرىجىلەرگە ئىگە بولىدۇ. بىلىم ئىگىلىگەندە ئاندىن
ھەق ـ ناھەقنى ، ئاق ـ قارىنى ، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق
ئەتكىلى بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقنى «ئەقىل ،
بىلىمنىڭ ئەمەلىي گەۋدىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى »④ دەپ
قارىشى ھەمدە پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىيەتتە بىلىملىك كى-
شىلەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى نۇقتىلىق يو-
رۇتۇپ بېرىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولغان . كېيىنكى دەۋردىكى
ئەخلاقشۇناسلار ئۆز دەۋرىدىكى ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقتىن زارلانغان-
دا ۋە ئۇنى تۈزەش تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، ھامان
بىلىم ئىگىلەشنى پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە ئى-
زاھلىغان . بۇنداق بىلىم ئەلۋەتتە دىنىي ۋە ئىلمىي بىلىم ، تېخنى-
كا ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ، كەسپىي ئىلىملەرنى
كۆرسىتىدۇ . نۇرغۇن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار «قۇرئان» دىكى دەس-
لەپ نازىل بولغان ئايەتنىڭ «يارانتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى
بىلەن ئوقۇغىن . ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى . ئوقۇغىن ،
پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر . ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىش-
نى ) ئۆگەتتى . ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى »⑤ دەپ
باشلانغانلىقىنى ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ئىچىدىكى
ئىلىم ئۆگىنىش ئىبادەت قىلىشتىن ئارتۇق ئورۇنغا قويۇلغان





بۆلەكلەرنى ئۇزۇندە قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ، ئادەتتىكى
ئەخلاقىي ، دىنىي دەۋەتلىرىدە كۆپ تەكىتلىگەن . خۇددى خەلق
ماقالى «ئەقىل بىلەن ئەدەپ قوشكېزەك » تە كەلگەندەك ، ئۇيغۇر
خەلقى بىلىم ئۆگىنىپ ئەقلىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەنلەردە مۇنا-
سىپ پەزىلەتلەرنىڭمۇ كۆپىيىپ بارىدىغانلىقىغا ، بىلىمسىزلىكلەر-
نىڭ پەزىلەتتىنمۇ مەھرۇم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن . شۇ سەۋەبتىن
ھەربىر كىشى پەزىلەت يېتىلدۈرۈشتىن ئاۋۋال مەلۇم كەسپىي ،
ئىلمىي بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىپ ، ئاندىن شۇ بىلىمنى ئەخلاق بىلەن
بېزەشكە ئېتىبار بەرگەن . خەلق ئارىسىدىكى «قارا تۈرك » ، «نا-
دان » ئىبارىلىرى يالغۇز بىلىم ئىگىلىمىگەن كىشىلەرگىلا ئەمەس ،
يەنە پەزىلەتسىز كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدىغان ئىبارىلەردۇر .

2 . سىرتىدىن ئىچىگە تەسىر قىلىش ئۇسۇلى

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى ، سىرتقى
ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىغا ئومۇميۈزلۈك دىققەت قىلىنىدۇ ھەم شۇ
ئاساستا پەزىلەت يېتىلدۈرۈش داۋامىدا شەكىل ۋە كۆرۈنۈش جە-
ھەتتىكى ياخشىلىقتىن ئىچكى ، روھىي جەھەتتىكى ماھىيەتلىك
ياخشىلىققا ئۆتۈپ ، ئىچى ـ تېشىنىڭ بىردەك بولۇشىغا ئېتىبار
بېرىلىدۇ. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ياخشى تاشقى قىياپەت
ئارقىلىق ئىچكى مەنىۋى پەزىلەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — شەخستە
ئېسىل پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى بولۇپ ، ياخشى
تاشقى قىياپەت پەيدا قىلىشنىڭ ئۇسۇلى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار نەزى-
رىدە ، يۇيۇنۇش ؛ ئىبادەت ، ئوچۇق چىراي بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ
تۈرلۈك بولغان .

ھەپتىدە بىر قېتىم پۈتۈن بەدەننى يۇيۇپ تۇرۇش (غۇسلى
قىلىش ) — ئۇيغۇرلارنىڭ تازىلىق ئادىتى ، شۇنداقلا دىنىي ئادىتى-
دۇر . ئۇيغۇرلار يۇيۇنۇشقا بەك ئېتىبار بېرىپ ، بۇ جەھەتتە بىر
قاتار يوسۇن ۋە قائىدىلەرنى شەكىللەندۈرگەن . ئادەتتىكى چاغلار-
دىمۇ نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۈندە بىرقانچە قېتىم كىچىك
دائىرىلىك تەن تازىلىقى قىلىشمۇ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان.

غۇسلى ۋە تاھارەتنىڭ بىۋاسىتە مەقسىتى كىشىلەرنى پاكىز، ساغ-
لام، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ مىللەت
دائىرىسىدە ئومۇمىيۇزلۇك قوبۇل قىلىنغان ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئىبادەت — ئۇيغۇرلار ئىشەنگەن كۆپىنچە دىندا بەجا كەلتۈ-
رۈشكە تېگىشلىك بۇرچ ياكى ۋەزىپە بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى پاك-
لىق ۋە ياخشىلىق يولىنى تۇتۇپ نىرۋاناغا يېتىشنى كۆزلەپ قىلى-
نىدىغان بارلىق ئىستىقامەت پائالىيىتى، ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمان-
لارنىڭ بەجا كەلتۈرۈشى زۆرۈر دەپ بەلگىلەنگەن بارلىق ئىشلار
ئىبادەت جۈملىسىدىندۇر. بۇ دىنلاردا ئىبادەت نوقۇل فىزىئولوگى-
يىلىك ھەرىكەت ياكى چېنىقىش بولماستىن، ئەكسىچە ئۇ ئىنسان-
نى تەڭرىگە، ھەقىقەتكە، ياخشىلىققا يۈزلەندۈرىدىغان، مەنىۋى
كامالەت تاپقۇزىدىغان پائالىيەتتۇر. ئىسلام دىنىدا ناماز مۇسۇلمان-
لارنىڭ قەلبىنى شادلىققا تولدۇرىدىغان، مەنىۋى يۈكسەكلىككە،
خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدىغان، كىشىلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈ-
چەيتىدىغان، كۆڭۈلدىكى چىركىنلىك، يامانلىقنى يوقىتىدىغان
ئىبادەت تۈرى دەپ سۈپەتلەنسە، روزا ۋە زاكات كىشىلەردە باشقى-
لارغا، بولۇپمۇ كەمبەغەللەرگە ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش، غەم-
خورلۇق، دىلى يۇمشاقلىق، مەردلىك ... كە ئوخشاش پەزىلەتلەر-
نىڭ يېتىلىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىبادەت تۈرى دەپ سۈپەتلىنى-
دۇ. ئىسلام دىنىدا ئەقىدە بىلەن ئەخلاقنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشى-
نىشتەك قائىدە ياكى ئەنئەنە سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار ئىبادەت ئۈچۈن
قىلىنىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئورۇنداش بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى
دۇنياسىدا پەزىلەت، ياخشى ماھىيەتنىڭ تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىغا ئى-
شەنگەن. خەلق ئارىسىدا نۇرانە چىراي كىشىلەرنىڭ باشقىلار تەرى-
پىدىن «ئىمان نۇرى چىرايىغا چىققان» دەپ سۈپەتلىنىشىمۇ شۇ
ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئوچۇق چىراي بولۇش — ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ئالاقىلىرى-
دە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ھەم تەرغىب قىلىنىدىغان بىر ئەھۋال
بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاقىي ئاساسى — ئوچۇق چىراي، خۇش پېئىل-





لىق بىلەن باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىش ياخشى مۇناسىۋەتكە سەۋەب
بولىدۇ دېگەندىن باشقا، چىراي ئىپادىسىنىڭ قەلب دۇنياسىنىڭ
تەسۋىرى ئىكەنلىكىدەك چۈشەنچىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە كىشىلەر-
نىڭ ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىرى ھامان بىر-بىرى بىلەن بولغان
ياخشى مۇئامىلىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ياخشى مۇئامىلىنىڭ
رويابقا چىقىشىدا كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە بېرىدىغان ئىپادىۋى
تەسىرى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇنداق تاشقى
ئىپادىلەر ئىچىدە ئوچۇق-يورۇقلۇق، ئىللىق چىراي بولۇش
مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئوچۇق-يورۇقلۇق ۋە خۇش پېئىللىق
گەرچە تاشقى ئىپادە بولۇش بىلەن كىشىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىدىن
بېشارەت بېرەلمىسىمۇ، ئەمما كەم دېگەندە ئۇنىڭ كۆپ ئالاقىلەر-
نىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا پايدىلىق بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭ
تەكرارلىنىۋېرىپ ئادەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ شەخسنىڭ ئىچكى
پەزىلىتىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى — رېئال ئەمەلىيەتتۇر.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوچۇق ۋە خۇش چىراي بولۇش مەردلىك، شەخسى-
يەتسىزلىك، كەڭ قورساقلىق، مېھرىبانلىق ... قا ئوخشاش ئەخ-
لاقلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى
بىلەن يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەخلاقتىكى يۇقىرىقى پەزىلەتلەرنى يۈك-
سەلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ شوخ، خۇش چاقچاق، مېھماندوست،
ھەممە مەسىلىگە ئۈمىدۋار پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىدىغان خاراك-
تېرى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ شەخسىي پەزىلىتىنىڭ
تاشقى نەتىجىسىدۇر، شۇنداقلا شەخسىي پەزىلىتىنى يۈكسەلدۈرىدى-
غان، ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئامىلدۇر.

## 3. ئۆزىنى تۇتۇش ئۇسۇلى

ئۆزىنى تۇتۇش — شەخسنىڭ ئۆز نەپس-ھەۋىسىنى چەك-
لەپ، تۈرلۈك يامانلىقلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، پاك بولۇشقا يۈزلى-
نىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئېڭىدا كىشى دىنىي
ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ياكى ھاياتىي دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى-
دەك ئىشەنچ تۈپەيلىدىن ھەربىر ئىشتا، ھەربىر مۇناسىۋەتتە

ئۆز - ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇشى ، تۇتۇۋېلىشى لازىم ، دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك ، ئاز يېيىش ، ئاز ئۇخلاش ، ئاز سۆزلەش ، يامانلىقتىن نېرى بولۇشتۇر . ئۇيغۇر ئەخلاقشۇناسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاز يېيىش ، ئاز ئۇخلاش ، ئاز سۆزلەش ، جىنسىي ھەۋەسكە ۋە ئويۇن - تاماشىغا بېرىلمەسلىك ، ھەربىر ئىشتا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىشنى تەكىتلىگەن . ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ يۇقىرىقى قىلىقلار كىشىنىڭ روھىنى بۇزىدىغان ، ئەقلىنى ، پەزىلىتىنى بولغايدىغان ناچار ئادەتلەر دەپ چۈشەندۈرۈلگەن .

ئەلۋەتتە ، ئۇيغۇرلاردا شەخسلەرنىڭ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشتىكى ئۆزىنى تۇتۇش - چەكلەش ئۇسۇلىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ . ئۇ يەنە ھاراق ، تاماكا قاتارلىق كەيپ قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا بېرىلمەسلىك ، نوقۇل كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھەممىلا ئىشنى قىلىۋەرمەسلىك ، جەمئىيەتنىڭ ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى شەخسىي باشباشتاقلىقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش ، ھەممە ئىشتا ئوتتۇراھال بولۇشنى كۆزلەپ ، توغرا سۆزلۈك ، توغرا قىلىقلىق بولۇش ... قا ئوخشاش نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭدا يەنە شەخسنىڭ خاراكتېر - مىجەزىدىكى قوپاللىق ، توڭلۇق ، ئالدىراڭغۇلۇق ، ئاچچىقچانلىق ، تايىنسىزلىق ... قا ئوخشاش ئىللەتلەرنى يېڭىشتەك مەزمۇنلارمۇ بار .

ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا ، ئەگەر كىشى ھەربىر ئىشتا ئۆزىنى تۇتماستىن ، خەلق تىلىدا ئېيتىلغاندەك «شەيتاننىڭ پەيلى» بويىچە ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنداقتا ئۆز ۋۇجۇدىدا ساقلانغان نۇرغۇن ناتوغرا ھەۋەس ، پەس ئارزۇ ۋە ھەر تۈرلۈك يامان نىيەتلەردىن خالىي بولالمايدۇ ، «شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشى» غا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ، ئاخىرىدا ئەخلاقسىز ، بىلىمسىز ئادەمگە ئايلىنىپ ، جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپ پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ . شۇڭا ، كىشى جەمئىيەتكە مەنپەئەتلىك شەخسكە ئايلانماقچى بولىدىكەن ، ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە





بولماقنى ئىستەيدىكەن ، دىنىي قاراش بويىچە ئىككى دۇنيادا بەختكە ئېرىشىشنى كۆزلەيدىكەن ، ئۇنداقتا مىجەزى ۋە ھەرىكەت - قىلىقىدا ئۆزىنى تۇتۇشى ، ئۆزىنى تىزگىنلىشى زۆرۈر .

### 4 . نەپس بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە زاھىتلىق ئۇسۇلى

ئۇيغۇرلار دىنىي ۋە ئەنئەنىۋى ئىشەنچىسى بويىچە نەپس - ھەۋەسنى ئىنسان تەبىئىتىدىكى رەزىل تەرەپنىڭ ئىپادىسى ھەم بارچە يامانلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ . ئىنسان تەبىئىتىدە ياخشى تەرەپمۇ بار ، يامان تەرەپمۇ بار . ناۋادا رەزىل تەرەپ رېئاللىققا ئايلىنىدىكەن ، ئۇ جىنايەت ، گۇناھ ۋە يامانلىق بولۇپ نەتىجىلىنىدۇ . ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇشۇنداق رەزىل تەرەپنى يېڭىپ ، پەزىلەتنى كامالەت تاپقۇزۇشنىڭ يولى خۇددى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش ، ئۇيغۇرلاردىمۇ نەپس - ھەۋەسنى يېڭىش ۋە زاھىتلىقتىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن .

نەپس - ھەۋەسنى يېڭىش ئۇسۇلى بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ شەخسنىڭ ئۆز نەپس - ھەۋىسى بىلەن كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ . ئىسلام دىنىدا مۇسۇلماننىڭ ئۆز نەپس - خاھىشى بىلەن كۈرەش قىلىشى تەلەپ قىلىنغان بولۇپ ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ بىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە چوڭ جىھاد قىلىشى كېرەكلىكى ، كىچىك جىھاد — دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىشنى ، چوڭ جىھاد — كىشىنىڭ ئۆز نەپس - ھەۋىسى بىلەن كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېيتىلغان . ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمۇ شەخسىي ھاۋايى - ھەۋەس ئىكەنلىكىدەك قاراش ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ ، دىنىي چۈشەنچىلەردە شەيتان ئادەم تېنىدىكى تېرە بىلەن ئەت (گۆش ) ئارىسىغا ئورۇنلىشىپ ، كىشىنى ھەرخىل ۋەسۋەسىگە سالىدۇ ، شەھۋەت ۋە نەپسانىيەت تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ . ئېچكىرىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق ، «شەيتان» ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى رەزىل تەرەپلەرنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىدۇر ، خالاس . شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار

روزا تۇتۇش، ئۆزىنى (جۈملىدىن كۆزىنى، تىلىنى، پۇتىنى،
جىنسىي ئەزاسىنى) ھارام دەپ قارالغان ئىشلاردىن ھەر ۋاقىت
چەكلەپ تۇرۇش ئارقىلىق، ئىچكى پەزىلىتىنى ساقلاش، يۈكسەل-
دۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

تەركىدۇنيالىق ياكى زاھىتلىق — ئەسىرلەردىن بېرى ئىخ-
لاسمەن بۇددىستلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتنى كامالىغا يەتكۈ-
زۈپ قىلىش مەقسىتىدە قوللانغان ئۇسۇلى بولۇشتىن سىرت، يەنە
ئىنسانىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش، قەلبىنى يامانلىقتىن خالىي قى-
لىپ ياخشىلىققا يۈزلەندۈرۈشتەك ئەخلاقىي مەقسەت ئۈچۈنمۇ قول-
لانغان ئۇسۇلدۇر. بۇددىزم دەۋرىدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار راھىب
ياكى راھىبە (Sramanera ياكى Sramanerika) گە ئايلىنىپ،
بۇتخانىلاردا، مىڭ ئۆيلەردە ۋە ساڭراملاردا خاس ئىبادەت بىلەن
شۇغۇللىنىپ ئىلاھىي ۋە ئەخلاقىي مەنزىلگە يېتىشنى كۆزلىگەن
بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ بىر قىسىم مۇسۇلمانلار دەرۋىش-
لىك، سوپىلىق، زاھىتلىق يولىنى تۇتۇپ، خانىقالاردا، مازارلاردا
ۋە باشقا خىلۋەت جايلاردا ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئادەم-
لەرنىڭ يۇقىرىقىدەك زاھىتلىق يولىنى تۇتۇشتىكى مەقسىتى ھايا-
تىي دۇنيانىڭ تۈرلۈك يامانلىقلىرىغا شېرىك بولۇپ قالماسلىق،
يۈكسەك ئەخلاقىي ۋە ئىلاھىي مەنزىلگە يېتىپ خاتىرجەملىكنى
قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، ئۇ ماھىيەتتە پەزىلەت كامالىتىگە يېتىش-
نىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى تەرزىدە قوبۇل قىلىنغان. ئادەتتىكى
مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئۆمرىدە بىرقانچە قېتىم مەسچىت
ياكى خانىقاغا بېرىپ، شۇ يەردە قىرىق كۈن ياكى بىر ئاي سىرتقا
چىقماي ئىبادەت قىلىدىغان ئەھۋاللار ھازىرمۇ ئاندا - ساندا ئۇچ-
راپ تۇرىدۇ. گەرچە زاھىتلىق ئارقىلىق ئەخلاقىي مەنزىلگە يې-
تىشنى كۆزلەش، خۇسۇسىي پەزىلەتنى كۈچلەندۈرۈش ۋە كامالەتكە
يەتكۈزۈش جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى
ئەخلاق ھەرىكىتى ئۈچۈن بەك ئىجابىي تەسىر بېرىدىغان ئىش
بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئالدى بىلەن ئەمەلىي مەۋجۇت ئەھۋالدۇر،





ئۇنىڭدىن قالسا مۇشۇنداق قىلىش شەخسنىڭ ئۆز پەزىلىتىنى يې-
تىلدۈرۈشىدە ھەقىقەتەن مەلۇم ئۇنۇم پەيدا قىلىدىغانلىقى سەۋەبى-
دىن، كىشىلەر قوللىنىپ كەلگەن ئۇسۇلدۇر.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش ۋە پەزىلەت
يېتىلدۈرۈش جەھەتلەردە قوللىنىدىغان ئۇسۇلى يۇقىرىقىلار بىلەن
چەكلەنمەيدۇ. ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا، ئەخلاق تەربى-
يىسىمۇ شەخسنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشىدىكى مۇھىم تاشقى
ۋاستە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كونكرېت تەربىيە ئۇسۇللىرى بىلەن
پەزىلەت يېتىلدۈرۈشتىكى ئىچكى ئامىل سۈپىتىدىكى ئۇسۇللار
بىرلىشىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزئارا
ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشنىڭ، بەخت - سائادەتكە ئېرى-
شىشنىڭ مۇھىم كاپالىتىگە ئايلانغان.

**ئىزاھلار:**

① مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1 - توم،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي نەشرى،
ئۇيغۇرچە، 72 -، 574 - بەتلەر.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەش-
رىياتى، 1984 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

③ مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار ۋە يۇنۇس يولداشلار تۈزگەن،
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990~2000 - يىللارغىچە
نەشر قىلىنغان تۆت قىسىملىق «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
ئويۇنلىرى» ناملىق كىتابقا جەمئىي 194 خىل بالىلار ئويۇنى
كىرگۈزۈلگەن. باشقا ئەسىرلەردىمۇ بىر قانچىدىن بالىلار ئو-
يۇنى بار.

④ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنى-
سى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى،
ئۇيغۇرچە، 367 - بەت.

⑤ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئەلەق، 1~5 - ئايەتلەر.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1-، 2-، 3- توملار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980- يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە،

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984- يىلى 5- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە (نەزمىي نۇسخىسى)؛ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991- يىلى 11- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە (نەسرىي يەشمىسى).

3. ئەلىشىر نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989- يىلى 9- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

4. مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خاراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985- يىلى 10- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

5. ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋان ھېكمەت»، قازان مىخ مەتبە باسمىسى؛ «بۇلاق» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى.

6. ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980- يىلى 11- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

7. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «زۇبدەتۇل مەسائىل ۋە ئەدەبۇسسالىھىين»، تاش مەتبە نۇسخىسى، چاغاتايچە؛ جاپپار ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان: «ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەبى» («ئەدەبۇسسالىھىين»)، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992- يىللىق 1-، 2-، 3- سانلىرىغا بېسىلغان، ئۇيغۇرچە.

8. تۇرغۇن يىلتىز، ئەزىز سارتېكىنلەر تۈزگەن: «نەۋائى



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

دۇردانىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999- يىلى 9- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

9. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۇسۇپلەر تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983- يىلى 9- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

10. ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى: «ماقالات»، ئابدۇرىشىت ئىسلامى نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 12- سانىغا بېسىلغان، ئۇيغۇرچە.

11. ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى: «مىفتاھۇل ئەدەب» («ئەدەپ ئاچقۇچى»)، ئابدۇلئەھەد ئەمەر قۇتلۇق نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى 2- ئاي نەشرى، ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما نۇسخىسى.

12. ئابلىز ئەمەت تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001- يىلى 2- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

13. مەمتىلى سايىت توپلىغان: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

14. مەمتىمىن يۈسۈپ، ئابلىمىت ئەھەد، بارىجان زەپەرلەر نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999- يىلى 10- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

15. «تارىخىي مىراس — ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە بايان»، 1-، 2-، 3-، 4- قىسىملىرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە.

16. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004- يىلى 3- ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

17. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

18. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

19. ئىسمايىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

20. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

21. شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى 1 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

22. فرېدرىخ پاۋلسېن (گېرمانىيە): «ئېتىكا سىستېمىسى»، خې خۇەيخوڭ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

23. خې خۇەيخوڭ: «ئېتىكا دېگەن نىمە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

24. ۋاڭ خەيمىڭ: «ئېتىكا پرىنسىپلىرى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

25. لۇ فېڭ: «ئەمەلىي قوللىنىلىشچان ئېتىكا»، مەركەز تەرجىمە - تەھرىر نەشرىياتى، 2004 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

26. شيوڭ كۇنشىن: «مىللەتلەر ئېتىكىسى»، مەركىزىي





مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

27. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن: «ماۋ زېدوڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، ئۆگىنىش نەشرىياتى، 2001 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

28. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن: «‹پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى› نى ئۆگىنىش قوللانمىسى»، ئۆگىنىش نەشرىياتى، 2001 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

29. «قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

30. مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «لۇئلۇئۇل مارجان» («ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە - مارجانلار»)، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى باستۇرغان نۇسخا، 1982 - يىلى، خەنزۇچە؛ شۇ كىتاب، ئابدۇللاھجان ئابدۇلكەرىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

31. شەيخ ۋەلىيۇددىن مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ تەبرىزى: «مىشكاتۇل مەسابىيھ» («چىراغپاي»، ھەدىسلەر توپلىمى)، ھىندىستان دېھلى رەشىدىيە كۇتۇپخانىسىدا بېسىلغان تاش مەتبە نۇسخىسى، ئەرەبچە.

32. يۈسۈپجان ياسىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2005 - يىللىق 5 - سان.

33. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «بۇلاق» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەخلاق تېمىسىدىكى قىسمەن ماقالىلەر.

# ئاخىرقى سۆز

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىچىدىكى قىممىتى زور، مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بىر ساھە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق بىر مۇرەككەپ ئىلمىي ساھە ئۈستىدە ئىزدەنگەندە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات مۇساپىسى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپ ۋە كاتېگورىيىلەر، ئۇيغۇر جامائەت ئەخلاقى، كەسپىي ئەخلاقى ۋە نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى ۋە پەزىلەت يېتىلدۈرۈش يوللىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇلاھىزىمىزنى قانات يايدۇرغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئالدى بىلەن يۇقىرىقى ساھەلەر ئەخلاق ھادىسىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەردىكى تۈپ مەسىلىلەردۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلگىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۈستىدە ئومۇمىي خاراكتېرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى دىگۈدەك مەيدانغا كەلمىگەن، شۇڭا ئالدى بىلەن يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشنى لايىق تاپتۇق. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش بۇنىڭلىق بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. مەزكۇر ساھەدە يەنە كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش زۆرۈر:

بىرىنچى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ھەققىدە ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى پارچە ـ پۇرات شەكىلدە بولدى. خۇددى كىرىش سۆز قىسمىدا ئەسلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر ياكى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات نەتىجىلىرىدە ئاندا ـ ساندا ئەكس ئەتتى، ياكى ماقالە شەكىلدە روياپقا چىقتى. ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە تەتقىقاتلار كۈنسايىن چوڭقۇرلى-



شىۋاتقان ۋە مۇكەممەل نەتىجىلەر بارغانسېرى كۆپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ھەققىدىكى يۈزەكى نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىش توغرا ئەمەس. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ غوللۇق مەزمۇنى، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ تۈپ مىزانى بولغان ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بەكمۇ ئەرزىيدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ساھىبى مەزكۇر ساھەدە ئىزدىنىشى، ھەربىر دىداكتىك ئەسەرنى ئېتىكا ئىلمى نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشى زۆرۈر.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئەخلاق ئىدىيىلىرىنى تولۇق قېزىپ چىقىپ، رەتلەش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش زۆرۈر. ئۇيغۇر ئەخلاق ئىدىيىلىرى قەدىمكى ھەممە يازما ۋەسىقىلەردە، خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدە، خەلق ئارىسىدىكى ئەقىدە ـ ئىشەنچ، ئۆرپ ـ ئادەت، يوسۇنلاردا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاشۇ ئەخلاق ئىدىيىلىرىنى ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى، ئەخلاق مىزانلىرى بويىچە رەتلەپ چىقىش كېيىنكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى تەتقىقاتى ئۈچۈن زۆرۈر ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى خۇددى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىغا ئوخشاش ھازىرقى دەۋردىكى زامانىۋى يۈزلىنىشنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ جەۋھەر قىسمىنىڭ كېيىنكى ئۇزاق بىر دەۋر ئىچىدە يەنىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۈپ ھايات مىزانى بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەزكۇر ساھەدە تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ساھىبلىرى تېخىمۇ ئىلمىي نۇقتىدىن ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشلىرى زۆرۈر.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى تەتقىقات نەتىجىسى ياكى ئەسلىي ھالىتى بويىچە خەنزۇ تىلى قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە يول ئېچىش زۆرۈر. بۇنداق قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە

ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئوبرازىنى يۇكسەلدۈرۈشكە پايدىلىقتۇر.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى خۇسۇسىدا ئىشلەشنى كۈتۈپ تۇرغان خىزمەتلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ ساھەدە كۆپ نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ تەتقىقات زېمىنى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق مەسىلىسى ھەققىدە بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مۇپەسسەل نەتىجىلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان يۇقىرىقى ئىزدىنىشلىرىمىز بەزى مۇھىم كلاسسىك دىداكتىك ئەسەرلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىكىمىز، تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بەك ئاز بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىدى. ئەمما ئۇ مۇشۇ يولدا بېسىلغان تۇنجى قەدەم بولۇش بىلەن ئۆزىگە خاس ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەسپداشلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

2005 - يىلى 27 - دېكابىر



مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت مۆمىن تارىمى
مەسئۇل كوررېكتورى : ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مۇراددىل ئابىت

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى

ئاپتورى : ئەنۋەر سەمەد قورغان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى : 10.125 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى : 1—4000
ISBN 7—228—09926—5
باھاسى : 19.00 يۈەن